UYI

www.uysi.org

# 2

# 2021

ISSN: 2757- 9220

# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

پەسىللىك سىياسىي - ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال
2021 - يىللىق (ئاپرېل، ماي، ئىيۇن) 2 - سان / ئومۇمىي 2 - سان




شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە خەلقئارانىڭ ئىنكاسى
دوكتور ئەركىن ئەكرەم

خىتاينىڭ «شىنجاڭنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» تەدبىرلىرى مۇساپىسى: سەۋەب - ئامىل - مەقسەت
دوكتور نەبىجان تۇرسۇن

ئۆزلەمەس ئاسسىمىلياتسىيە: خىتاي مەدەنىيىتى ئۆز ھاكىمىيەت دائىرىسىدىكى باشقا مىللەتلەرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرەمدۇ؟
مەۋلان تەڭرىقۇت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى
دوكتور دىلشات بارىشچى

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىدىكى تىل ئويۇنلىرىغا قىسقىچە نەزەر
تاجىگۈل سەمەت

رافائېل لەمكىن: مەدەنىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمى
ئا.دېرك موزېس

سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە دائىر ئاساسىي ئۇقۇملار
ئاندېرىۋ ھېيۋۇد

كىتاب تونۇشتۇرۇش

خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

**خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان**
ULUSLARARARASI VAZİYET VE DOĞU TÜRKİSTAN

(پەسىللىك سىياسىي، ئىقتىسادىي،
ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال)

2021 - يىللىق 2 - سان (ئاپرېل، ماي، ئىيۇن)
(ئومۇمىي 2 - سان)

قانۇنىي ۋەكىلى: دوكتور ئەركىن ئەكرەم

باش تەھرىر: مەۋلان تەڭرىقۇت

ئەسەر باھالاش ھەيئىتى:
ئەركىن ئەكرەم
ئابدۇرېھىم دۆلەت
رۇقىيە تۇردۇش
نىجات تۇرغۇن
ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
يالقۇن ئۇلۇغيول

كوررېكتورلار:
پاسىبان
ئابدۇرېھىم دۆلەت

لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھۇن

ISSN: 2757- 9220

ژۇرنال ئادرېسى:
Kızılay, İzmir-1 Cd. No: 33 D: 27,
06420 Çankaya/Ankara

# مۇندەرىجە

ژۇرنالغا كىرىش ........................ 02

◄ **دوكتور ئەركىن ئەكرەم**
شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە خەلقئارا-
نىڭ ئىنكاسى ........................ 05

◄ **دوكتور نەبىجان تۇرسۇن**
خىتاينىڭ «شىنجاڭنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش»
تەدبىرلىرى مۇساپىسى: سەۋەب ـ ئامىل ـ مەقسەت 30

◄ **مەۋلان تەڭرىقۇت**
ئۆزلۈكسىز ئاسسىملياتسىيە: خىتاي مەدەنىيىتى ئۈز
ھاكىمىيەت دائىرىسىدىكى باشقا مىللەتلەرگە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرەمدۇ؟........................ 52

◄ **دوكتور دىلشات بارىشچى**
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ........................ 72

◄ **تاجىگۈل سەمەت**
خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىدىكى تىل
ئۇيۇنلىرىغا قىسقىچە نەزەر ........................ 92

◄ **ئا.دېرك موزېس**
رافائېل لەمكىن: مەدەنىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق
ئۇقۇمى ........................ 102

◄ **ئاندېرېۋ ھېيۋۇد**
سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە دائىر ئاساسىي
ئۇقۇملار ........................ 124

## كىتاب تونۇشتۇرۇش

**20 - ئەسىرنىڭ خەلقئارا تارىخى** ........ **مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا** 143
**يۈكسەك ئەخلاق** ........................ **مۆكەررەم مۇتەللىپ** 147
**ئۇيغۇرلار** ........................ **سەنئەت** 152
**جۇغراپىيە مەھكۇملىرى** ........................ **مەۋلان تەڭرىقۇت** 157

# يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، پەن - تېخنىكا ۋە مىللەتلەرنىڭ گۇمران بولۇشى

ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا



**در.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

رىم ئىمپېراتورى ماركۇس ئارېلىيۇس ئانتونىنۇس (Marcus Aurelius Antoninus ،180 - 121) دەۋرىدە رىمدا 165 - يىلدىن 180 يىلغىچە 15 يىل داۋاملاشقان يۇقۇملۇق كېسەللىك يۈز بەرگەنىدى. رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تىجارىتىگە زىيان كەلتۈرگەن بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك يەنە دۆلەتنىڭ ئاجىزلىششىغىمۇ سەۋەب بولغانىدى. رىم ئىمپېرىيەسىدە 249 - يىلدىن 262 - يىلغىچە داۋاملاشقان يۇقۇملۇق كېسەللىكمۇ زور كىرىزىس پەيدا قىلغانىدى. 541 - 542 يىللىرىدا شەرقىي رىمدا مەيدانغا كەلگەن يۇقۇملۇق كېسەللىك شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىش مەقستىگە يېتىشىگە توسالغۇ بولغانىدى.

1532 - يىلى ئىسپانىيەلىك ئىشغالىيەتچى قوماندان فىرانسىسكو پىزاررو (1478 - 1541، Francisco Pizarro) 168 (62 ئاتلىق، 106 پىيادە ئەسكەر) نەپەر ياللانما ئەسكەر بىلەن ئاتاھۇالپانىڭ 80000 كىشىلىك قوشۇنىنى تالاپەتكە ئۇچراتتى. جەڭنىڭ ئاخىرىدا تەخمىنەن 7000 ئىنكا لەشكىرى جېنىدىن جۇدا بولدى، ئىمپېراتورئاتاھۇئالپا بولسا ئەسىرگە چۈشتى. ئىنكالىقلار ياۋروپالىقلارنىڭ مىلتىقلىرىغا، مىكروپلىرىغا ۋە پولات - تۆمۈرلىرىگە تەڭ كېلەلمىگەنىدى. ئاقىۋەت ئىنكالىقلار ۋە ئىنكا مەدەنىيىتىمۇ يوق بولدى. ئىنكالىقلار ۋە ئىنكا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە كۆمۈلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ ئىنكالىقلار جايلاشقان قىتئەگە ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ كەلگەن يۇقۇملۇق كېسەللىك ئىكەنلىكى تارىخ مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. جارېد دايموند تەرىپىدىن 1997 - يىلى يېزىلغان «مىلتىق، مىكروب ۋە پولات - تۆمۈر: ئىنسان توپلۇقلىرىنىڭ تەقدىر پېشانىسى» ناملىق كىتابتا كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بۇ مەسىلە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسپانىيە ئامېرىكا قىتئەسىنى ئىشغال قىلغان

مەز-گىللەردە ئۇرۇش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبىدىن يەرلىك خەلقنىڭ % 90ى قىرىلىپ تۈگىگەنىدى.

گەرچە ياۋروپالىقلار مىكروب ۋە ۋىرۇسلارنى باشقا قىتئەلەرگە ئېلىپ بېرىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆز قىتئەلىرىدىمۇ ئېغىر ئاپەت ۋە پالاكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 431 - 429 يىللىرىدا «ئافېنا بۇيۈك ۋاباسى» نامى بېرىلگەن يۇقۇملۇق كېسەللىك ئافېنا خەلقىنىڭ ئۈچتە بىرىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان. بۇ پاجىئە مەشھۇر پېلوپوننېسىيان جېڭىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن. ياۋروپادا زور پالاكەت پەيدا قىلغان «قارا ئۆلۈم» (Black Death ،1353 - 1346) ۋاباسى 75 مىليوندىن 200 مىليونغىچە ئىنساننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. بۇ رەقەم ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا نوپۇسىنىڭ 30% - 60% گە توغرا كېلەتتى. تارىخچىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارىخنىڭ يۆنىلىشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ ئەدەبىيات - سەنئەت قايتىدىن ئويغىنىش ھەرىكىتىگە زېمىن تەييارلاپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەر دەۋرىدە چېچەك كېسەللىكى، قارا ئۆلۈم، فرېنگى، خولېرا، زۇ-كامغا ئوخشاش مىكروب ۋە ۋىرۇسلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىنسانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قىرىلىپ كېتىشىگە، نۇرغۇن ئۇرۇشنىڭ يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، خىرىستىيان دىنىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، شۇنداقلا زەربىگە ئۇچرىشىغا، ئىقتىسادىي، سودا ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئېغىر زىيانلارنىڭ كۆرۈلۈشىگە سەۋەب بولغاندىن سىرت، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپى ۋە دۇنيانىڭ سىياسىي مۇۋازىنىتىنى ئۆزگەرتكەن. لېكىن بۇنداق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ بىر جەمئىيەتنى تەلتۆكۈس يوق قىلىۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس.

بۇنىڭ بىر مىسالى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەنىدى. 1757 - يىلى 70 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قالماق خاندانلىقى (1635 - 1757)غا قارشى جەڭ قىلغان مانجۇ ئىمپېرىيەسى ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە قىلىدۇ. ۋېي يۈەن (1794 - 1857)نىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، 1755 - 1757 يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە قالماقلارنىڭ ئوندا ئۈچى جەڭدە ئۆلگەن بولسا، ئوندا ئىككىسى رۇسىيەنىڭ كونتروللۇقىدىكى قازاقلاردىن پاناھ تىلىگەن، ئوندا تۆتى يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبىدىن جېنىدىن ئايرىلغان. قالغان قالماقلار بولسا موڭغۇللارغا قوشۇلۇپ كەتكەن، ئاقىۋەت جۇڭغارىيەدە بىرمۇ قالماق قالمىغان. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغانلار مەنبەلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇرۇش ۋەكېسەللىك بىر مىللەتنى يوق قىلىۋەتكەنىدى. مانجۇ ئىمپېرىيەسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن 1759 - يىلى رايوندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىمۇ باستۇرۇش ئارقىلىق رايوننى تامامەن ئىشغال قىلىۋالغانىدى. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتكۈل زېمىنى مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكە ئىشلىرى مەھكىمىسى (The Court of Colonial Affairs)گە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىدى.

قىرىم ئۇرۇشىدا (1853 - 1856) تەخمىنەن 500 مىڭ لەشكەر ئۆلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ % 90ى ئۇرۇشتا ئەمەس خولېرا،سېرىق قىزىتما ۋە ئۈچەي قىزىتمىسى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان بىرىتانىيە قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشتا 5000 ئەسكىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، يۇقۇملۇق كېسەللىكتە 16000 ئەسكىرى ئۆلۈپ كەتكەن. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا (1914 - 1919) 8 - 9 مىليون ئەسكەر ئۆلگەن بولسا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ سانىنىڭ 50 - 100 مىليون ئارىلىقىدا بولغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. 500 مىليون ئىنسان (دۇنيا

نوپۇسىنىڭ تۆتتە بىرى) يۇقۇملانغان ئىنفۇلانزا ۋىرۇس تۈرلىرىدىن بولغان ئىسپانىيە ۋىرۇسىنىڭ (1918 - 1920) 20مىليوندىن 50 مىليونغىچە ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر سىياسىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتكەندىن سىرت بەزى دۆلەتلەرنى گۇمران قىلىپ بەزى دۆلەتلەرنى ئاپىرىدە قىلدى، ھەتتا بەزى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىكلىرىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە تەقدىرىنىمۇ ئۆزگەرتتى.

ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ ۋەھىمە ۋە ئەندىشىگە سالىدىغان ئىش بولسا بەزى ئىنسانلارنىڭ بۇ مىكروب ۋە ۋىرۇسلارنى قوراللارغا ئايلاندۇرۇپ يەنە ئىنسانلارنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىشىدۇر. بىرىنچى ۋە ئىكىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا بەزى دۆلەتلەرنى دەل بۇنى سادىر قىلغانىدى. 2005 - يىلى خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرى چى خاۋتىيەن بىئولوگىيەلىك ئۇرۇش ھەققىدە ئالاھىدە توختالغانىدى. خىتاي ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىدىن شۇ دېجۈڭ بىلەن لى فېڭ تەرىپىدىن 2015 - يىلى ئېلان قىلىنغان بىر كىتابتا ۋىرۇسلۇق گېن قوراللىرى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. فرانسىس فۇكۇياما ئاخىرقى كىتابى «بىزنىڭ كېيىنكى كەلگۈسىمىز: بىئوتېخنولوگىيە ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى» (Our Posthuman Future: Consequences of the Biotechnology Revolution) دە بىئوتېخنولوگىيە ئىنقىلا-بىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پالاكەتلىرى ھەققىدە ئالا-ھىدە توختىلىدۇ. ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى قوماندانلىقىنىڭ سابىق ئوفېتسىرلىرىدىن مىچېل ج. ئېينسكوگ (Michael J. Ainscough) بىر ماقالىسىدە ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بىئولوگىيەلىك ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇ-رىغا قويىدۇ.

خىتاينىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە پەيدا بولغان كورونا - خىتاي ۋىرۇسىمۇ تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە سودا ساھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئىسرائىلىيە تارىخچىسى يۇۋال ھەرىرى بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى يازىدۇ. شاررى ماركسوننىڭ مۇشۇ يىلى سېنتەبىردە نەشىر قىلىنىدىغان كىتابىدا ۋۇخەن ۋىرۇسىنىڭ غەيرى نىيەتلىك ئىشلىتىپ كېلىنگەنلىكىگە دائىر قاراشلارغا ئورۇن ئاجرىتىلغان بولۇپ، بۇ قاراشلار زور غۇلغۇلا پەيدا قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

خىتايدىن تارقالغان ۋىرۇس يەر شارىلىشىش نەتىجىسىدە تېز سۈرەتتە پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ غايەت زور ئىقتىسادى ۋەيرانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەيران قىلىش كۈچى ۋە رەقىب كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلىش جەھەتتىكى تەسىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ۋىرۇسنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋىرۇسلاردەك ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە دەپ قاراش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى پەن تېخنىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ۋە رەقىب كۈچلەر ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ خىل ساھەگە يېيىلغان بولۇشى ۋىرۇسنىڭ رولىنى كىچىكلىتىۋېتىدۇ . ئامېرىكانىڭ ھەربىي ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋىرۇسنىڭ تەسىرى بىلەن ئاجىزلاپ قالغىنى يوق. بۇنىڭدىن باشقا 1500 - يىللاردا ئازتېك ۋە ئىنكالارنىڭ ۋىرۇس سەۋەبىدىن تۈركۈم تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى دورا شىركەتلەرنىڭ ۋىرۇسقا قارىتا ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىپ ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشى بىزگە ۋىرۇس ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ھالاكىتى ھەققىدە پەرقلىق ئانالىز رامكىسى تەمىن ئېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، خىتاينىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى چەكلىمەكچى بولغان ئامېرىكانىڭ تەرەققىياتى مانا بۇ ۋىرۇس سەۋەبلىك بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلىنىپ قالدى. شۇڭا ۋىرۇستىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن... ۋىرۇس، ئىلىم-پەن ۋە ئۇلۇسلارنىڭ تەقدىرى رامكىسىدا، يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن پەن - تېخنىكىنىڭ، لىبېرال دۇنيا بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ رىقابىتىنى يەنىمۇ كۆزىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.



# شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە خەلقئارانىڭ ئىنكاسلىرى



**د.ر.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

هاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات
فاكۇلتېتى تارىخ بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى

E-mail: eekrem@hacettepe.edu.tr

**ئاساسىي مەزمۇنى :** خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇۋاتقان جازا لاگېرلىرى سىياسىتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە نىسبەتەن يېڭى بىر ئەھۋال ھېسابلانمايدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش(劳改) ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش (劳教) نامى ئاستىدىكى جازا لاگېرلىرىدا مىليونلارچە ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى خىتاينىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە تەربىيەلەش سىياسىتىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن بۇ جازا لاگېرلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە تەربىيلەش ئورۇنلىرىغا بەزى جەھەتلەردىن ئوخشىسىمۇ، بەزى جەھەتلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بۇ جازا لاگېرلىرى دەسلەپ يوشۇرۇن ۋە كەڭ كۆلەملىك ھالەتتە بەرپا قىلىندى، كېيىنچە جازا لاگېرلىرى سىياسىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە بېرىپ

يەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بەرپا قىلغان جازا لاگېرلىرى خەلقئاراغا ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جازا لاگېرلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە مەقسەتلىك قۇرۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا تېرروررىزمغا زەربە بېرىش دائىرىسىدە ئېلىنىۋاتقان تەدبىرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچقانداق قانۇنىي ئاساسىي بولمىغان ۋە لاگېرلار قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تۈزۈلگەن جازا لاگېرلىرىغا دائىر نىزامنامە ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن سوتسىز جازالاشنى كەڭ كۆلەملىك يولغا قويدى. لېكىن خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينىڭ بۇ سىياسىتىنى ئىنسانىيەتكە قارشى سادىر قىلىنغان جىنايەت دەپ قوبۇل قىلىپ، كۈچلۈك ئىنكاسلارنى قايتۇردى. بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ ئىسلام دىنغا بولغان كۆز قارىشى ۋە ئۇنى خىتايلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ خىتاينىڭ ئومۇمىي دۆلەت مەنپەتىگە مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلە دەپ قارىشى ۋە بېكىتىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان (تەبىئىي، باشقا سەۋەبلەرمۇ بار) شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ جازا لاگىرلىرىغا قاماش جەريانى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قارار ۋە نىزامنامىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ تراگېدىيەگە تۇتقان مۇئامىلىلىرى بايان قىلىندۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇرلار، شەرقىي تۈركىستان، جازا لاگېرلىرى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى

**Abstract**: The concentration camps established in East Turkistan are not recent phenomena for the Chinese Communist Party (CCP). Since its foundation, CCP has taken millions of lives in the camps under the name of "reformation through labor" (劳改) and "re - education through labor" (劳教). The concentration camps in East Turkistan can be considered a continuation of the above - mentioned labor camps with certain similarities, though the differences are significant. Concentration camps were initially built secretly on a large scale, targeting the East Turkistani people, especially Uyghurs, which then led to repressive policies at the degree of genocide in the later phase. Soon after the international leakage of Chinese concentration camps in East Turkistan, the Chinese government affirmed that those camps were built for educational purposes within the scope of the anti - terrorism campaign. After establishing concentration camps, the Chinese government began to punish so - called " criminals" without proper legal procedures according to newly introduced rules and laws formed after establishing camps and yet had no legal stand. Despite all the efforts of CCP to legitimize concentration camps, the international community (represented mainly by liberal democracies) considered the policies of the Chinese government as a crime against humanity and strongly condemned them in several ways. This article aims to address China's views on Islam and its attempts to Sinicize Islam, analyzes related legal decisions and documents to explore the process of large - scale internments, which is part of the securitization policies of the Chinese government. The final section evaluates international reactions towards the genocide in East Turkistan – the most dreadful tragedy of the 21st century.

**Keywords**: Uyghurs, East Turkistan, Concentration Camps, China's East Turkistan Policy, Urumqi Government.

## كىرىش سۆز

خىتاي ھۆكۈمىتى 137 يىللىق شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسىنى تېررورلۇق دەپ تەبىرلەپ كەلمەكتە. ئىشغالىيەت ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئېلىپ بېرىۋاتقان دەۋانىڭ سىياسىي ئىدېئولوگىيەسىنى پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزم بىلەن باغلىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كونتروللۇقى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ئىدېئولوگىيەنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. بۇ سىياسەتنى يولغا قويۇشتا توسالغۇ دەپ قارىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا سىستېمىلىق «تەربىيەلەش» ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش سىياسىتى يولغا قويدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مېڭىنى يۇيۇش ۋە كىملىكنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان، ھېچقانداق قانۇنىي ئاساسى يوق بۇ قىلمىشلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى.

## خىتاينىڭ رادىكالىزمنى يوقىتىش سىياسىتى

خىتايدا 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا، ئىسلام دىنىنى «خىتايلاشتۇرۇش» (伊斯兰中国化) مەسىلىسى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن مۇنازىرە قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ مۇنازىرىلەر 1990 - يىللاردىمۇ ئۇدا داۋاملاشتى ۋە ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەرنى ئىسلام دىنىغا پايدىسىز دەپ قاراپ، بۇنى ئارقىغا چېكىنىشنى كەلتۈرۈش چىقىرىش بىلەن تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ مەسىلىگە ئاكتىپ قارىدى. 2014 - يىلدىن ئېتىبارەن، شەرقىي تۈر-كىستاندا ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش دېگەندە، ئىسلامنىڭ دۇنياۋى ۋە ئۇنىۋېرساللىق ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بەلگىلەپ بەرگەن ئېتىقادقا ئۆزگەرتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلامنى كۈچلۈك ئىدىيەسى بىلەن ئىزاھلاش ۋە تەبىرلەش ئارقىلىق خىتايلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي ئىسلام ھەرىكىتى ۋە دىندارلار قاتلىمىغا قارىتا «رادىكال دىنچىلىق»تىن يىراقلاشتۇرۇش (去极端化) سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنغا قارشى چىقىشى ۋە ئىسلامىيەتنى خىتاي ئىدېئولوگىيەسىگە چېتىپ ئۇنىڭ ئىچىدە ئېرىتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى (36 - ماددا) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن (11 - ماددا)غا زىت ئىدى.

2012 - يىلى 1 - ئايدا، «رادىكال دىندارلىقنى يوقىتىش» سۆزى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) كومپارتىيەسىنىڭ سېكرېتارى جاڭ چۈنشيەن بىلەن خوتەننىڭ گۇما ناھىيەلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىندى. شەرقىي تۈركىستاندىكى «دىنىي رادىكاللىققا قارشى تۇرۇش» ھازىر بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم سىياسىتىگە ئايلاندى. «رادىكال دىنچىلىق»قا تېررورلۇق دەپ ئېنىقلىما بەرگەن خىتاي، بۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان سىياسىتىنى «خەلق ئۇرۇشى» (反恐人民战争) دەپ تەسۋىرلىدى. خىتاينىڭ قارىشىچە، رادىكال دىنىي كۈچلەر ئىدىيە، قانۇن ۋە قائىدە، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق ساھەلەردە دىندارلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئىدىيە سىڭدۈرۈش، قۇتراتقۇلۇق قىلىش ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا


机密★20年

中共中央办公厅文件

中办发〔2018〕24号

中共中央办公厅　国务院办公厅
印发《关于加强和改进新形势下
伊斯兰教工作的意见》的通知

各省、自治区、直辖市党委和人民政府，中央和国家机关各部委，解放军各大单位、中央军委机关各部门，各人民团体：

《关于加强和改进新形势下伊斯兰教工作的意见》已经中央领导同志同意，现印发给你们，请结合实际认真贯彻落实。

中共中央办公厅
国务院办公厅
2018年4月19日

（此件发至县团级）

— 1 —

قىلىشتەك ھەرىكەتلەرنى كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىپ، دىنىي ئۇيۇشۇش ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكنى ئىزچىل بۇزۇپ كەلگەن. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىمۇ دىندارلارغا قارىتىلىدىغان چەكلىمىلەرنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزى ئىشخانىسى 2018 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدە چىقىرىلغان ۋە 20 يىل مەخپىي ساقلىنىدىغان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزگە قاراشلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئەمەلدارلىرىغا ئەۋەتتى. يېڭى ۋەزىيەتكە دائىر «ئىسلام دىنىي تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» (关于加强和改进新形势下伊斯兰教工作意见) ماۋزۇلۇق بۇ ئۇقتۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سەئۇدى ئەرەبىستانلىشىش ۋە ئەرەبلىشىشتىن يىراقلاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ خىتاينىڭ بارلىق قانۇن - قائىدىلىرىگە ئارىلىشىشىغا ۋە ئىسلامىي پائالىيەتلەرگە يول قويۇلماسلىقنى ئاساسىي مەزمۇن قىلاتتى. خىتاينىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمانلار خىتايدىن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا خىتايلىشىشتىن يىراقلاشقانلىقى (去中国化) ئۈچۈن باشقا تەرەپكە قېيىپ كەتكەنىدى.

## يېڭى ۋەزىيەتكە دائىر «ئىسلام دىنىي تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار»

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا بەزى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولۇپ خىتاينىڭ نەزىرىدىكى بۇ قىيىنچىلىقلارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ساماۋى دىن بولغان ئىسلامنىڭ دۇنياۋى ۋە ئۇنىۋېرسال بولۇشى، بۇ دىننى رايونلاشتۇرۇش ياكى يەرلىكلەشتۈرۈشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرۇلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل دەپ قارىلماقتا.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق ۋە ئۈممەت چۈشەنچىسى ئېتىنىڭ، رايون ۋە دۆلەت قاتارلىق ئۇقۇملارنى قىممەتسىز قىلىدۇ. ناماز ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەردە بارلىق مۇسۇلمانلار ئوخشاش قىبلىغا، يەنى مەككىگە يۈزلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇقەددەس زېمىنىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئېتىقاد ۋە پىكىر بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

3. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغانلىقتىن، پىكىر، تىل ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە خىتاي بىلەن بولغان پەرقىنى ساقلاپ قالماقتا.


从事宗教职业的要严格审查。我驻外使领馆要积极协助做好境外学习宗教人员的教育引导工作。除正常的宗教领域交往外，其他领域对外交流合作不得包含宗教内容。防止宗教因素渗透到经济领域，不得搞伊斯兰金融，不宜成立以单一民族或以宗教冠名的企业和企业家、商会组织。

15.遏制和纠正伊斯兰教领域“去中国化”倾向。对近年来在伊斯兰教活动场所建筑、服饰、宗教礼仪、经学思想阐释、阿拉伯语使用等方面出现的“沙化”、“阿化”苗头，要坚决予以遏制并积极正确引导。规划、住建和宗教工作部门要严格监管伊斯兰教活动场所建设全过程，新建、改扩建的活动场所要突出中国风格。文物部门要加强对具有文物价值的中国传统建筑风格清真寺的保护。绝不允许把阿拉伯语作为我国少数民族语言推广使用。阿拉伯语学校不得以培养教职人员为目的，不得开设宗教课程，不得设置宗教活动场所，不得组织学生参加宗教活动，不得向国外派遣或变相派遣宗教留学生。

16.防止利用伊斯兰教干预世俗生活和国家职能实施。大力培养和提倡现代文明的生活方式。绝不允许利用宗教干预行政、司法、教育、婚姻、计划生育等，绝不允许利用宗教妨碍正常社会秩序、工作秩序、生活秩序。不得利用伊斯兰教活动场所向未成年学生传播宗教文化、教授宗教教义，要坚持教育与宗教相分离原则，伊斯兰教活动场所不允许开办幼儿园、托管班等，举办的各种学习班、培训班、兴趣班

— 10 —

4. تاشقى كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىر قوزغىماقتا. تارىختا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا رايونلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، قاتار ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا. بۇ دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار ئىسلام ئىدىيەسى ۋە مەدەنىيىتىنى رايونغا ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن رىقابەتلىشىۋاتقان بولۇپ، مەقسىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئەرەبلەشتۈرۈش ۋە تۈركلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

5. چەت ئەللەردىكى دىنى رادىكالىزمنىڭ رايوندىكى تەسىرى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. بۇ پىكىر ئېقىمى ئەمەلىيەتتە ئىسلامنىڭ رايونلىشىشى ۋە دۆلەتلىشىشىگە قارشى بولۇپ، مۇسۇلمان ئاياللارنى ھىجابلىنىشقا، ئەرلەرنى بولسا ساقال قويۇشقا چاقىرىپ، ناخشا ۋە ئۇسسۇل ماكانىدىكى مۇسۇلمانلارنى كۆڭۈل ئېچىشتىن يىراق تۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. رادىكال ئىسلامچىلار شېھىتلەرنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەرخىل خاتا قاراشلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇلار قورال كۈچى بىلەن ئاتالمىش كاپىرلارنى يوقىتىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە دۆلەت نوپۇزىغا قارشى تۇرىدۇ. (رادىكالىزم مەسىلىدە خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىكى كۈندىلىك ئىبادەت ۋە ئىسلام دىنىنىڭ نورمال ئەھكاملىرىنى رادىكالىزم دەپ قارىۋېلىش ۋە ھەددىن زىيادە خەۋپسىرەش پسىخكىسىنى روشەن ئوتتۇرىغا چىقارغان، يۇقىرىقىلار رېئاللىق ئەمەس بەلكى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تەرەققىي قىلىش يۆزلىنىشى ۋە ئېھتىماللىقتىن ئىبارەت.)

قىسقىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق دەپ قارالغانلىقتىن، ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى جىددىي مەسىلە دەپ قارىغان ۋە قارىماقتا.

2009 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، «بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى» كەلتۈرۈپ چىقارغان بىخەتەرلىك تەھدىتى ۋە خىتاي بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنمەسلىك بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئەندىشىگە سېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئېنېرگىيە ۋە تۇرۇبا بىخەتەرلىكى، 8 دۆلەت بىلەن قوشنا بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئو - سىياسىي (جۇغراپىيەلىك سىياسىي) بىخەتەرلىكىمۇ تەھدىت ئاستىدا ئىكەنلىكى چۈشەنچىسى شەكىللەندى. بۇ ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، 2009 - يىلى ئۆكتەبىردە خىتاي باش مىنىستىرلىقىنىڭ 64 تارمىقىدىكى 500 بىيۇروكرات

ۋە مۇتەخەسسىس شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستانغا دائىر مەسىلىلەر ئېنىقلاپ چىقىلىپ، بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا چارىلەر دوكلات سۈپىتىدە تەييارلاندى.

دوكلاتقا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشقا ئاساسلانغاندا، رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئارقىدا ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەن بولغاچقا، مەسىلىلەر ۋە ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكى ئۇنىڭ ئىقتىسادىيي تەرەققىياتى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ دېگەن قاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ رايونغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەشۋىق قىلىشى تۈرتكىسىدە، 19 ئۆلكە ۋە چوڭ شەھەرلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەرەققىياتىغا«ياردەم بېرىشى» (对口支援) قارار قىلىندى. بۇ ھەقتىكى يىغىن 2010 - يىلى 30 - مارت بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

يېڭىدىن تەييارلانغان دوكلات ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى (تەخمىنەن 359 ئادەم)، 2010 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە بېيجىڭغا يىغىلىپ، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرى يىغىنىنى ئاچتى.

ئوخشاش يىغىننىڭ ئىككىنچى قېتىملىقى2014 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى 2014 - يىلى 27 - ئاپرىلدىن 30 - ئاپرىلغىچە، خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىنى زىيارەت قىلغانىدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، خىتاي سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى يىغىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بىخەتەرلىكى ھەققىدە يىغىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن رايوننىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالمىدى.

2010 - يىلدىكى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئىشلىرى يىغىنىدا، رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى. نىشان بولسا رايوندا سىجىل ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىق تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇزۇن مۇددەتلىك باشقۇرۇش ۋە مەڭگۈلۈك بىخەتەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. چىقىرىلغان قارارغا ئاساسەن، رايوننىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2015 - يىلدىكى ئومۇمىي مىللىي ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش، 2020 - يىلى نامراتلىقنى يوقىتىش ئارقىلىق رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پاراۋانلىق جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇش بۇ نىشاننىڭ ئۆلچىمى قىلىپ بېكىتىلدى. رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى بولسا پۈتكۈل خىتاينىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە خىتاي مىللىتىنىڭ قايتىدىن قۇدرەت تېپىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارالدى. باشقىچە ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكى خىتاينىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى پىكرى شەكىللەندى. 2014 - يىلدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرى يىغىنىنىڭ ئاساسلىق تېمىسىنى رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، رايوننى ئۇزۇن مۇددەتلىك باشقۇرۇش ۋە ئەبەدىي بىخەتەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قاتارلىقلار تەشكىل قىلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي بۇ قېتىمقى يىغىندا شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى بەلگىلىدى. رايوننىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بۇ يىغىندا، «ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، رادىكال دىنىي ئىدىيەلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قانۇن ئارقىلىق رايوننى ئىدارە قىلىش، رايوننىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇزۇن مۇددەتتە رايوننى باشقۇرۇش ئارقىلىق پاراۋان، جەمئىيەت بىرلىكى بارلىققا كەلگەن، مەدەنىي، خىزمەت ۋە تۇرمۇشىدىن رازى بولغان سوتسىيالىستىك شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نى بەرپا قىلىش» ئالاھىدە تەكىتلەندى.

بۇ دائىرىدە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاراشلىق شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى 2015 - يىلىنىڭ بېشىدا قانۇن خىزمەتلىرىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 2015 - يىلى 16 - ئاپرېلدا رادىكالىزمنى تۈگىتىش قانۇن تۈرغۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى (去极端化立法领导小组) قۇرۇلدى ۋە ئارقىدىنلا مۇناسىۋەتلىك نىزامنامە ئېلان قىلىندى. «رادىكالىزمنى تۈگىتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش خىزمەت پىلانى» (深入推进「去极端化」工作方案) بىلەن بىرلىكتە «قانۇن بويىچە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى يەنىمۇ كونترول قىلىش ۋە دىنىي رادىكال پىكىرلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە مەسىلىگە بولغان كۆز قاراش» (关于进一步依法治理非法宗教活动遏制宗教极端思想渗透工作若干问题的意见)قا مۇناسىۋەتلىك نىزامنامە جاكارلاندى. ئىككى يىللىق خىزمەت نەتىجىسىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى رادىكاللىقتىن تازىلاش نىزامنامىسى» (新疆维吾尔自治区去极端化条例) ناملىق قانۇن 2017 - يىلى 1 - ئاپرېلدا ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. مەزكۇر نىزامنامىدە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدىيەلىرىگە گۇمان بىلەن قارايدىغانلار شەخسىي ياكى كوللېكتىپ ھالەتتە تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنىدىغان بولۇپ (14، 18، 20، 30 - ماددىلار)، بۇلارنى ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى ۋىلايەتلىك ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرۇلدى (49 ماددا). ئەمەلىيەتتە بۇ دىنى رادىكالىزمنى تۈگىتىش باھانىسى بىلەن دىنى سىمۋول ۋە دىنى تۇرمۇشنىڭ چەكلىنىشىنىڭ بىشارىتى ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قانۇن تۇسىنى ئالغان مەزكۇر نىزامنامە ئۇيغۇرلاردىكى «دىنى رادىكالىزم»نى تۈگىتىشنى مەزمۇن قىلىدىغان بولۇپ، دىنى سىمۋوللار ۋە دىنى ھاياتنى چەكلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىتاي بۇ ئارقىلىق تۈنجى قېتىم ھالال يېمەكلىكلەرنىڭ ئېنىقلىمىسىنى بەرگەن بولدى (9:6 ماددا). «تەلىم - تەربىيە» بىلەن ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ياخشى كۆرىدىغان، ۋەتەنپەرۋەر، خىتايچە سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان، مىللەت ۋە پۇقرالىق ئېڭى شەكىللەندۈرگەن، سوتسىيالىزمنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق «دىنىي رادىكالىزم»دىن خالىي بولغان ئىنسانلارنى تەربىيەلەپ چىقىش بۇ نىزامنامىنىڭ تۈپ مەقسىتى بولۇپ ھېسابلىناتتى (30 - ماددا). بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن سىرت ۋىلايەت ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكىمۇ نىزامنامىنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بېرىلىپ، ھەر قايسى رايونلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا ئاساسەن ئالاھىدە ئىجرائاتلارنى ئېلىپ بارالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈش كېرەك ئىدى (6 - ماددا).

ئەسلىدە «تەلىم - تەربىيە» ئارقىلىق ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش سىياسىتى بۇرۇنمۇ بار ئىدى. «باتىل ئېتىقاد»نى «تەلىم - تەربىيە» ئارقىلىق ئۆزگەرتىش دەل بۇ سىياسەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى. 2009 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بۇرچىن ناھىيەسىدە «تەلىم - تەربىيە» ئارقىلىق ئىدىيە ئۆزگەرتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقىغا دائىر مەخسۇس خەۋەرلەر تارقالغان بولۇپ، خىتايچە ئۆگىنىش ۋە «مەدەنىيەت تەلىم تەربىيەسى» ئارقىلىق ئىدىيە ئۆزگەرتىشمۇ بۇ سىياسەت قاتارىدا بار ئىدى.

2014 - يىلى شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) ئەدلىيە باشقۇرۇش سىستېمىسى تارمىقىدا دىنىي رادىكاللىقنى يوقىتىش ئۈچۈن تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلدى. ئارقىدىنلا ئۈرۈمچىدە «تەربىيەلەش» لاگېرلىرى قۇرۇلدى. 2014 - يىلدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا مەخسۇس «تەلىم - تەربىيە» بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىش لاگېرلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

2015 - يىلى ئۆكتەبىرگىچە، شەرقىي تۈركىستاندا رادىكاللىققا قارشى «تەلىم - تەربىيە» بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنلارنىڭ روھى «تەلىم - تەربىيە» بىلەن ئىدىيە

ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىدە تەشۋىق قىلىناتتى. 2016 - يىلى، «تەلىم - تەربىيە» بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىش سىياسىتىنىڭ نەتىجە بېرىۋاتقانلىقىغا دائىر ئانالىزلار ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى.


要闻 6

新疆日报

新疆维吾尔自治区去极端化条例

新疆维吾尔自治区第十三届人民代表大会常务委员会公告

（第 7 号）

شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى رادىكالىزمنى يوقىتىش نىزامنامىسى
2018 -يىلى 9 -دېكابىر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى (شەرقىي تۈركىستان) رادىكالىزمدىن تازىلاش نىزامنامىسىگە 2018 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يېڭى نىزامنامىگە يېڭى ماددىلار قوشۇلدى. بۇرۇنقى نىزامنامىدىكى «يەككە ياكى كوللېكتىپ تەلىم تەربىيەگە قاتنىشىش» ئىبارىسى، «يەككە تەلىم - تەربىيە» (个别教育) ۋە «كەسىپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ (职业技能教育培训中心) تەلىم - تەربىيە پىروگراممىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» دېگەنگە ئۆزگەرتىلدى (14 - ماددا). نىزامنامىگە كىرگۈزۈلگەن بۇ تۈزىتىش خىزمەتلىرى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان يىغىۋېلىش(جازا) لاگېرلىرىنى «قانۇنلۇق» ھالەتكە ئېلىپ كېلەتتى. «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ئوخشاش تەلىم - تەربىيە بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىش مۇئەسسەسەلىرى» قانۇن ۋە تېخنىكا - كەسىپ ئۆگىنىش تەلىم - تەربىيەلىرى خىتاينىڭ دۆلەت تىلى بولغان خىتايچە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ (14، 33 - ماددىلار). يەنى خىتايچە بىلمەيدىغانلار مەجبۇرىي خىتايچە ئۆگىنىشى شەرت ئىدى. بۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ (121 - ماددا) ئاپتونوم رايون قانۇنىغا (10 - ماددا) تۈپتىن زىت ئەھۋالدۇر.

بۇ «تەلىم - تەربىيە» مەركەزلىرىدە دىنىي رادىكالىزمنى تازىلاش ئۈچۈن تەلىم - تەربىيە بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۈنۈملۈك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلىش تەربىيەسى (法治教育) بىلەن ياردەملىشىش تەربىيەسى پائالىيەتلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش ۋە ئىجرا قىلىش، ئىدېئولوگىيە تەربىيەسى، پىسخىكىلىق مەسلىھەت ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەربىيەسى، «تەلىم - تەربىيە» بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىش ۋە مەدەنىيەتكە (خىتاي) قىزىقتۇرۇش تەربىيەسىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش كېرەك (14 - ماددا). كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەت ۋە ئائىلىگە يارامىلىق ئەزا قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم (33 - ماددا). يېڭى نىزامنامىگە كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىشلەر ئىچىدە يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بولسا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتلەر كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە ئوخشاش تەلىم - تەربىيە شەكلى بىلەن ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئورگىنى (教育转化机构) ۋە باشقۇرۇش بۆلۈملىرى (管理部门) تەسىس قىلالايدۇ (17 - ماددا).

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى (中华人民共和国反恐怖主义法) 2015 - يىلى 27 - دېكابىردا ماقۇللاندى. تېررورىزمغا قارشى كۈرەش قانۇنىنىڭ 17 - ماددىسىدا تېررورىزم قىلمىشلىرىنى يوق قىلىشتا «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مۇئەسسەسەلىرى»نىڭ ئوينايدىغان رولى ئالاھىدە ئەسكەرتىلدى. مەزكۇر قانۇنغا بىنائەن، 2016 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتا شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تېررورىزمغا قارشى كۈرەش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش 新疆维吾尔自治区实施〈中华人民共和国反恐怖主义法〉办法) مۇ ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.


5 要闻

新疆维吾尔自治区实施《中华人民共和国反恐怖主义法》办法

شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)نىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تېررورىزمغا قارشى كۈرەش قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

مەزكۇر قانۇن ماددىسىدا تېررورىزم ئۇقۇمىغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلدى: «زوراۋانلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن جەمئىيەتتە ۋەھىمە يارىتىش، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شەخسىي مۈلۈككە زىيان سېلىش ياكى دۆلەت ئورۇنلىرى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىدېئولوگىيىلىك ۋە باشقا غەرەزلىرىگە يېتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيەۋى ۋە ئەمەلىي قىلمىشلاردۇر» (13 - ماددا).

تېررورىزمغا قارشى ئالدىن ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىرلەر كەڭ خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر بولۇشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ (4 - ماددا). كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىمۇ بۇ تەدبىرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ (17 - ماددا، 22:2 ماددىلار). تېررورلۇق قىلمىشى سادىر قىلمىغان شەخسلەر بولسا كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىگە ئوخشاش ئىدىيە ئۆزگەرتىش مۇئەسسەسەلىرىگە ئەۋەتىلىدۇ (38 - ماددا). جىنايەت سادىر قىلمىغان لېكىن جىنايەت سادىر قىلىش ئېھتىمالى بار خەتەرلىك شەخسلەر دەپ قارالغانلارمۇ مەزكۇر مەركەزلەرگە ئەۋەتىلىدۇ (39 - ماددا). مەزكۇر مەركەزلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيە ئۆزگەرتىش تەربىيەسىنى تاماملىغانلار جەمئىيەت ۋە ئائىلىسىگە قايتسا بولىدۇ، لېكىن بۇنى چوقۇم ئورۇمچى ھۆكۈمىتى تەستىقلىشى ياكى رۇخسەت قىلىشى كېرەك (44، 45 ۋە 46 - ماددىلار).

«تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىگە» (لاگېرلارغا) سولانغان كىشىلەر ئالدى بىلەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كېلىشىمى (保密协议书) ۋە تەلىم - تەربىيە كېلىشىمى (培养协议书) قاتارلىق ئەھدىنامىلارگە قول قويۇلدۇرۇلۇشى لازىم. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كېلىشىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىدىكى بىرى ھەر قانداق بىر ئۇسۇل ياكى ۋاستە ئارقىلىق تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق بىر مەلۇمات ياكى ھادىسىنى تەلىم - تەربىيە مەركىزى رەھبەرلىك ھەيئىتىدىن باشقا ھېچكىمگە دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ، ناۋادا بۇنىڭغا زىت قىلمىش سادىر قىلسا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرىغا ئاساسەن جازالىنىدۇ.» بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان «مۇناسىۋەتلىك قانۇن» بەلكىم خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قانۇنى (中华人民共和国保守国家秘密法) بولۇشى مۇمكىن.

«تەلىم - تەربىيە كېلىشىمى»دە، كىشى پەقەت مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەندىلا ئاندىن سىرتقا چىقالايدىغان شەرتلەر بار. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن، شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) رەئىسى شۆھرەت زاكىر 16 - ئۆكتەبىر بايانات بېرىپ «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى» ھەققىدە ئۇچۇر بەردى. بۇ باياناتقا ئاساسلانغاندا،


保密协议书

为落实上级关于保密工作的要求，明确工作责任及保密工作内容，特制定本协议：

**甲方：** 阿瓦提县职业技能教育培训中心

**乙方：** ______________________（学员姓名）

**乙方必须严格遵守下列规定：**

1. 对所有人员不得透露教培中心学习、生活、人员数量及内部工作情况等。

2. 未经允许，不得接受任何个人、组织和媒体采访。

3. 不得以QQ、微信、朋友圈、邮箱、短信、传真等通讯工具上传和传播教培中心生活及学习相关的任何数据、信息、规章等。

**违约责任：** 乙方若不遵守保密规定，发生任何失泄密事件，甲方将按照国家有关法律法规严肃追究责任。

本协议自签订之日起施行。

甲方（盖章）：

乙方（签字）：

年 月 日

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كېلىشىمى

يېقىنقى 21 ئاي ئىچىدە (2017 - يىلى 1 - ئايدىن 2018 - يىلى 10 - ئايغىچە) رايوندا تېررورلۇق ۋەقەلىرى يۈز بەرمىگەن. شۆھرەت زاكىر يۇقىرىقى «تەلىم - تەربىيە» مەركەزلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە رادىكاللىقنى يوقىتىش مەقسىتىدە قۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلدى. شۆھرەت زاكىر«تەلىم - تەربىيە» مەركەزلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن قانۇنلاردىن پايدىلىنىلغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بۇ قانۇنلارنىڭ قايسى ماددىلىرىنىڭ ئاساس قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ئۇچۇر بەرمىدى.

شۆھرەت زاكىر تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىدىكى كىشىلەرگە «ئوقۇغۇچىلار» دەپ ئىسىم قويۇپ، كوللېكتىپ تەلىم - تەربىيە، ياتاقلىق تەلىم - تەربىيە ۋە قوللىنىشچان مائارىپ تۈرلىرى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ خىتايچە ئۆگىنىدىغانلىقىنى، قانۇن ئۇچۇرلىرىنى ئوقۇيدىغانلىقىنى ۋە كەسپىي ماھارەت ئىگىلەيدىغانلىقىنى، ھەمدە بەلگىلەنگەن شەرتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن لاياقەت گۇۋاھنامىسى بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. تەلىم - تەربىيە جەريانىدا «ئوقۇغۇچىلار»نىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ خاتالىقنى تونۇشقا باشلىغانلىقىنى بايان قىلغان شۆھرەت زاكىر، يىل ئاخىرىدا تەلىم - تەربىيەسىنى تاماملىغانلارنىڭ مەركەزدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن شۆھرەت زاكىر دېگەندەك، بۇنداق ئەھۋال تېخى بارلىققا كەلمىدى.

## لاگېرلارغا سولانغانلارنىڭ جىنايىتىنىڭ بېكىتىلىشى

2014 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رايوندا دىنىي ۋە مىللىي ئېڭى ۋە چۈشەنچىسى بولغانلارنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن دىنىي رادىكاللىققا دائىر 75 خىل ئىپادىسىنى تونۇش كىتابچىسى (识别宗教极端活动（75种具体表现）基础知识读本) ئېلان قىلىندى. مەزكۇر كىتابچە «دىنىي رادىكاللىقنىڭ ئاساسلىق چۈشەنچىلىرى» (4 - ماددا)، «بىنورمال پائالىيەتلەر ۋە دىنىي رادىكاللىقنىڭ ئىپادىلىرى» (31 - ماددا) ۋە «قانۇنسىز دىنىي رادىكاللىق قىلمىشلىرى» (40 - ماددا) بولۇپ ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. كىتابچىدە مۇستەقىللىقنى ئارزۇ قىلغۇچىلار، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرئانغا ئاساسەن تەرتىپكە سېلىش نىيىتىدە بولغۇچىلار، ئىسلامغا ماس كەلمەيدىغان ھەر قانداق نەرسىلەرگە قارشى چىققۇچىلار، كاپىر دەپ تەبىرلىنىدىغان خىتايلار ۋە دۆلەت كادىرلىرىنى چەتكە قاققۇچىلار ياكى مۇسۇلماندارچىلىقنى تاڭغۇچىلار، جىھادنى تەرغىپ قىلغۇچىلار ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان تېررورلۇق قىلمىشلىرىنى ياقلىغۇچىلار ۋە سادىر قىلغۇچىلار ئاساسىي ئوقۇشلۇقنىڭ بىرىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

كىتابچىدە، دىنىي ئاشقۇنلۇق كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇشقا ۋە ھازىرقى قانۇن ۋە سىياسىي

تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: «ۋەتەنپەرۋەر» دىنىي زاتلارنى پاراكەندە قىلىش ۋە ھاقارەتلەش، رايون تارىخىنى بۇرمىلاش، ساقال قويغۇچىلار ۋە ھىجابلىقلار، ھاراق ۋە تاماكا تاشلىغانلار ياكى ھالال بولمىغان ھەممە نەرسىگە قارشى تۇرغانلار، خەنزۇ تىلى ۋە دەرسلىكلەرنىڭ بەزى تېمىلىرىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرغانلار، ھىلال ئاي بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ھالقا، زەنجىرلىرى ۋە كىيىملىرى بارلار، تۈركچە، ئوردۇچە ۋە ئەرەبچە ئۆگەنمەكچى بولغانلار، جامائەت بىلەن بىللە دۇئا - تىلاۋەت ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلار، تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى، خەرىتە، كومپاس، تېلېسكوپ، ئارغامچا ۋە چېدىر سېتىۋالغانلار، پارتلاتقۇچ دورا ۋە كېسىش قوراللىرىنى سېتىۋالغانلار... گۇماندار ۋە خەتەرلىك ئۇنسۇرلار قىلىپ بېكىتىلدى.



河北西路社区常住户民语系打分表

| 家庭住址 | 人数 | 姓名 | 年龄 | 年龄段（15-25岁、26-40岁、41-55岁） | 维吾尔族 | 无业人员 | 持有护照 | 每日礼拜 | 有宗教学识 | 去过26国 | 逾期入境人员 | 有境外关系人 | 家有辍学儿童 | 总分数 | 放心 | 一般 | 不放心 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 一区19-3-103 | 1 | 依不拉音・司马义 | 85 | | -10 | | -10 | -10 | -10 | -10 | | | | 50 | | √ | |
| 三区17-1-102 | 2 | 依米提・阿吾提 | 59 | | -10 | | | | | | | | | 90 | √ | | |
| | 3 | 肉先古丽・肉孜尼牙孜 | 56 | | -10 | | | | | | | | | 90 | √ | | |
| | 4 | 阿衣古丽・依米提 | 35 | -10 | -10 | | | | | | | | | 80 | √ | | |
| | 5 | 阿孜古丽・依米提 | 28 | -10 | -10 | | | | | | | | | 80 | √ | | |
| | 6 | 古丽妮格尔・西尔艾力 | 11 | | -10 | | | | | | | | | 90 | √ | | |
| 区20-3-302 | 7 | 艾麦提・赛麦提 | 63 | | -10 | | | | | | | | | 90 | √ | | |
| | 8 | 米娜娃尔・阿不都热依木 | 59 | | -10 | | | | | | | | | 90 | √ | | |
| | 9 | 米赛尔・艾买提 | 29 | -10 | -10 | -10 | | | | | | | | 70 | | √ | |
| 区7-3-601 | 10 | 依不拉音・克依木 | 51 | -10 | -10 | | | | | | | | | 80 | √ | | |
| | 11 | 白地努尔・艾合买提 | 45 | -10 | -10 | | | | | | | | | 80 | √ | | |
| | 12 | 苏比依・依不拉音 | 13 | | -10 | | | | | | | | | 90 | √ | | |
| | 13 | 苏必努尔・依不拉音 | 18 | -10 | -10 | | | | | | | | | 80 | √ | | |

دىنىي ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلارغا نومۇر قويۇش ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىقىش جەدۋىلى

كىتابچىدە يەنە تويدا ھاراق ئىچىش ۋە تاماكا چېكىش، ئۇسسۇل ئويناش ۋە ناخشا ئېيتىشنى چەكلىگۈچىلەر، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تەبلىغ قىلغۇچىلار، قانۇنسىز سىياسىي ۋە دىنىي كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە ساقلىغانلار، قانۇنسىز چەت ئەل رادىيو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلەر، باشقىلارنى ئىبادەت ۋە روزا تۇتۇشقا مەجبۇرلىغانلار، قانۇنسىز دىنىي ئۆگىنىش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلار، قانۇنسىز زاكات يىغىپ ساقلىغۇچىلار، ھەجگە تەشكىللىگۈچىلەر، دىنىي سالاھىيىتى بولمىغان كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلغۇچىلار، دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگۈچىلەر، چەت ئەلدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ تەكلىپنامىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ سوۋغاتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغانلار ۋە ئالاقە قىلىشنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار، رۇخسەتسىز دىنىي ئىبادەت سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار، دىنىي ۋە مىللىي زىددىيەتنى ئۇلغايتقۇچىلار، نىكاھ ۋە ئاجرىشىشنى دىنغا ئاساسەن ئېلىپ بارغۇچىلار، دىنىي مەھكىمە بەرپا قىلغۇچىلار، ئىنتېرنېت بىخەتەرلىك تاملىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدىغان (VPN) يۇمشاق دېتال پروگراممىلىرىنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئاشقۇنلۇق جىنايىتىنى سادىر قىلغۇچىلار دەپ بېكىتىلدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2017 - يىلى يەرلىكلەرنى كىملىكى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۇلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ چىقمىغانلىقىغا ئاساسەن لاگېرلارغا قامىدى. 85 ياشلىق ئىبراھىم ئىسمائىل ئىسىملىك شەرقىي تۈركىستانلىق كىشىگە ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن نۆلدىن تۆۋەن 10 نومۇر، پاسپورتى بولغانلىقى ئۈچۈن نۆلدىن تۆۋەن 10 نومۇر، دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن نۆلدىن تۆۋەن 10 نومۇر، «خەتەرلىك دۆلەتلەر تىزىملىكى»دىكى 26 دۆلەت ئىچىدىن بىرسىگە بېرىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن نۆلدىن تۆۋەن 10 نومۇر بېرىلگەن. يەنى بۇ كىشىگە جەمئىي 50 نومۇر قويۇلغان.

نومۇر قانچە يۇقىرى بولسا شۇنچە بىخەتەر، قانچە تۆۋەن بولسا شۇنچە خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىبراھىم ئىسمائىلغا «بىتەرەپ» ئادەم دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. ياشمۇ مۇھىم ئۆلچەم بولۇپ، 15 - 55 ياش ئارىلىقىدىكى كىشىلەرگە تەبىئىي ھالدا نۆلدىن تۆۋەن 10 نومۇر بېرىلىدۇ. ئىبراھىم ئىسمائىلغا يېشى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۆۋەن نومۇر بېرىلمىگەن.

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتىكى گۇمانلىق كىشىلەرنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس جەدۋەل تۈزۈپ چىققان. نوپۇس ئۇچۇرلىرىنى يىغىش



## 人口信息采集表

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 基本信息 | 房屋地址 | | | 采集事由 | □居住 □商户/务工 □访客 | | 重点标签 |
| | 房屋性质 | □自购房 □自建房 □出租房 □公租房 | 居住性质 | □家庭居住 □合租 | 商用性质 | □业主 □雇工 | |
| | 姓名 | | 性别 | | 民族 | 照片 | 系重点人员[ |
| | 身份证号 | | 出生日期 | | | | 系特殊群体[ |
| | 户号 | | 与户主关系 | | | | 系收押人员亲属[ |
| | 户籍信息 | □辖区 □本地 □外地 □国外 | 户籍详址 | | | | 系打击处理人员亲属[ |
| | 文化程度 | | 婚姻状况 | | 政治面貌 | | 一体化比中标签人员[ |
| | 职业 | □有 □无 | 职业名称 | | 务工地详址 | | |
| | 流动人口婚育证明号 | | 现有子女数量 | | 儿童是否预防接种 | □是 □否 | 关键信息 |
| | 是否为学龄儿童 | □是 □否 | 是否就学 | □是 □否 | 学校名称与班级 | | 年龄段 15-25[ |
| | 是否有医社保 | □是 □否 | 医社保所在地 | | 社保类型 | | 26-40[ 41-55[ |
| | 联系方式 | | 在乌社会关系人 | 关系： 联系方式： | 姓名： | | 维吾尔族[ |
| 活动轨迹 | 来乌日期 | | 来乌事由 | | 最近一次流动轨迹 | | 无业人员[ |
| 宗教信仰 | 宗教信仰 | □无 □伊斯兰教 □佛教 □基督教 □其他 | | | 是否礼拜 | □是 □否 | 持有护照[ |
| | 每日礼拜次数 | □1次 □5次 □2-4次 | 礼拜地点 | □家 □清真寺 □其他 | 是否主麻 | □是 □否 | 每日礼拜[ |
| | 常去清真寺名称 | | 是否朝觐 | □公 □私 □排队 □否 | 是否有教职 | □有 □无 | 有宗教学识[ |
| | 是否有宗教学识 | □是 □否 | 学经地 | | 教经人 | | 去过26国[ |
| 护照持有情况 | 是否持有护照 | □自持 □统管 □否 | 护照编号 | | 护照种类 | □因公 □因私 | 系逾期入境人员[ |
| | 是否出过境 | □是 □否 | 年内出境次数 | ___次 | 近一次出境时间和国家 | | 有境外关系人 |
| | 出境事由 | □朝觐 □旅游 □公务 □探亲 □求学 □其他 | | | 是否有境外关系人 | □是 □否 | 家有辍学儿童[ |
| | 境外关系人姓名 | | 境外关系人所在国家 | | 与境外关系人关系 | | |
| | 前往26国次数 | ___次 | 国家名称 | | 最近一次回国时间 | | |
| 涉稳情况 | 是否为重点人员、特殊群体 | □是 □否 | 被列类别 | 1□ 2□ 3□ 4□ 5□ 特□ | 一体化比对结果 | □无 □比中 □有标签 | 人员分类 |
| | 是否为被打击处理人员亲属 | □是 □否 | 是否为收押人员亲属 | □是 □否 | 与被打击处理收押人员关系 | | 放心人员[ |
| | 是否参加过集中教育转化 | □是 □否 | 参加集中教育时间、地点 | | 集中教育时长 | | 一般人员[ |
| 驾照车辆情况 | 是否有驾驶证 | □是 □否 | 驾照类别 | □A □B □C | 驾驶证号 | | 不放心人员[ |
| | 是否有车辆及车辆类型 | □否 □小车 □客车 □货车 | 车牌号 | | 车辆用途 | | |
| 备注 | | | | | | | |

采集人：　　社区（村）民警 审核签字：　　社区（村）领导 审核签字：　　15岁以上 被采集人签字：

نوپۇس مەلۇماتلىرىنى يىغىش جەدۋىلى

جەدۋىلى (人口信息采集表)نامى بېرىلگەن شەخسىي ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزكۇر جەدۋەلدە، ئۈرۈمچىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە باشقا شەھەرلەردىن كېلىپ ئۈرۈمچىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئومۇمىي ئۇچۇرلىرى يىغىلغاندىن باشقا، دىنىي ئىلىم سەۋىيەسى، چەت ئەلگە چىقىپ چىقمىغانلىقى ۋە پاسپورت ئەھۋالى، گۇمانلىق ۋە جىنايىي ئارخىپى بار يوقلىقى، قانداق ماشىنىسى بارلىقى ۋە قەيەرنىڭ پىلاكىسىنىڭ بارلىقىغا دائىر ئۇچۇر - مەلۇماتلارمۇ ئورۇن ئالىدۇ.

مەسىلەن، قايسى دىنغا ئىشىنىدۇ؟ ناماز ئوقۇغانمۇ ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ دىنىي بىلىمى بار - يوقلۇقى ۋە قەيەردە ئۆگەنگەنلىكى، ئۆيىنىڭ مەسچىتكە يېقىنلىقى، مەسچىتكە بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ قىلمىغانلىقى ۋە ناماز ئوقۇپ ئوقۇمىغانلىقى، ھەجگە بېرىپ بارمىغانلىقى ۋە بارغان بولسا قانچە قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكى، قارا تىزىملىكتىكى 26 دۆلەتكە چىقىپ چىقمىغانلىقىغا ئوخشاش ئۇچۇرلارمۇ بار. بۇنىڭدىن سىرت، بىخەتەر ۋە بىخەتەر بولمىغان كىشىلەرنى خاتىرىلەشتە ئالاھىدە گۇرۇپپا ۋە ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ بار يوقلىقى، نىشاندىكى كىشىلەر قاتاردا بار يوقلىقى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ لاگېرلاردا ئىدىيە ئۆزگەرتىش تەربىيەسىگە قاتنىشىپ قاتناشمىغانلىقى، جازا مۇددىتىنىڭ توگەپ توگىمىگەنلىكى قاتارلىق ئۇچۇرلار بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن.

بىر دۆلەتكە نىسبەتەن نورمالدەك كۆرۈنىدىغان بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنى لاگېرلارغا سولاش ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلسە ئۇنداقتا بۇ ھەرگىزمۇ نورمال ئەمەس. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بۇ جەدۋەلدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بۇلارنىڭ چوڭ سانلىق مەلۇمات پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلۈشى نەزەرگە ئېلىنغىنىدا، بۇ ئۇچۇر - مەلۇماتلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى كونترول قىلىش ۋە باستۇرۇش ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلماق تەس ئەمەس. بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە ھەرىكەت سۇپىسى (一体化联合作战平台) نامى بېرىلگەن بۇ



机密

“一体化联合作战平台”每日要情
通　报

第14期

自治区党委严打攻坚会战前方指挥部　　2017年6月25日

南疆四地州“一体化”平台
数据推送核查情况

根据朱海仑同志6月19日在克州调研“一体化”平台建设时提出“自治区层面要主动、定量向地州推送数据，并全流程跟踪问效，可先行在南疆四地州推动运行”的要求，四地州党委高度重视，认真贯彻落实，

بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە ھەرىكەت مۇنبىرى دوكلاتى

مۇنبەرىدارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە بىرلا مەركەزدە تەكشۈرۈش، مۇزاكىرە ۋە ئانالىز ئېلىپ بېرىشتە رولى زوردۇر. تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، كىملەرنى لاگېرلارغا سولاپ، كىملەرنى تۈرمىلەرگە قاماش ھەققىدە قارار بېرىلىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتىغا قارىغاندا، لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەنلەر ئومۇمەن خىتايچە، قانۇن ۋە كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىدۇ. لېكىن بىر قىسىم يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭمۇ لاگېرلارغا سولىنىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى دەپ ئاتىغان بۇ ئورۇنلارنىڭ سىم رىشاتكا، قاراۋۇلخانا ۋە قوراللىق كۈچلەر تەرىپىدىن قوغدىلىشى بۇ گۇمانلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بەزى خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى ھەقىقەتنىڭ ئاشكارىلىنىشىدا رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. خىتاي مۇتەخەسسىسى ما داجېڭنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، «ئىشەنچىلىك بولمىغانلار ئەڭ بىخەتەر ئورۇنغا تىقىلغان». ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭى يوق، شۇنداقلا خىتاي مىللىتى ئۇقۇممۇ يوق بولۇپ، بۇ ئىدىيەنى ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە قويۇشتا لاگېرلارنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم ئىكەن. ئەڭ خەتەرلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولسا «قوش يۈزلۈك»، يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى ياكى خىتاي كومپارتىيەسىگە سادىقتەك كۆرۈنگەن، ئەمما ئەمەلىيەتتە بۆلگۈنچى بولغان ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىدى. ما داجېڭنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى چاپان ۋە دىنىي بايراق قىلىۋالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى، بۆلگۈنچىلىك بولسا ئىشىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىلەرنى پەقەت مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەر دائىرىسىدىلا ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ما داجېڭ، دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ب د ت نىڭ مۇناسىۋەتلىك دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستاندا «تەلىم - تەربىيە» مەركەزلىرىگە ئېلىپ كېتىلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ 3 مىليون ئەتراپىدا، ئاشقۇنلۇققا قارشى تۈزۈش مەركەزلىرىگە سولانغانلارنىڭ سانىنىڭ 1 مىليون ئەتراپىدا، قايتا «تەربىيەلەش» مەركەزلىرىدە بولسا 2 مىليون ئۇيغۇر بارلىقى بىلدۈرۈلدى.

ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بۇ سىياسەتنى نوقۇل ئۇيغۇرلارغىلا قاراتقان بولماستىن، يەنە قازاق ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىمۇ يولغا قويىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان لاگېرلارنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ مىڭشەن2017 - يىلى نويابىردا يازغان بىر ماقالىسىدە، بىر يىل ئىچىدە ۋەزىيەتنىڭ تامامەن كونترول ئاستىغا ئېلىنىدىغانلىقى، ئىككى يىل ئىچىدە ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم ھالەتكە كەلتۈرۈلىدىغانلىقى، ئۈچ يىل ئىچىدە ۋەزىيەتنىڭ نورماللىشىدىغانلىقى، بەش يىل ئىچىدە بولسا مۇقىملىقنىڭ تولۇق ئىشقا ئاشىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ۋاڭ مىڭشاننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلغان لاگېر سىياسىتى 2022 - يىلغىچە داۋاملىشىدۇ. بەزى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا 2018 - يىلى مايغىچە ھۆددىگەرلىككە بېرىلگەن 73 لاگېر قۇرۇلۇشى بار ئىكەن.

## خەلقئارانىڭ ئىنكاسلىرى

«كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە» مەركەزلىرى خىتاي ماتېرىياللىرىدا ئوخشىمىغان ئىسىملار بىلەن ئاتىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ مەركەزلەرگە مۇناسىق نام بېرىلمەكتە: «تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىش مەركىزى» (教育转化中心)، «تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىش بازىسى»(教育转化基地)، «رادىكالىزمنى

يوقىتىش تەلىم - تەربىيە مەركىزى» (去极端化教育培训中心)، «كوللىكتىپ تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە تەربىيەلەش مەركىزى» (集中教育转化培训中心)، «كوللېكتىپ تەلىم - تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىش سىنىپى» (集中教育转化班) ۋە «تەلىم - تەربىيە ۋە ئۆزگەرتىش مەركىزى» (教育培训中心) قاتارلىقلاردۇر. سانى ئېنىق بولمىغان بۇنداق مەركەزلەرنىڭ تەننەرخىمۇ يۇقىرى بولغان.

بۇ خىل جازا لاگېرلىرىنىڭ ناملىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بۇ لاگېرلارنىڭ تېخى تۈزۈملەشمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىگىچە تاپشۇرۇش ۋە ئۇيغۇرلارنى گۇمانلىنىش سەۋەبىدىن خالىغانچە قولغا ئېلىش، بەزىدە ئۇلارنى يېزا - بازارلاردا نوپۇس نورمىلىرى بويىچە قولغا ئېلىشمۇ بۇ جازا لاگېرلىرىنىڭ ماھىيىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بەزى رايونلاردا يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆزلىرى تەييارلىغان ئۆلچەمگە ئاساسەنمۇ خالىغانچە قولغا ئېلىنىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن.

2049 تۇر ئىنىستىتۇتى مۇتەخەسسىسى درۇۋ جونېسنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ لاگېرلاردىكى ئىجرائاتلار ناتسىست جازا لاگېرلىرىدىن قېلىشمايدىكەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ قىلمىشلارنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل ساختا ئۇچۇر تارقاتتى.

بۇ ئەھۋال شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان لاگېرلار ھەققىدە ئۇچۇرنىڭ بۇلغىنىشى ۋە قالايمىقانلىشىشىنى پەيدا قىلماقتا.

بىر ب س (BBC) مۇخبىرىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ زور قىيىنچىلىقلارغا قارىماي لاگېرلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق، لاگېرلاردا قىيىن - قىستاقلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە نۇرغۇن روھىي بېسىمنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

جېيمىستوۋن فوندى (Jamestown Foundation) يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگىلا سەرپ قىلىنغان چىقىملارنى ئېنىقلاپ چىققان. جېيمىستوۋن فوندىنىڭ بۇ ھەقتىكى دوكلاتىدا، «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى» نامىدىكى بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ خىتايدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش (劳改) تۈزۈمىگە ئوخشىتىلغان بولۇپ، بۇ مەركەزلەرنىڭ سېلىنىشى ئۈچۈن 2016 - 2017 يىللىرى ئارىلىقىدا سەرپ قىلىنغان چىقىملارنىڭ 213% ئۆرلىگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، 2017 - يىلى «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى» (جازا لاگىرلىرى) ئەڭ كۆپ سېلىنغان يىل بولۇپ، بۇلار ئۈچۈن 2 مىليارد 900 مىليون دوللار سەرپ قىلىنغان. 2017 - يىلى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 77.65 مىليارد دوللار ئىدى.




مەنبە: 2011-2018 يىللاردا ئېنىقلاپ چىقىلغان يېڭى بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ سانى.
https://www.bbc.co.uk/news/resources/idt-sh/China_hidden_camps




مەنبە: 2011-2018 يىللاردا ئېنىقلاپ چىقىلغان يېڭى بىخەتەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ ئورنى.
https://www.bbc.co.uk/news/resources/idt-sh/China_hidden_camps

مۇستەقىل تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «تەلىم - تەربىيە» مەركەزلىرى خىتاي تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان

بايانلارنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمان تۈركلەردىن بولغان ئۇيغۇر ۋە قازاق قاتارلىق خەلقلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان مۇئەسسەسەلەر ئىكەن. سىم توساقلار بىلەن قورشالغان، قاراۋۇلخانا ۋە ئېگىز تاملارنىڭ ئەتراپىدا قورال‌لىق ساقچىلار تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان بۇ لاگېرلارنىڭ بارلىقى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر بىلەن رەسمىي ئىسپاتلاندى.[1]

خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا، خىتاي تەرىپىدىن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى دەپ ئاتالغان بۇ يەرلەر قايتا تەربىيەلەش لاگېرى دەپ ئاتالدى. بەزىلەر بۇ يەرلەرنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېغىر ئەمگەككە سېلىش لاگېرلىرى بولغان گۇلاگقا،[2] بەزىلىرى ناتسىست جازا لاگېرىغا[3] ئوخشاتتى.[4] تۈرك مەتبۇئاتلىرى بۇ يەرلەرنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى دەپ ئاتىسا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى «جازا لاگېرى» دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىسى رايىن تام (Rian Tham) نىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ % 5 تىن % 10 كىچە قىسمى بۇ لاگېرلارغا قامالغان.[5] ب د ت نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ سان بىر مىليون ئەتراپىدا دەپ قارالغان.[6] بۇ لاگېرلارغا سولانغان كىشىلەر ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، قانۇنسىز چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ، مېڭە يۇيۇش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلانغان.[7] مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق قانۇنىي سەۋەب كۆرسىتىلمەستىن سوراق قىلىنمايلا جازا لاگېرلىرىغا تاشلىنىشى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپ (37 - ماددا)تۇر. لاگېرلارغا سولانغان ئۇيغۇرلار يەنە خىتاي ئاساسىي قانۇنىنىڭ 41 - ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن ئەھۋالنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانغا چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان. لاگېرغا سولانغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىگە يول قويۇلماسلىقى ۋە لاگېرلاردىكى مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ تامامەن ئۈزۈۋېتىلىشىمۇ خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپ (40 - ماددا)تۇر.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ۋە بۇ زۇلۇمنى خەلقئاراغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن 2018 - يىلى 27 - ئاپرېلدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ۋاكالەتسىز دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر تەشكىلاتى (UNPO) بىرلىشىپ، بېلگىيەنىڭ پايتەختى بىريۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. مىڭلارچە شەرقىي تۈركىستانلىق قاتناشقان بۇ نامايىشتا،بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خالىغانچە قولغا ئېلىنىشىغا قارشى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنى خالىغانچە قولغا ئېلىنغان بارلىق ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرىش، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن رايونغا ھەيئەت ئەۋەتىشكە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان ھەقلىرى سۆھبەتلىرىنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىندى.[8]

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىس ئەزالىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، 2018 - يىلى 3 - ئاپرېلدا ئامېرىكالىق پارلامېنت ئەزاسى ماركو رۇبىيو (Marco Rubio) بىلەن ئامېرىكا پارلامېنتى ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى كرىس سمىس (Chris Smith)، ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى تېررى برانستاد (Terry Branstad) قا خەت يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تىرىشقان.[9] شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلار مەسىلىسىنى بەزى مېدىيالار[10] ۋە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى دوكلات تەييارلاش ئارقىلىق ئالدى بىلەن خەلقئارانىڭ كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كەلدى.[11] ئارقىدىن ب د ت دا تالاش - تارتىشلىق بىر مەسىلە سۈپىتىدە كۈنتەرتىپتىن ئورۇن ئالدى. 2018 - يىلى 21 - مايدا ئامېرىكانىڭ ب د ت ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ۋەكىلى كېللېي كىررى (Kelley Currie) ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ھالەتتە قولغا ئېلىنىش مەسىلىسىنى قايتا كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.[12] شۇ يىلى 3 - ئىيۇلدا

ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يۇملاق ئۈستەل يىغىنىدا، شەرقىي تۈركىستاندا كۈچىيىۋاتقان بېسىم ۋە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە قارشى ئۇيغۇر ناخشىچى ۋە ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىسى رەھىمە مەھمۇتنى گۇۋاھلىق بېرىشكە تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، گېرمانىيە ياۋروپا كۇلتۇر ۋە ئىلاھىيەت مەكتىپىدە خىزمەت قىلىدىغان دوكتور ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz)دىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات ئالدى.[13]

2018 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئامېرىكانىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پېنس (Mike Pence) دىنىي ئەركىنلىكنى ياخشىلاش ئۈچۈن چاقىرىلغان مىنىستىرلار يىغىنىدا (The Ministerial to Advance Religious Freedom) شەرقىي تۈركىستاندىكى «تەربىيەلەش» لاگېرلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «بېيجىڭ ھۆكۈمىتى نەچچە يۈزمىڭلىغان ۋە بەلكىم مىليونلىغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن مايك پېنس، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىي ۋە مەدەنىيەت كىملىكىگە زىيان بېرىشنى نىشان قىلغان بۇ سىياسەتنىڭ چوقۇم ئەيىبلىنىشى لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.[14] شۇ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى - ئىجرائىيە كومىتېتى (Congressional - Executive Commission on China) شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانپەرۋەرلىك كرىزىسى بارلىقىنى ئېلان قىلدى. كومىتېتنىڭ بۇ ھەقتىكى باياناتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان خالىغانچە قولغا ئېلىش، قىيىن - قىستاق، قورقۇنچلۇق دەرىجىدىكى دىنىي ۋە كۇلتۇر چەكلىمىلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك ھەممە تەرەپلىرى نازارەت قىلىنىدىغان دېگىتال نازارەت سىستېمىسى يولغا قويۇلماقتا، چىراي پەرقلەندۈرۈش كامېراسى، يانفون سايىلەش، دىنا (DNA) ئۆرنەكلىرى يىغىش ئېلىپ بېرىلماقتا، قىسقىسى، رايوندا مۇستەبىت ساقچى ھاكىمىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلماقتا». باياناتتا يەنە جازا لاگېرلىرىغا بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ سولانغانلىقىغا دائىر دوكلاتلار تەييارلانغانلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار ئورۇن ئالدۇ.[15] 2018 - يىلى 27 - ئىيۇلدا بېيجىڭدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى بىلەن كونسۇلخانىسى، يۈز مىڭلارچە ۋە بەلكىم مىليونلارچە ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «سىياسىي قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقانلىقىنى مەزمۇن قىلغان بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى خالىغانچە قولغا ئېلىنغان بارلىق كىشىلەرنى دەرھال قويۇپ بېرىشكە چاقىردى.[16] 2018 - يىلى 5 - ئاۋغۇستتا شەرقىي تۈركىستاندا تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئېلىپ بارغان بىر كىشىنىڭ ماقالىسى پۇل - مۇئامىلە ۋاقتى گېزىتى (Financial Times)دە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى كوچىلارنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكى، دۇكان ۋە ماگىزىنلاردا ئادەم يوقلىقى، مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنىڭ (خىتايلاردىن باشقا) كوچا ئېغىزلىرىدا كونترول قىلىنىدىغانلىقى، قىسقىسى جەمئىيەتنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدىغانلىقى بايان قىلىندى. ماقالىنىڭ ئاپتورىنىڭ يەرلىك كىشىلەردىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، رايوندا ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى قازاقلارمۇ بۇ سىياسەتنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغان.[17]

2018 - يىلى 10 - ئاۋغۇستتا ب د ت ئىنسان ھەقلىرى مۇتەخەسسەسلىرى شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليون ياكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇيغۇرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ئىشەنچلىك دوكلاتلارنىڭ بارلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ب د ت ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنى تۈگىتىش كومىتېتى مۇئاۋىن مۇدىرى گېيي ماكدوگال (Gay McDougall)، ئىشەنچلىك دوكلاتلارنى مەنبە كۆرسىتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئىنسان ھەقلىرى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىنغان غايەت زور چوڭلۇقتىكى نازارەت لاگېرىغا ئايلاندۇرۇپ

قويغانلىقىنى تەكىتلىدى.[18]

بەزى مەتبۇئاتلار يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى رەھىمسىز تازىلاش سىياسىتىگە قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئامېرىكا پارلامېنتىنى خىتاينىڭ بۇ زىيانكەشلىكىنى توختىتىشقا كۈچ چىقىرىشقا چاقىردى.[19] خىتاي مەتبۇئاتلىرى بۇ تەنقىدلەرگە «شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش ئەڭ كاتتا ئىنسان ھەققىدۇر» دېگەن تەرىقىدە جاۋاپ قايتۇردى.[20] لېكىن چەت ئەلدىكى ئۆكتىچى خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىغا قارشى ب د ت نى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا، ئامېرىكانى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە چاقىردى.[21]

ب د ت ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى يوقىتىش كومىتېتى (Committee on the Elimination of Racial Discrimination) 2018 - يىلى 12 - ئاۋغۇستتا شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملار ھەققىدە مەخسۇس سوت تۈسىنى ئالغان يىغىن ئۇيۇشتۇردى. بۇ يىغىنغا خىتاي ھەيئىتى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەزالىرى قاتناشتى. كومىتېت تەرىپىدىن تەييارلانغان دوكلاتتىكى خىتاي ھۆكۈمىتىگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا خىتاي ھەيئىتى جاۋاپ بېرىشنى رەت قىلدى، بولۇپمۇ خىتاي ھەيئىتى شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىنىڭ بارلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىدى.[22] ئارقىدىن لاگېرلارنىڭ ئاشقۇن ۋە بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، لاگېرنىڭ بارلىقىنى قىسمەن بولسىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.[23]

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، لاگېر سىياسىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سۈرىيە ۋە لىۋىيە ۋەزىيىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان سىياسەت بولۇپ،[24] بۇ تامامەن توغرا ۋە قانۇنلۇق سىياسەت ئىكەن.[25] ب د ت ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ نۇرغۇن ئىشەنچلىك دوكلاتلارغا ئاساسلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ «مەخپىي قاپلانغان غايەت زور تۈتۈپ تۇرۇش لاگېرىغا ئوخشايدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغانلىقى» ۋە «بۇنىڭدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدىغانلىقى» توغرىسىدىكى باياناتىنى خىتاي دائىرىلىرى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى.[26]

ب د ت دىكى ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىلەردىن بىئارام بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى، بىر قىسىم خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ سىياسىي غەرەز بىلەن خىتايغا بۆھتان چاپلاپ ئاساسسىز ئەيىبلىۋاتقانلىقىنى، بەزى چەت ئەل تاراتقۇلىرىنىڭ يالغان خەۋەر تارقىتىپ، خىتاينىڭ شىنجاڭدا تېررورلۇققا ۋە جىنايەتچىلەرگە قارشى يولغا قويغان سىياسەتلىرىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ۋە بۇلارنىڭ يامان نىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۆزىنى ئاقلىدى.[27] خىتاينىڭ ئەنگلىيە باش ئەلچىسى ليۇ شياۋمىڭمۇ ئەنگلىيە تاراتقۇلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالىگە قارىتا، بۇ رايوندا جازا لاگېرلىرىنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت دىنىي رادىكاللىقنى تۈگىتىش مەقسىتىدە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ۋە تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى تۈگىگەندىن كېيىن، تەربىيەلەنگەنلەرنىڭ ياخشى خىزمەت ۋە تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ[28] غەرب دۆلەتلىرىنى ئىنسان ھەقلىرى تەنقىدلىرىگە قارشى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىردى.[29] لېكىن رايوندا ھەقىقەتەن مەسىلە بارلىقى شەكسىزدۇر.[30] ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ رايون ھەققىدە تەييارلىغان دوكلاتلىرىمۇ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئاشكارىلىدى.[31]

ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت (Michelle Bachelet)، شەرقىي تۈركىستانغا مەخسۇس كۆزىتىش ھەيئىتى ئەۋەتىش ئارقىلىق رايوننىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تىرىشقان بولسىمۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان.[32] قىسقىسى، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر

پاجىئەلەر دۇنيا تەرىپىدىن بىلىنىپ[33] دىققەت تارتىشقا باشلىدى.[34]

2018 - يىلى 28 - ئاۋغۇستتا ئامېرىكا ئالىي پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ۋە باشقا 16 مەجلىس ئەزاسى شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرى قىلمىشى سادىر قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارىتا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى دۇنيا ماگنىتسكىي (Magnitsky) ئىنسان ھەقلىرى جاۋابكارلىق قانۇنىغا ئاساسەن ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە چاقىردى. ماركو رۇبىيو قاتارلىق ئامېرىكا مەجلىس ئەزالىرى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو (Mike Pompeo) ۋە خەزىنە ئىشلىرى مىنىستىرى ستېۋېن مىنۇچىين (Steven Mnuchin)غا ئەۋەتكەن خېتىدە، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىستىك پارتىيەسى سېكرېتارى چېن چۈەنگو ۋە باشقا ئالتە خىتاي ئەمەلدارىغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكىمۇ چاقىردى.[35] نەتىجىدە ئامېرىكا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى بېسىم قىلىشنى كۈچەيتىشكە باشلىدى.[36]

2018 - يىلى 9 - سېنتەبىردە ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتى (Human Rights Watch) تەرىپىدىن ئەتراپلىق تەييارلانغان بىر دوكلاتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلار ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر - مەلۇماتلار بېرىلىپ لاگېرلارنىڭ ھەققىي ماھىيىتى ئېچىپ تاشلاندى.[37] ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇدىرى سوفىيا رىچاردسىن (Sophie Richardson) لاگېرلارنى تاقىۋېتىش ۋە تۇتقۇنلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى.[38] دوكلاتتا رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىۋاتقانلىقى، رايون خەلقىنىڭ ھېچقانداق سوئال - سوراق ۋە سوتلانماي خالىغانچە قولغا ئېلىنىۋاتقانلىقى، قىيىن - قىستاق ۋە ناچار مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقى، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ كۈنسايىن سىستېمىلىق ھالدا كونترول ئاستىغا ئېلىنىۋاتقانلىقى ئەسكەرتىلدى. دوكلاتتا يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خىتاينىڭ زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىلدى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى گېڭ شۇاڭ 2018 - يىلى 10 - سېنتەبىردە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئىزچىل خىتايغا قارىتا بىر تەرەپلىمە مۇئامىلە قىلىپ، ئاساسسىز قاراش ۋە ئىشەنچسىز دەلىللەر بىلەن تەييارلانغان دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارىتىلغان ئەيىبلەشلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشنى رەت قىلىدىغانلىقىنى دېدى. باياناتچى گېڭ شۇاڭنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دا يولغا قويغان بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتىنىڭ رايوننىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، كىشىلەرنىڭ باياشات تۇرمۇشى، دۆلەت بىخەتەرلىكى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئېتنىك بۆلگۈنچىلىك ۋە زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان تېررورلۇق قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.[39]

ب د ت ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ئالىي كومىسسارلىقى كومىسسارى مىچېل باچېلېت، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە قولغا ئېلىپ قاماققا ئېلىشىنىڭ ئەندىشە پەيدا قىلغانلىقىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ب د ت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇشى لازىملىقىنى بىلدۈردى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى گېڭ شۇاڭ 2018 - يىلى 11 - سېنتەبىردىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مىچېل باچېلېتنىڭ سۆزىگە مۇنۇ تەرىقىدە جاۋاب قايتۇردى: «سىلەرنى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا، ۋەزىپەڭلەرنى ئادىل ۋە بىتەرەپ ھالدا ئورۇنداشقا چاقىرىمىز.»[40] شۇ كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق مەسىلىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ئالاقە ۋە بىخەتەرلىك سىياسەتلىرى ئالىي ۋەكىلى

فېدېرىكا موگېرىنى (Federica Mogherini)، شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دىكى سىياسىي تۇسنى ئالغان قايتىدىن تەربىيەلەش لاگېرلىرىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتقانلىقلىرىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.[41] ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو، ئىراننىڭ دىنىي رەھبىرى ئايەتۇللاھ ئەلى ھامانېينى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىملىرىنى ئەيىبلەشنى رەت قىلىشىنى تەنقىد قىلدى.[42] غەربلىكلەر ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمىغا قارىتا دۇنيادىكى مۇسۇلمان ۋە تۈرك دۆلەت ۋە گورۇپپىلىرىنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇش سىياسىتىنىمۇ تەنقىد قىلدى.

2018 - يىلى 2 - ئۆكتەبىردە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ستراسبورگدىكى مەركىزىدە چاقىرىلغان ئومۇمىي كېڭەش يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى (شەرقىي تۈركىستان) ئۇيغۇر ۋە قازاقلارغا قارىتىلغان خالىغانچە قولغا ئېلىش قىلمىشى ئەيىبلەندى. ياۋروپا پارلامېنتى ختاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنى خالىغانچە قولغا ئېلىشنى توختىتىشقا، لاگېرلارنى تاقاشقا ۋە تۇتقۇنلارنى شەرتسىز ۋە دەرھال قويۇپ بېرىشكە چاقىردى.[43] 2018 - يىلى ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى جازا لاگېرلىرىنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رادىكالىزمنى يوقىتىش نىزامنامىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ رايوننىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتقان ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ئالاقە ۋە خەۋپسىزلىك سىياسەتلىرى ئالىي كومىسسارى باياناتچىسى ماژا كوسىژانكىك (Maja Kocijancic)، رايوندىكى لاگېرلارنىڭ رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، رايوندا كوللېكتىپ قولغا ئېلىنىش، سىستېمىلىق نازارەت سىستېمىلىرى ۋە ساياھەت چەكلىمىسى بارلىقىنى، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن ھالەتتە يۇرتىغا قايتالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. باياناتچى كوجىجانكىك ختاينىڭ رايوندىكى سىياسىتىنىڭ ب د ت ئىرقىي ئايرىمچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنىڭ نىزامنامىسىگە زىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ختاينى ئىنسان ھەقلىرى ختابنامىسى، خەلقئارا مەدەنىي ۋە سىياسىي ھەق - ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى (ختاي ئىمزالىغان)غا ھۆرمەت قىلىشقا، رايون خەلقىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشقا چاقىردى.[44]

2018 - يىلى 4 - ئۆكتەبىردە ھادسىن ئىنستىتۇتى (Hudson Research Institute) دا سۆز قىلغان ئامېرىكا مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پېنس، بىر مىليون ئۇيغۇرغا مېڭە يۇيۇش سىياسىتى يولغا قويۇلىۋاتقانلىقىنى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەستەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.45. ئامېرىكادىكى ختاي ئىشلىرى پارلامېنتى - ئىجرائىيە كومىتېتى (Congressional - Executive Commission on China) ئورنى تەرىپىدىن 2018 - يىلى 10 - ئۆكتەبىردە ئېلان قىلىنغان دوكلاتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلار 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان بەرپا قىلىنغان ئەڭ كۆپ نوپۇسلۇق ئاز سانلىق بىر مىللەت كوللېكتىپ ھالەتتە قامالغان جايلار دەپ سۈپەتلەندى. دوكلاتتا يەنە ماگنىتسكىي قانۇنىغا ئاساسەن، زۇلۇم قىلغان ۋە خالىغانچە قولغا ئېلىش قىلمىشلىرى سادىر قىلغان ختاي ئەمەلدارلىرىنى جازالاندۇرۇش كېرەكلىكى ئەسكەرتىلدى.[46] 2018 - يىلى 29 - ئۆكتەبىردە ئامېرىكانىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن ۋەكىلى كېللېي كىررىي (Kelley Currie) مۇ رايوندىكى لاگېرلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پۈقراۋى قاماقخانا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ قاماقخانىدا قانۇنىي تەكشۈرۈش، سوتلاش ۋە قانۇنىي ھەق - ھوقۇقلارنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈردى.[47]

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» رەئىسى شۆھرەت زاكىر 2018 - يىلى 16 - ئۆكتەبىردە تۇنجى قېتىم «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى» ھەققىدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش

يىغىنى ئۆتكۈزدى.[48] شۇ كۈنى خىتاينىڭ «CCTV» قانىلىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلار ھەققىدە سۆھبەت پروگراممىسى تارقاتتى.[49] لاگېرلارنىڭ تامامەن قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھىمايە قىلغان خىتاينىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى ئۆزى كۈتكەن نەتىجە ياراتمىدى. 3 مىليون ئىنساننى لاگېرغا سولاش بىلەن ئەيىبلىگەن ب د ت نىڭ تەنقىد ۋە ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلغان خىتاي دائىرىلىرى، بۇ لاگېرلارنى «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى» دەپ سۈپەتلەپ ئۆزلىرىنى ئاقلاشنى داۋاملاشتۇرماقتا.[50]

2018 - يىلى 6 - نويابىردا جەنۋەدە ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئارخىپى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىن چاقىردى. فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق 16 غەرب دۆلىتى خىتايدىن تۇتقۇندىكى 1 مىليون ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى يىغىۋېلىش لاگېردىن دەرھال قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ يىغىنغا خىتاي مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لې يۈچېڭ باشچىلىقىدىكى 66 كىشىدىن تەشكىل تاپقان خىتاي ھەيئىتى قاتناشتى. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىنى قەتئىي رەت قىلغان لې يۈچېڭ، بىر ئوچۇم ئاز سانلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي غەرەزلىرى سەۋەبىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىر تەرەپلىمە مۇئامىلە قىلىپ، ئىشەنچىسىز دەلىل ۋە بۇرمىلانغان ھەقىقەتلەرنى ئاساسەن قىلغان ئەيىبلەشلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.[51] ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى كونسۇلى (US Congress and Administration China Council) نىڭ باشلىقى كرىس سمىس (Chris Smith) ۋە باشقا ئىككى پارتىيەنىڭ ئەزالىرى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىغا «ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» نى تاپشۇردى.[52] 2018 - يىلى 6 - نويابىردا جەنۋەدىكى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى تەرىپىدىن تەييارلانغان خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىنىڭ ئۇنىۋېرسال قەرەللىك باھالاش (UPR) خىزمىتىنىڭ ئۈچىنچى ئايلانما يىغىنى ئۆتكۈزۈلىۋاتقاندا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىللىشىدە ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، ياپونىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مىڭلارچە شەرقىي تۈركىستانلىق جەنۋەدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان زۇلۇم سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن نامايىش ئۆتكۈزدى.[53] ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشى خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى ئۈستىدە تۆت يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ قېتىم خىتاينىڭ پوزىتسىيەسى تۈپەيلى كېڭەش ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. خىتاي تەرەپ ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ كۆنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىنىشىنىڭ ھەقىقەتكە زىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كېڭەشنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلدى ۋە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىن خىتاينى كەمسىتىش مەقسىتىدە پايدىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كېڭەشنىڭ قارارلىرىغا قارشى چىقتى.[54] لېكىن خىتاي ب د ت دا ئۆزىنى ئاقلاشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشقا باشلىدى.[55]

2018 - يىلى 8 - نويابىردا گېرمانىيە فېدراتىپ پارلامېنتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى دېگەن تېمىدا يىغىن ئۆتكۈزدى. ھۆكۈمەت ۋە ئۆكتىچى پارتىيەلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم سىياسىتىنى توختىتىش لازىملىقىنى بىلدۈرۈشتى. گېرمانىيە يېشىللار پارتىيەسى فېدراتىپ پارلامېنت ئەزاسى مارگارېت باۋۇس (Margarete Bause)، شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دا 1 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ خالىغانچە قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ناماز ئوقۇشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، جامە ۋە مەسجىتلەرنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ مۇسۇلمان ئاز سانلىقلارنىڭ كىملىك ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.[56]

گېرمانىيە فېدراتىپ ھۆكۈمىتى ئىنسان ھەقلىرى كومىسسارى دوكتور باربېل كوفلېر (Bärbel Kofler) ئىنسان ھەقلىرىگە دائىر دوكلاتلارنى مەنبە كۆرسىتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ناچار مۇئامىلە ۋە قىيىن - قىستاققا

ئۈچراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە لاگېرلاردا كوللېكتىپ هالەتتە ياشاشقا مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنى بۇ مەسىلىدە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشكە چاقىردى.[57] ئاۋستىرالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مارىس پاين (Marise Payne) (5 - نۆۋەتلىك خىتاي - ئاۋستىرالىيە دىپلوماتىيە ، ۋە ئىستراتېگىيەلىك دىيالوگ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، 2018 - يىلى 8 - نويابىردىكى بېيجىڭ زىيارىتىدە، مەنسەبدىشى ۋاڭ يى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى.[58] لېكىن يىغىنغا دائىر ئېنىق مەلۇم بېرىلمىدى.

خىتاي مەجلىس - ئىجرائىيە كومىتېتى باشلىقى كرىس سىمىس، 2018 - يىلى 14 - نويابىردا ئاۋام پالاتاسىغا «ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» تاپشۇردى. مەزكۇر لايىھەدە خىتاي شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)دا تەخمىنەن 1 مىليون ئۇيغۇرنى خالىغانچە قولغا ئېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرى سادىر قىلىش بىلەن ئەيىبلەندى. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنى دەرھال تاقاشقا ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مىنىستىرلىق تارمىقىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە ئالاھىدە كوردىناتور تەيىنلەشكە چاقىرىلغان دوكلاتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرى سادىر قىلغۇچىلارغا قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزۈش تەلەپ قىلىندى. مەجلىس ئەزاسى سىمىس، خىتاينىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىپ لاگېرلارغا سولىنىشىنىڭ تولىمۇ ۋەھشىيلىك ئىكەنلىكىنى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى سادىر قىلىنغان جىنايەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى لازىملىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتى قۇرۇپ چىققان غايەت زور چوڭلۇقتىكى لاگېرلار سىستېمىسىنى «يىغىۋېلىش لاگېرى» ئاتاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ۋە خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى 21 - ئەسىردە توغرا چۈشىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى.[59]

رويتېرسنىڭ 2018 - يىلى 15 - نويابىردىكى خەۋىرىدە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، شۋېتسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىرېلاندىيە، شۋېتسارىيە، بېلگىيە، نورۋېگىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە ۋە دانىيە قاتارلىق 15 دۆلەتنىڭ خىتايدىكى ئەلچىلىرى بىرلىشىپ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) كوممۇنىستىك پارتىيەسى باش سېكرېتارى چېن چۈەنگوغا خەت ئەۋەتتى. چېن چۈەنگو بىلەن كۆرۈش تەلەپ قىلىنغان بۇ خەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىغا دائىر قاراشلارغا چۈشەنچە بېرىش ۋە ئۇيغۇرلار بولۇپ رايون خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان ناچار مۇئامىلىلەردىن بىئاراملىق پەيدا بولغانلىقى تەكىتلەندى. ئەلچىلەر ھەققەتلەرنى رايوندا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ۋە چېن چۈەنگو بىلەن كۆرۈشۈپ ھەققىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋاقىتتا شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان)غا تەكلىپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىشتى.[60]

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ «CCTV» قانىلى «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى» يەنى جازا لاگېرلىرى ھەققىدە پروگراممىا تارقاتتى. پروگراممىدا بۇ مەركەزلەردە تەربىيەلەنگەن تۇتقۇنلار «كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى»دە تەربىيەلىنىۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ۋە كەسىپ ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىدۇ.[61] خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ لاگېرلار ھەققىدە قىزىقىۋاتقان سوئاللارغا جاۋاپ بېرەلمىگەندىن سىرت بارلىق ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان مەزكۇر پروگراممىا كۆتۈلگەن نەتىجە ۋە تەسىر پەيدا قىلالمىدى.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاق قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قاراتقان زۇلۇم سىياسىتى ۋە لاگېرلاردا ئۇچرىغان زۇلۇملىرىغا قارىتا مۇسۇلمان ۋە تۈرك دۆلەتلىرى ئەيىبلەش، تەنقىد ۋە چارىلەرنى

ئەمەس سۈكۈتنى تاللىدى. ھەتتا بەزى مۇسۇلمان ۋە تۈرك دۆلەتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنى قوللىدى. خىتاي بىلەن نۇرغۇن ساھەدە مەنپەئەتلىرى بولغان بۇ دۆلەتلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلدى.[62] بۇ ئەھۋال ب د ت دا خىتايغا قارىتىلغان ئەيىبلەشلەر ياكى لاگېرلارنى تاقىۋېتىش مەسىلىسىدە ئىككى خىل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. غەرب دۆلەتلىرى بىلەن شەرق دۆلەتلىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلدى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم سىياسىتى رايوندىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا پايدىسىز بولغاندىن سىرت، ئۇيغۇر - شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىششىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## ENDNOTES


1 “Xianjian Uyghur Autonomous Region Regulation on De-extremification, which targets Turkic Muslim ethnic, linguistic and religious minorities as well as Kazakh nationals”, 12 November 2018. https://www.ishr.ch/sites/default/files/article/files/jol_de-extremification.pdf

2 List of Re-education Camps in Xinjiang 新疆再教育集中营列表, https://medium.com/@shawnwzhang/list-of-re-education-camps-in-xinjiang-%E6%96%B0%E7%96%86%E5%86%8D%E6%95%99%E8%82%B2%E9%9B%86%E4%B8%AD%E8%90%A5%E5%88%97%E8%A1%A8-99720372419c

3 Special Correspondent, “A Summer Vacation in China’s Muslim Gulag”, *Foreign Policy*, February 28, 2018, 1:35 PM. https://foreignpolicy.com/2018/02/28/a-summer-vacation-in-chinas-muslim-gulag/

4 Shawn Zhang, “Xinjiang’s re-education system is a hybrid of Gulag and Indian Residential School”, *medium.com*, Jun 12, 2018. https://medium.com/@shawnwzhang/latest-re-education-campaign-in-karshgar-xinjiang-167668ad5729

5 叶林, <学者：新疆再教育营关人或近百万 警察抓人有指标>, 《美国之音》2018年5月8日 06:43. https://www.voachinese.com/a/4383631.html

6 Stephanie Nebehay, “U.N. says it has credible reports that China holds million Uighurs in secret camps”, *Reuters*, August 10, 2018 / 11:14 PM. https://www.reuters.com/article/us-china-rights-un/u-n-says-it-has-credible-reports-that-china-holds-million-uighurs-in-secret-camps-idUSKBN1KV1SU; “China Uighurs: One million held in political camps, UN told”, *BBC News*, 10 August 2018. https://www.bbc.com/news/world-asia-china-45147972; Nick Cumming-Bruce, “U.N. Panel Confronts China Over Reports That It Holds a Million Uighurs in Camps” *The New York Times*, August 10, 2018. https://www.nytimes.com/2018/08/10/world/asia/china-xinjiang-un-uighurs.html?_ga=2.224280921.394630832.1545014996-1008890845.1542623337

7 崔士方, <新疆「再教育营」有两大「鼻祖」>, 《大纪元》2018年11月01日http://www.epochtimes.com/gb/18/10/31/n10821601.htm

8 “Press Release: Wuc Holds Successful March And Demonstration In Brussels On 27 April 2018”, World Uyghur Congress, April 30, 2018. https://www.uyghurcongress.org/en/press-release-wuc-holds-successful-march-and-demonstration-in-brussels-on-27-april-2018/; “2,000 March for Freedom of the Uyghurs in Large-Scale Demonstration Organised by UNPO and WUC”, Unrepresented Nations and Peoples Organization, Apr 27, 2018. https://unpo.org/article/20774; <海外维族人布鲁塞尔大规模示威 抗议中国任意羁押上百万维族人>, 《自由亚洲电台》2018年4月27日. https://www.rfa.org/mandarin/Xinwen/tl-04272018155025.html

9 Philip Wen, “Tens of thousands detained in China’s Xinjiang, U.S. diplomat says”, *Reuters*, 18 April 2018, 1:04 PM. https://www.reuters.com/article/us-china-xinjiang-usa-idUSKBN1HP17N

10 “New Guidelines on Uyghur ‘Signs of Extremism’ Issued to Xinjiang Authorities”, *Radio Free Asia*, 7 November 2017, https://www.rfa.org/english/news/uyghur/guidelines-11072017153331.html; “Uyghur Woman Dies of Condition Left Untreated in Chinese Police Detention”, *Radio Free Asia*, 12 December 2017, https://www.rfa.org/english/news/uyghur/death-12122017164350.html

11 “China: Free Xinjiang ‘Political Education’ Detainees, Muslim Minorities Held for Months in Unlawful Facilities”, Human Rights Watch, September 10, 2017 9:00PM EDT. https://www.hrw.org/news/2017/09/10/china-free-xinjiang-political-education-detainees

12 Colum Lynch, “Uighurs, Now Defends Them at U.N., China tries to silence the group and lashes out at a U.S. diplomat”, *Foreign Policy*, May 25, 2018, 11:11 AM, https://foreignpolicy.com/2018/05/25/u-s-once-jailed-uighurs-now-defends-them-at-u-n/

13 "UK Parliamentary Roundtable on Xinjiang", *The Rights Practice*, 3 July 2018. https://www.rights-practice.org/news/parliamentary-roundtable-on-xinjiang

14 "Remarks by Vice President Pence at Ministerial To Advance Religious Freedom", The White House, July 26, 2018. https://trumpwhitehouse.archives.gov/briefings-statements/remarks-vice-president-pence-ministerial-advance-religious-freedom/

15 "Surveillance, Suppression, and Mass Detention: Xinjiang's Human Rights Crisis", Congressional-Executive Commission on China, July 26, 2018 - 10:00am to 12:00pm. https://www.cecc.gov/events/hearings/surveillance-suppression-and-mass-detention-xinjiang%E2%80%99s-human-rights-crisis

16 "Ministerial to Advance Religious Freedom-Statement on China", U.S. Embassy and Consulates in China, 27 July, 2018. https://china.usembassy-china.org.cn/ministerial-to-advance-religious-freedom-statement-on-china/

17 Emily Feng, "Crackdown in Xinjiang: Where have all the people gone? ", *The Financial Times*, August 5, 2018. https://www.ft.com/content/ac0ffb2e-8b36-11e8-b18d-0181731a0340

18 Stephanie Nebehay, "U.N. says it has credible reports that China holds million Uighurs in secret camps", *Reuters*, August 10, 2018, 6:14 PM. https://www.reuters.com/article/us-china-rights-un-idUSKBN1KV1SU

19 Editorial Board, "Opinion: We can't ignore this brutal cleansing in China", *The Washington Post*, August 15, 2018 at 2:56 a.m. GMT+3. https://www.washingtonpost.com/opinions/global-opinions/we-cant-ignore-this-brutal-cleansing-in-china/2018/08/14/e0b7b0f0-9f19-11e8-83d2-70203b8d7b44_story.html

20 <社评：捍卫新疆和平稳定，就是最大的人权>,《环球时报》， 2018年8月12日. https://opinion.huanqiu.com/article/9CaKrnKbiub

21 "A Call for a UN Investigation, and US Sanctions, on the Human Rights Disaster Unfolding in Xinjiang", *China Change*, 10 Ağustos 2018. https://chinachange.org/2018/08/10/a-call-for-a-un-investigation-and-us-sanctions-on-the-human-rights-disaster-unfolding-in-xinjiang/

22 James Griffiths and Ben Westcott, "China says claims 1 million Uyghurs put in camps 'completely untrue'", *CNN*, August 14, 2018, Updated 0146 GMT (0946 HKT). https://edition.cnn.com/2018/08/13/asia/china-xinjiang-uyghur-united-nations-intl/index.html; "China Uighurs: Beijing denies detaining one million", *BBC News*, 13 August 2018. https://www.bbc.com/news/world-asia-china-45173573; Isabella Steger, "China flat out denies the mass incarceration of Xinjiang's Uyghurs as testimonies trickle out", *Quartz*, August 13, 2018. https://qz.com/1354447/china-flat-out-denies-the-mass-incarceration-of-xinjiangs-uyghurs-as-testimonies-trickle-out/

23 Lily Kuo, "China denies violating minority rights amid detention claims", *The Guardian*, 13 Aug 2018 13.46 BST. https://www.theguardian.com/world/2018/aug/13/china-state-media-defend-intense-controls-xinjiang-uighurs

24 "China newspaper defends Xinjiang Muslim crackdown", *Associated Press*, August 13, 2018, https://www.apnews.com/13639efccfb4491f8629e87c44c4be19; "China has prevented 'great tragedy' in Xinjiang, state-run paper says", *Reuters*, August 13, 2018 / 8:36 AM. https://www.reuters.com/article/us-china-rights-un/china-has-prevented-great-tragedy-in-xinjiang-state-run-paper-says-idUSKBN1KY01B

25 Liu Xin, "Xinjiang policies justified", *Global Times*, 13 August 2018/ 23:13:39. http://www.globaltimes.cn/content/1115202.shtml; "China newspaper defends Xinjiang Muslim crackdown", *Associated Press*, August 13, 2018. https://apnews.com/article/13639efccfb4491f8629e87c44c4be19;

Reuters Staff, "China has prevented 'great tragedy' in Xinjiang, state-run paper says,", *Reuters*, August 13, 2018, 3:36 AM. https://www.reuters.com/article/us-china-rights-un/china-has-prevented-great-tragedy-in-xinjiang-state-run-paper-says-idUSKBN1KY01B

26 Emily Feng, "China denies UN allegations of Uighur internment centres", *The Financial Times*, August 13, 2018. https://www.ft.com/content/f826db32-9ee0-11e8-85da-eeb7a9ce36e4

27 <外交部：少数境外媒体污蔑中国在新疆的反恐和打击犯罪措施系别有用心>, 《新华网》2018年08月14日 14:40:36. http://m.xinhuanet.com/2018-08/14/c_129932633.htm

28 Liu Xiaoming, "Harmony in Xinjiang is based on three principles", *The Financial Times*, August 21, 2018. https://www.ft.com/content/05a81682-a219-11e8-85da-eeb7a9ce36e4

29 "China tells U.N. rights chief to respect its sovereignty after Xinjiang comments", *Reuters*, September 11, 2018 / 3:29 PM. https://in.reuters.com/article/un-rights-china/china-tells-u-n-rights-chief-to-respect-its-sovereignty-after-xinjiang-comments-idINKCN1LR0KB

30 Rian Thum, "China's crackdown on the Uighur minority", October 1, 2018. https://davemarash.com/2018/10/01/chinas-

crackdown-on-the-uighur-minority-rian-thum/

31 "'Eradicating Ideological Viruses': China's Campaign of Repression Against Xinjiang's Muslims", Human Rights Watch, September 9, 2018. https://www.hrw.org/report/2018/09/09/eradicating-ideological-viruses/chinas-campaign-repression-against-xinjiangs; "China: Massive Crackdown in Muslim Region", Human Rights Watch, September 9, 2018 8:01PM EDT. https://www.hrw.org/news/2018/09/09/china-massive-crackdown-muslim-region; "EU: Suspend Deportations of Turkic Muslims to China", Human Rights Watch, December 3, 2018 7:30AM EST. https://www.hrw.org/news/2018/12/03/eu-suspend-deportations-turkic-muslims-china; "China: Families of up to one million detained in mass "re-education" drive demand answers", Amnesty International, 24 September 2018, 15:37 UTC. https://www.amnesty.org/en/latest/news/2018/09/china-xinjiang-families-of-up-to-one-million-detained-demand-answers/

32 Stephanie Nebehay, "U.N. rights chief Bachelet takes on China, other powers in first speech", *Reuters*, September 10, 2018 / 3:31 PM. https://www.reuters.com/article/us-un-rights/u-n-rights-chief-bachelet-takes-on-china-other-powers-in-first-speech-idUSKCN1LQ0QI

33 Roland Hughes, "China Uighurs: All you need to know on Muslim 'crackdown'", *BBC News*, 8 November 2018. https://www.bbc.com/news/world-asia-china-45474279

34 Matthew Bell, "China's crackdown on Xinjiang's Uighur Muslims draws international concern", *Public Radio International*, September 11, 2018 · 3:45 PM EDT. https://www.pri.org/stories/2018-09-11/chinas-crackdown-xinjiangs-uighur-muslims-draws-international-concern

35 Reuters Staff, "Group of U.S. lawmakers urges China sanctions over Xinjiang abuses", *Reuters*, August 30, 201812:00 AM. https://www.reuters.com/article/us-usa-china-rights-idUSKCN1LE2MK; Josh Chin and Eva Dou, "American Lawmakers Push to Sanction Chinese Officials Over Xinjiang Camps", *The Wall Street Journal*, Aug. 29, 2018, 11:03 pm ET. https://www.wsj.com/articles/lawmakers-push-to-sanction-chinese-officials-over-xinjiang-camps-1535554800

36 Shannon Tiezzi, "US Congress Members Want Sanctions on China Over Xinjiang Crackdown", *The Diplomat*, August 30, 2018. https://thediplomat.com/2018/08/us-congress-members-want-sanctions-on-china-over-xinjiang-crackdown/

37 "Eradicating Ideological Viruses: China's Campaign of Repression Against Xinjiang's Muslims", Human Rights Watch, September 9, 2018. https://www.hrw.org/sites/default/files/report_pdf/china0918_web2.pdf

38 <「去除思想上的病毒」中国对新疆穆斯林的镇压行动>, Human Rights Watch, 2018年 09月 09日. https://www.hrw.org/zh-hans/report/2018/09/09/322305

39 < 2018年9月10日外交部发言人耿爽主持例行记者会>, Çin Halk Cumhuriyeti Dışişleri Bakanlığı, 2018年 09月 10日. https://www.fmprc.gov.cn/web/wjdt_674879/fyrbt_674889/t1593694.shtml

40 〈2018年9月11日外交部发言人耿爽主持例行记者会〉, Çin Halk Cumhuriyeti Dışişleri Bakanlığı, 2018年 09月 10. https://www.fmprc.gov.cn/web/wjdt_674879/fyrbt_674889/t1594045.shtml

41 "Speech by HR/VP Mogherini at the plenary session of the European Parliament on the state of the EU-China relations", Strasbourg, 11/09/2018 - 12:25, UNIQUE ID: 180912_6. https://eeas.europa.eu/headquarters/headquarters-homepage/50337/speech-hrvp-mogherini-plenary-session-european-parliament-state-eu-china-relations_en

42 Samuel Ramani, "Iran's Careful Approach to China's Uyghur Crackdown", *The Diplomat*, September 18, 2018. https://thediplomat.com/2018/09/irans-careful-approach-to-chinas-uyghur-crackdown/

43 The European Parliament, "European Parliament resolution on on Mass arbitrary detention of Uyghurs and Kazakhs in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region" (2018/2863(RSP)). http://www.europarl.europa.eu/sides/getDoc.do?type=MOTION&reference=B8-2018-0465&format=XML&language=EN

44 Maja Kocijancic, "Statement by the Spokesperson on the situation in Xinjiang ", Bruxelles, 26/10/2018 - 17:41, UNIQUE ID: 181026_22. https://eeas.europa.eu/headquarters/headquarters-Homepage_en/52881/Statement%20by%20the%20Spokesperson%20on%20the%20situation%20in%20Xinjiang

45 Hudson Institute, "Vice President Mike Pence's Remarks on the Administration's Policy Towards China October 4 Event", October 4th, 2018, 11:00am to 12:00pm. https://www.hudson.org/events/1610-vice-president-mike-pence-s-remarks-on-the-administration-s-policy-towards-china102018

46 "Congressional-Executive Commission on China: 2018 Annual Report", Printed for the use of the Congressional-Executive Commission on China, October 10, 2018. https://www.cecc.gov/sites/chinacommission.house.gov/files/Annual%20Report%202018.pdf

47 Kelley Currie, "Remarks at a Meeting of the Third Committee on Statements by the Committee on the Elimination of Racial Discrimination (CERD)", UN, New York, October 29, 2018. https://usun.state.gov/remarks/8698?fbclid=IwAR2W9598t4epUvqk-UKme2l5rNX5QRnlGVTvtv4WOwYpAtxrUWd8RBPfzZ0

48 <新疆维吾尔自治区主席雪克来提・扎克尔就新疆反恐维稳情况及开展职业技能教育培训工作答记者问>, 《新华网》, 2018年10月16日 10:02:52. http://www.xinhuanet.com/politics/2018-10/16/c_1123564725.htm

49 <《焦点访谈》 : 筑牢根基 源头治理>, 《央视网》, 2018年10月16日 20:07. http://tv.cctv.com/2018/10/16/VIDEVvr9aq34SsDMrB6IRGnh181016.shtml

50 Lucy Hornby, “China defends Xinjiang camps for Muslim citizens”, *Financial Times*, October 17 2018. https://www.ft.com/content/94814bee-d1b2-11e8-a9f2-7574db66bcd5

51 Stephanie Nebehay, “West calls on China to close Uighur detention camps”, *Reuters*, November 6, 2018/6:59 PM. https://www.reuters.com/article/us-china-rights-un/west-calls-on-china-to-close-uighur-detention-camps-idUSKCN1NB1CF; Josh Chin, “China Faces Off With Critics of Muslim Detentions”, *The Wall Street Journal*, November 6, 2018/11:53 a.m. ET. https://www.wsj.com/articles/china-faces-off-with-critics-of-muslim-detentions-1541523203; “US and Australia call on China to close secret Uighur re-education camps”, *ABC News*, November 6, 2018/8:38am. https://www.abc.net.au/news/2018-11-07/us-australia-call-on-china-to-close-uighur-re-education-camps/10471546

52 “US legislators to urge China sanctions over Xinjiang crackdown”, *Al Jazeera*, 14 Nov 2018. https://www.aljazeera.com/news/2018/11/legislators-urge-china-sanctions-xinjiang-crackdown-181114010307969.html

53 萧雨, <上千维吾尔人日内瓦抗议再教育营 多国联合国代表呼吁关闭营地>, 《美国之音》, 2018年11月7日 00:33. https://www.voachinese.com/a/uyghur-protests-20181106/4646869.html

54 Emily Feng, “Beijing hits back at Uighur internment camp critics”, *Financial Times*, November 7, 2018. https://www.ft.com/content/642016d4-e1b5-11e8-a6e5-792428919cee

55 Charlotte Gao, “Xinjiang Detention Camp or Vocational Center: Is China ‘Calling A Deer A Horse’?”, *The Diplomat*, November 08, 2018. https://thediplomat.com/2018/11/xinjiang-detention-camp-or-vocational-center-is-china-calling-a-deer-a-horse/

56 Ayhan Şimşek, “Muslims in Xinjiang face repression: German parliament, German lawmakers call on China to close mass detention camps for Uighur Muslims”, *Anadolu Ajansı*, 9 Kasım 2018.

57 Hao Gui, “Kofler: ‘Xinjiang-Debatte im Bundestag war wichtig’”, Deutsche Welle, 14.11.2018. https://www.dw.com/de/kofler-xinjiang-debatte-im-bundestag-war-wichtig/a-46289790; 当远, <专访：联邦议院讨论新疆问题具有重要意义>, 2018年11月15日.

58 “Marise Payne raised Uighur concerns during China meeting”, SBS News, November 8, 2018. https://www.sbs.com.au/news/marise-payne-raised-uighur-concerns-during-china-meeting; “Wang Yi and Foreign Minister Marise Payne of Australia Hold the China-Australia Diplomatic and Strategic Dialogue”, Ministry of Foreign Affairs, the People’s Republic of China, November 8, 2018. https://www.fmprc.gov.cn/mfa_eng/zxxx_662805/t1612155.shtml

59 “Smith Introduces Legislation Condemning Abuses Against Uyghurs in China, Calling for Accountability”, *Chris Smith web*, Nov 14, 2018. https://chrissmith.house.gov/news/documentsingle.aspx?DocumentID=401556; Jodi Xu Klein, “Under new US bill, China could face punishment over Xinjiang Uygur camps”, *South China Morning Post*, 14 Nov, 2018. https://www.scmp.com/news/china/politics/article/2173196/china-may-face-us-sanctions-over-uygur-camps-xinjiang; “US legislators to urge China sanctions over Xinjiang crackdown”, *Al Jazeera*, 14 Nov 2018. https://www.aljazeera.com/news/2018/11/14/us-legislators-to-urge-china-sanctions-over-xinjiang-crackdown

60 Philip Wen, Michael Martina and Ben Blanchard, “Exclusive: In rare coordinated move, Western envoys seek meeting on Xinjiang concerns”, *Reuters*, November 15, 2018, 8:35 AM. https://www.reuters.com/article/us-china-xinjiang-exclusive/exclusive-in-rare-coordinated-move-western-envoys-seek-meeting-on-xinjiang-concerns-idUSKCN1NK0H0; <15国驻华大使要求见新疆党委书记陈全国 中国认为要求无礼>, 《美国之音》, 2018年11月15日 19:58. https://www.voachinese.com/a/Western-Envoys-Seek-Meeting-On-Xinjiang-Concerns-20181115/4659699.html

61 <《东方时空》新疆：记者探访职业技能教育培训中心>, 《央视网》2018年12月30日 20:44. http://tv.cctv.com/2018/12/30/VIDEerzWMceyQCy5xVdlDaU4181230.shtml

62 Sarah M. Brooks, “Neighborhood Watch: Will Asian Countries Turn a Blind Eye to Uyghur Issues in China?”, *The Diplomat*, November 07, 2018. https://thediplomat.com/2018/11/neighborhood-watch-will-asian-countries-turn-a-blind-eye-to-uyghur-issues-in-china/




# خىتاينىڭ «شىنجاڭنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» تەدبىرلىرى مۇساپىسى:

## سەۋەب - ئامىل - مەقسەت

ئىزاھات: ماقالىدە خىتايچە رەسمىي ھۆججەتلەردىن ئېلىنغان ئىسىملار، ئېنىملار، ھۆججەتلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ئەسلى ماتېرىياللاردىكى ئاتىلىشى بويىچە بېرىلدى.

**ئاساسىي مەزمۇنى:** شەرقىي تۈركىستان رايونى ئاھالىسىنىڭ خىتايلاردىن پەرقلىق بولۇشى، مەدەنىيەت جەھەتتىن كۈچلۈك ئاساسقا شۇنداقلا سىياسىي ۋە تارىخى جەھەتتىن پارلاق ئۆتمۈشكە ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، خىتاي مەركىزى ھاكىمىيىتى، يەنى چىڭ سۇلالىسى ئىشغالىيىتىدىن باشلاپ، بۇ يەرنى قانداق باشقۇرۇش ئىزچىل ئۇلار كۆپ باش قاتۇرىدىغان بىر مەسىلە بولۇپ كەلگەن. قانداق باشقۇرۇش ھەققىدىكى تەدبىرلەردىن بىرى «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» بولۇپ بۇ مەسىلە زورۇڭتاڭ دەۋرىدىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. مەن بۇ ماقالىدە ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردە خىتاي سىياسىيونلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئوخشىمىغان بۆلۈپ باشقۇرۇش لايىھەلىرىنى ۋە بۇلارنىڭ سەۋەبىنى، تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى شۇنداقلا بۇ خىل باشقۇرۇش لايىھەسىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقىي مۇددىئاسى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمەن. بۇ ماقالىدە يەنە بۇ خىل لايىھەگە قارشى تۇرغان ۋە قوللىغان ئۇيغۇر دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ پوزىتسىيەسى تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئارقىغا يوشۇرۇنغان مەقسەت ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ماقالىنىڭ ئاخىرقى بۆلۈملىرىدە خىتاي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھېچبولمىغاندا «شىنجاڭ» ئىسمىنى بولسىمۇ ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش تەشەببۇسلىرى



**نەبىجان تۇرسۇن**

تارىخ پەنلىرى دوكتورى.

E-mail: nabijant@gmail.com

ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ۋە پىلاننىڭ نېمە ئىكەنلىكى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شەرقىي تۈركىستان، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش، شىنجاڭ، ۋۇجۇڭشىن، ئۈچ ئەپەندى، يولۋاس.

Abstract: Ethnic dissimilarity, strong cultural identity and clear historical memory of East Turkestani people make the East Turkistan region a “headache” for the Chinese government since their occupation by the Manchu Qing Dynasty. They have always set up various plans to control the region from that time, “Divide into Several Provinces” was one of them, and this strategy has been discussed since the Zuozongtang era. This article outlines the different partitioning plans developed by Chinese politicians during different historical periods, as well as their reasons, historical backgrounds, and the real motives behind such management plans. This article also presents Uyghur politicians’ views who both opposed and supported such strategies based on historical sources. Since the underlying motives are similar, the final sections of the article analyze why the the Chinese authorities’ attempt to at least change the “Xinjiang” name. Lastly, it discusses what the current situation and plan is.

**Key words**: East Turkistan, Partitioning Strategy, Xinjiang, Wu Zhongshun, Three Elits, Yolwas.

## كىرىش

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان مانجۇ - چىڭ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بىپايان زېمىننى قانداق ئىدارە قىلىش، ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا مۇستەھكەم ۋە مۇقىم ساقلاش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ تاكى ھازىرغىچە بۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ھەرخىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم باشقۇرۇش سىياسىتى كۈنتەرتىپىدىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلدى. بۇ رايوندىكى ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن سىياسىي داۋالغۇشلار، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل شەكىلدىكى قارشىلىق ۋە نارازىلىق ھەرىكەتلىرى، خىتاي ھاكىمىيەت قاتلىمىدىن ھالقىپ ھەتتا خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسى ساھەسىنىمۇ ئىزچىل باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ 20 - ئەسىردىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇش ئۈچۈن چارە - تەدبىر قوللىنىشى ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ «شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش» تەدبىرلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇردى. داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە كۈنتەرتىپتىن قالمىغان تېمىلارنىڭ بىرى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى كىچىكلىتىپ، ئۇنى نەچچە ئۆلكىگە پارچىلاپ باشقۇرۇش» ۋە ئۇنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىدىن ناملارنى بېرىش ھەققىدىكى تەدبىر لايىھەلىرى بولدى. مۇنداق مۇھاكىمە 1949 - يىلىغىچە ئىزچىل داۋاملاشتى.

## مۇھاكىمە كۈنتەرتىپىدىن قالمىغان كۆپ ئۆلكىگە پارچىلاپ باشقۇرۇش تەشەببۇسى

1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ پارتلاپ ۋە مۇستەقىل شەرقىي

تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇپ تېزلىكتە غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتنى ئىگىلەپ، شىددەت بىلەن پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىغا قاراپ كېڭىيىپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتى پاچاقلىنىپ تاشلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى پارچىلاپ باشقۇرۇش» تەشەببۇسى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى قاتلىمىدا كۆتۈرۈلدى.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خىتاينىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسى» رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن (1884 - 1959) «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تۆت ئۆلكىگە ئايرىش» لايىھەسىنى تۈزۈپ، جاڭ جېيشىغا يوللىدى. ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ پىلانى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قايتىدىن ئايرىش تەشەببۇسى» دەپ ئاتالغانىدى. ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى مۇنداق تۆت ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش تەشەببۇسىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان. ئۇ:

بىرىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان، يەنى خىتايلار ئاتىغان «شىنجاڭ ئۆلكىسى» نىڭ يەر مەيدانىنىڭ ئىنتايىن چوڭلۇقى ۋە خىتاي بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، ھەتتا «سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ تۆت ھەسسىسى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ 16 ھەسسىسىگە تەڭ ئىكەنلىكى»، «مىللەت تەركىبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، تاشقى جەھەتتىن قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن چېگرالىنىشى، بىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىمكانلىرىنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن قىيىن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە كۆرۈنۈشتىكى ئەمىنلىكنى ساقلاش ھېچ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقى»[1]؛

ئىككىنچىدىن، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەملىكەت مەركىزىدىن يىراققا جايلاشقانلىقى، قاتناش يوللىرىنىڭ قالاقلىقى، ئىچكىرىدىن پەقەت خېشى كارىدورى ئارقىلىق شىڭشىڭشىيا (ئارا يۇلتۇز) دىن ئۆتىدىغان بىرلا لىنىيە ئارقىلىق بارغىلى بولىدىغانلىقى»، «قۇمۇل بىلەن جيۇچۈەننىڭ ئارىسىنىڭ 650 كىلومېتىرلىق ئادەم شالاڭ چۆل»، «تەبىئىي توسۇق» ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن[2].

ئۈچىنچىدىن، ئۇ: «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە بىخەتەرلىك ئۈچۈن چوقۇم ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر» «شىنجاڭنى بۆلۈش كېرەك»[3] دەپ قارىغان. ۋۇ جۇڭشىن: «بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ بۇ پىكىر يەنىلا توغرا»[4] دەپ ئېيتىدۇ. ئۇ دېمەكچى بولغان ۋەزىيەت شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىشى ئىدى.

ۋۇ جۇڭشىن يەنە زو زوڭتاڭ 1878 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ، بۇ رايوننى ئىككى ئۆلكىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئويىدا بولغانلىقى، ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئىككى ئۆلكىگە بۆلۈش پىكىرى بولغانلىقى ۋە «شىنجاڭنى بۆلۈپ باشقۇرۇش تەشەببۇسلىرى» نىڭ ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى تارىخىي جەھەتتىنمۇ دەلىللەشكە تىرىشقان.

ئۇ ئەنە شۇ نۇقتىلاردىن چىقىش قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى تۆت ئۆلكىگە ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ تۆت ئۆلكىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

بىرىنچى، شەنبېي (北山 يەنى شىمالىي تەڭرىتاغ) ئۆلكىسى[5]: ئۈرۈمچى (دىخۇا) دىن باشقۇرۇلىدۇ. ھازىرقى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە دىخۇادىن ئىبارەت تۆت چېگرا رايون قوغداش مەمۇرىي مەھكىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، شەننەن (南山 يەنى جەنۇبىي تەڭرىتاغ) ئۆلكىسى: كۇچادىن باشقۇرۇلىدۇ. ھازىرقى ئاقسۇ ۋە قاراشەھەردىن ئىبارەت ئىككى چېگرا رايون قوغداش مەمۇرىي مەھكىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، كۈئىنلۇن (قاراقۇرۇم) ئۆلكىسى: يەكەندىن باشقۇرۇلىدۇ. ھازىرقى قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ئۈچ چېگرا رايون قوغداش مەمۇرىي مەھكىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، ئەنشى ئۆلكىسى: ئەنشىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ھازىرقى قۇمۇل ۋە جيۇچۈەن قاتارلىق ئىككى چېگرا رايون قوغداش مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە ئېچىنا

ئايمىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[6].

ۋۇ جۇڭشىن تۆت ئۆلكىگە بۆلۈش بىلەنلا قالماستىن يەنە كەلگۈسىدە «ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ئۈچ رايوننىڭ ھېچقايسىسىنى دىخۋادىن ئايرىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كېيىنچە شارائىت يار بەرگەن چاغدا يەنە بىر ئۆلكىنى قوشۇش مۇمكىن»[7] دەپ قارايدۇ. يەنى ئۇ كەلگۈسىدە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى بولغان ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئايرىم بىر ئۆلكە قىلىپ، پۈتۈن «شىنجاڭ»نى، يەنى شەرقىي تۈركىستاننى بەش ئۆلكىگە بۆلۈش پىكرىنىمۇ قويىدۇ.

ئۇ، ھەربىي جەھەتتىن گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي ۋە شىنجاڭ قاتارلىق تۆت ئۆلكىگە، ئەگەر شىنجاڭنى بۆلۈش ئەمەلگە ئاشسا، يەتتە ئۆلكىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى ۋە ئورتاق ھەربىي رايون قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[8].

ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ لايىھەسى يەنە ئۇ ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ رايونغا زور ساندىكى خىتاي ئاھالىسىنى يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش مۇددىئاسى بىلەنمۇ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇنداق تۆت - بەش ئۆلكىگە بۆلگەندە باشقۇرۇشقا قولايلىق ھەم خىتاي ئاھالىلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن بولىدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە، بۇ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى، بۇ رايونلارنى ئەبەدىي ئۆز قولىدا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇقىم باشقۇرۇش قاتارلىق خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. ئۇ يەرلىك خەلقلەرگە، مۇھىمى ئۇيغۇرلارغا يۇكسەك مىللىي مۇختارىيەت بېرىشكە قارشى ئىدى . جۈملىدىن ئۇ، مەسئۇد سەبىرى، ئەيسا ئالپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق ئۈچ ئەپەندىنىڭ خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە سۇنغان شەرقىي تۈركىستانغا يۇكسەك مۇختارىيەت بېرىش تەلەپ لايىھەسىگە، شۇنىڭدەك مەزكۇر ئۈچ ئەپەندىنىڭ جاڭ جىجۇڭ تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ چىقىلىپ، بۇ جايدا ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغىمۇ قارشى تۇرغۇچى ئىدى[9].

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى، بولۇپمۇ جياڭ جيېشى ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ لايىھەسىگە ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن بولۇپ، جياڭ جيېشى جاڭ جىجۇڭنى ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە ئەۋەتكەندە بۇ لايىھەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولامدۇ يوق قاراپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. لېكىن، 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ17 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان تەرەپ بىلەن خىتاي تەرەپ سۆھبەت باشلىغانلىقى ئۈچۈن، جياڭ جيېشىبۇ پىلاننى ۋاقتىنچە قالدۇرۇپ قويۇشنى قارار قىلدى[10]. جاڭ جىجۇڭمۇ «شىنجاڭنى كىچىكلىتىش، ئۆلكىلەرگە بۆلۈۋېتىپ باشقۇرۇش» تەدبىرىنى قوللىغان بولۇپ، ئۇ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ لايىھەسىنى، يەنى پارچىلاپ باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى قوللىغان بولسىمۇ ئەمما 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، يەنى شەرقىي تۈركىستان تەرەپ بىلەن بولغان بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئۇچرىشىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما بېرىپ، بۇ لايىھەنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئەمما ھازىرچە بۇنىڭغا كىرىشمەسلىك ، «غۇلجا ئىسيانى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن باشلاش» تەكلىپىنى بەردى[11]. ۋەھالەنكى، جاڭ جىجۇڭ «شىنجاڭ» نى بۆلۈش توغرا كەلسە ئىككى ئۆلكىگە ئايرىشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

بۇلاردىن باشقا يەنە ۋۇ جۇڭشىننىڭ لايىھەسى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە كۆپ قىزىقىش ۋە غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى تۈشمۇ تۈشتىن ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن بۇنىڭغا ئوخشاش «شىنجاڭنى پارچىلاپ باشقۇرۇش» تەكلىپلىرى ھەققىدىكى ئىنكاسلار ۋە تەكلىپلەر داۋاملىق چىقىپ تۇردى. ھەتتا خىتاي ھەربىي - سىياسىي رەھبەرلىرىدىن سۇڭ زىۋېن (1894 - 1971)، چېن چېڭ (1897 - 1965)، گۇ جىچاۋ (1902 - 1998) ۋە باشقىلارمۇ تۈشمۇ تۈشتىن پىكىر بايان قىلىپ، ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇنداق تۆتكە بۆلۈش لايىھەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى، شۇڭا

ئۇنى توختىتىپ قويۇشنى بىلدۈرۈشتى. مەسىلەن، خىتاي ئارمىيەسى باش شتاب باشلىقى چېن چېڭ 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۆزىنىڭ پوزىتسىيەسى شۇنىڭدەك 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گۇ جىچاۋنىڭ پىكرىنى يەتكۈزگەن. گۇ جىچاۋ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت شارائىتىدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ تۆت ئۆلكىگە بۆلۈش لايىھەسى، ئومۇمەن شەرقىي تۈركىستاننى بۆلۈش چارىسىنى «قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقى»، چۈنكى بۇنىڭ ئىقتىسادىي شارائىت، ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قوماندانلىق، ھەربىي تەمىنات ، سىياسەت قاتارلىق تۆت تەرەپتىن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، قىسقىسى ھازىرقى ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ مۇنداق كۆپ ئۆلكىگە بۆلۈشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدىغانلىقى، مۇنداق كۆپ ئۆلكىگە بۆلگەندە ھەربىي قوشۇنلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ۋە ھەربىي تەمىناتنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن[12].

گۇ جىچاۋ 1945 - يىلى 9 - ئايلاردا جياڭ جيېشىتەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغان. ئۇ، ماناس ئالدىنقى سېپى ۋە ئۈرۈمچى مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسىگە قارشى مۇداپىئە لىنىيەلىرىنى ھاسىل قىلىپ، بىر قاتار چارىلەرنى قوللانغانىدى[13].

ھەتتا جياڭ جيېشىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى تاڭ سۇڭ 1945 - يىلى 10 - ئايدا جياڭ جيېشىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكرىنى بىلدۈرگەندە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى كىچىكلىتىش، يەنى شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتنىشى قالاق، مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا كۆپلىگەن قولايسىزلىقلارنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئالتە ئۆلكىگە ئايرىپ باشقۇرۇش» نى ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، ئۇ بۇ ئالتە ئۆلكىنى باشقۇرىدىغان بىر ئالىي دەرىجىلىك باشلىق تەسىس قىلىپ ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئالتە ئۆلكىنى ئىدارە قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتقان. تاڭ سۇڭنىڭ بۇ تەشەببۇسىمۇ جياڭ جيېشىنىڭ قىزىقىشىغا ئېرىشكەن.

گومىنداڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ۋۇ جۇڭشىننىڭ مەزكۇر تۆت ئۆلكىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش تەشەببۇسىغا قارشى چىققانلارنىڭ بەزىلىرى «شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈش» نىڭ ئىقتىسادىي شەرت شارائىتى يوقلۇقى، نوپۇس جەھەتتىن مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى، يەنە بەزى خىتايلار بۇ رايوننى كۆپ ئۆلكىگە بۆلگەندە، مەركەزنىڭ بۇ جايدىكى بۇيرۇق بېرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلايدىغانلىقى، ھەتتا بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكەن، يەنە بەزى خىتايلار بولسا مۇنداق قىلغاندا يەرلىك خەلقلەرنىڭ غەزىپى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچراپ، تېخىمۇ زور قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى دەلىل كۆرسەتكەن.

يەنە بەزىلەر شەرقىي تۈركىستاننى كۆپ ئۆلكىگە بۆلگەندە يەرلىك كۈچلەرنى تارقاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە يەرلىك تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ دەپ قارىغان. كۆپىنچىسى مەركەزنىڭ باشقۇرۇش ۋە قوماندانلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ دېگەن پىكىردە بولغان.

## خىتايدىكى «شىنجاڭنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» تەشەببۇسلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب - ئارقا كۆرۈنۈش

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى«بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» نۇقتىئىنەزىرى ۋە بۇنىڭ رەسمىي پىلان دەرىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنىش دەرىجىسىگىچە يېتىشىنىڭ روشەن سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سەۋەب - ئامىللىرى بار. بۇنى ئاساسلىقى ئۈچ سەۋەب - ئامىلغا باغلاش مۇمكىن.

بىرىنچىسى، بۇنداق «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» 1912 - يىلى مانجۇ ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلۇپ، خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ «خىتاي جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەرقايسى جايلاردا بۆلۈنۈش ۋە مەركەزگە بويسۇنماسلىق ۋەزىيىتى شەكىللىنىشى بىلەن 1884 - يىلى مانجۇ - چىڭ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان «يېڭى ئىگىلىگەن زېمىن»، «يېڭى چېگرا مەنىسى»دىكى «شىنجاڭ» ئۆلكىسىدىمۇ، خىتاي مىلىتارىستىنىڭ مەركەزگە بېقىنمايدىغان ۋەزىيىتىنىڭ داۋاملىشىشى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ 1930 - ۋە 1940 - يىللاردىكى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى قېتىم ئۆز مۇستەقىللىقىنى جاكارلاپ ئايرىم دۆلەت قۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئېغىر بولغان «شىنجاڭ مەسىلىسى» نىڭ باش ئاغرىقى پەيدا قىلىشى.

ئۈچىنچى، خىتاي جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە پەيدا بولغان مەنچىڭ دەۋرىدىكى ۋە جۇڭخۇا مىنگو، يەنى خىتاي جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى ئۆلكىلەرنى يەنە قايتىدىن ئايرىپ بېكىتىش، يەنى ئۆلكىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ياكى قىسقارتىش نۇقتىئىنەزىرى ھەم ئۇرۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مانا مۇشۇنداق ئاساسلىق ئامىللار خىتاي سىياسىيونلىرى ۋە ھاكىمىيىتى قاتلىمىدا شەرقىي تۈركىستاننى، يەنى ئۇلارنىڭ ئاتىشى بويىچە «شىنجاڭ» نى نەچچە ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى.

مەنچىڭ ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ»، يەنى، «يېڭى چېگرا»، «يېڭى زېمىن» دەپ ئاتاپ، ئۆلكە تۈزۈمى ئورناتقان شەرقىي تۈركىستاننى، يەنى «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنى پارچىلاش پىكىرلىرى تۇنجى قېتىم 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا زو زوڭتاڭ قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار بۇ ئۆلكىنى ئىككىگە بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ تەشەببۇس يەنە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنى ئىككى ئۆلكىگە بۆلۈپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىنى شەنبېي (شىمالىي تەڭرىتاغ) ئۆلكىسى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمىنى شەننەن (جەنۇبىي تەڭرىتاغ) ئۆلكىسى قىلىش، ھەربىر ئۆلكىگە بىردىن «سەييارە سىلاۋچى»[14] تەيىنلەش، ئۇلاردىن بىرى ئۈرۈمچىنى، يەنە بىرى بولسا ئاقسۇنى باشقۇرۇش، شۇنداقلا ھەربىر ئۆلكىگە بىردىن ۋالىي تەسىس قىلىپ ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان[15]. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇ خىلدىكى تەكلىپلەر چۇشۇپ، تالاش - تارتىشلار بولۇپ تۇرغان.

20 - ئەسىردە خىتاي مىللەتچىلىرى ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ، خىتاي مىللىتىنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقى، يەنى خىتاي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1913 - 1939 - يىللىرى ئارىسىدا بۇ تەشەببۇسلار يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ دەۋردە بۇ خىل تەشەببۇسنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبى ۋە جۇڭشىن ۋاقتىدىكى ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبىدىن بىر ئاز پەرقلىق بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىن (1867 - 1928)، جىن شۇرېن (1883 - 1941)، شېڭ شىسەي (1887 - 1970) قاتارلىقلارنىڭ نامدا خىتاي جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بويسۇنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەركەزگە بويسۇنماستىن ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ[16]، خىتاي جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جايدا ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىتالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر ئامىل 1931 - يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پارتلاپ، 1933 - يىلىغا كەلگەندە قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ جاكارلىنىشى، شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم ھاكىمىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاننى بىرقانچە ئۆلكىگە پارچىلاپ باشقۇرۇش نۇقتىنەزىرى ئالدى بىلەن خىتاي

سىياسىيون ۋە نەزەرىيەچىلەر ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ «شىنجاڭنى پارچىلىۋېتىش» نەزەرىيەسىنى چوڭ جەھەتتىن بىر قانچە نۇقتىدىن ئاقلاپ چۈشەندۈردى: بىرىنچىدىن، ئۇلار بۇ قەدەر چوڭ زېمىنغا ئىگە شەرقىي تۈركىستاننى بىرقانچە ئۆلكىگە بۆلۈپ باشقۇرۇشنى خىتاي دۆلىتىنىڭ بىرلىكى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە پايدىلىق، دەپ قارىغان.

مەسىلەن، 1933 - يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق ئىنقىلابى يالقۇنلاپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، سابىت داموللام باش مىنىستىر بولۇپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن باشقا رايونلاردا خىتاي مىلىتارىستلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى يوقىتىلغانىدا[17]، خىتاينىڭ ئاتاقلىق ئالىمى، 1928 - يىلى ھىندىستاننىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى تاگورنىڭ تەكلىپى بىلەن ھىندىستاندىكى خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە باشلامچىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن ھەمدە «ھازىرقى زاماننىڭ شۈەنزاڭى» دېگەندەك ناملارغا سازاۋەر بولغان تەن يۈنشەن 谭云山 (1898 - 1983) ئەڭ دەسلەپكى «شىنجاڭنى كۆپ ئۆلكىلەرگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» تەشەببۇسچىلىرىدىن بولۇپ، ئۇ 1933 - يىلىلا «شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بۇنداق بىپايان زېمىندا پەقەت بىرلا ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگان تەسىس قىلىنغان. مەركەزنىڭ بۇنى باشقۇرۇشى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىغا ناھايىتى پايدىسىز، پەقەت ئۆلكىلەرگە پارچىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پايدىلىق»[18] دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1934 - يىلى تونۇلغان خىتاي تارىخچىلىرىدىن بىرى شا يېزەن 夏益赞 بولسا «شىنجاڭنى پارچىلاپ باشقۇرغاندا، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنى پۈتۈن جۇڭگو سىياسىي رايونى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ۋە شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ چېگرالىرىدىكى ئاساسلىق توسۇققا ئايلاندۇرۇپ، تاشقى كۈچلەر بىلەن توقۇنۇش نۇقتىسى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ»[19] دەپ تەكىتلىدى.

1943 - يىلى شۈ توڭشىن (许同莘 1878 - ?) ئىسىملىك سىياسىيون «شەرق ژۇرنىلى» دا ماقالە ئېلان قىلىپ:«شىنجاڭنىڭ يېرى ۋە چېگراسى كەڭ، كونترول قىلىش قىيىن، ئۇنى تاغ - دەريالار جايلىشىشى بويىچە رايونلارغا بۆلۈپ باشقۇرۇش، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى كۈئېنلۈن ئۆلكىسى قىلىش»[20] دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۇ جيۇ 杜久 ئىسىملىك سىياسىيون ئۆزىنىڭ «خىتاينىڭ چېگرالىرى مەسىلىسى» ناملىق كىتابىدا:«پۈتۈن ئۆلكە ئىككى ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي رايونغا ئايرىلغان.. دۆلەتنىڭ بىرلىكى نۇقتىسىدىن ئالغاندا شىنجاڭنى بىر قانچە ئۆلكىگە ئايرىش مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشىغا پايدىلىق»[21] دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچىدىن، يەنە بىر تۈركۈم سىياسىيونلار شەرقىي تۈركىستاننى بىر قانچە ئۆلكىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىسلاھات قىلىپ، بۇ رايوننىڭ يەرلىك دېموكراتىك تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىدى. مەسىلەن. جېڭ باۋشەن 郑宝善 ۋە ليۇ كاڭ 刘熙 شەرقىي تۈركىستاندا مانجۇلار دەۋرىدىن ئېشىپ قالغان «يەرلىك ۋاڭلار ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ»،«شىنجاڭنىڭ مەركەزگە بىۋاسىتە بويسۇنغان ھالىتىنى، مەركەزنىڭ ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشىنى شەكىللەندۈرگىلى ۋە كونا تۈزۈمنى بىكار قىلغىلى بولىدۇ»[22] دەپ قارىدى.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر، مەسىلەن يىرېن 易仁 قاتارلىقلار بولسا، «شىنجاڭدىكى مىلىتارىستلار كۈچىيىپ كەتكەن، ئۇلار ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالغان، ئۇلاردا ھېچقانداق دۆلەت ئۇقۇمى يوق، شۇڭلاشقا «شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەردىمۇ جۇڭگو دۆلەت ئۇقۇمى يوق»، «شىنجاڭنى نەچچە ئۆلكىگە

پارچىلاپ ئىدارە قىلغاندا بۇ جايدىكى خەلقلەردە دۆلەت ئىدىيەسى ۋە ئۇقۇمىنى تەربىيەلەشكە ئاسان بولىدۇ»[23] دەپ قارىدى. ئۇلار خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى، يەنى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرالمىغانلىقى، يەرلىك خەلقلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ خىتاي دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىقى ئىدىيەسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسەتكەن.

1930 - يىللاردىن 1949 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي نەزەرىيەچىلىرى، سىياسىيونلىرى، ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچىلىرى ئارىسىدا «شىنجاڭ ئۆلكىسى» نى «ئىككى»، «ئۈچ»، «تۆت» ۋە «ئالتە» ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش ئىدىيەلىرى ۋە پىلانلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە: جاڭ فېڭيۇ (张雨峰) 1931 - يىلى ئىككى ئۆلكىگە ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى: يەنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى: تارىم ئۆلكىسى، مەركىزى: قەشقەر يېڭى شەھەر بولۇش. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى: جۇڭغارىيە ئۆلكىسى: مەركىزى: دىخۋا (ئۈرۈمچى) بولۇش[24].

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەزاسى، سۈن جۇڭشەننىڭ سەپداشلىرىدىن بىرى شۇ چۇڭخاۋ (1882 - 1959) «شىنجاڭ» نى ئىككىگە ئايرىشنى تەكىتلىدى. ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىنى شەنبېي، شىمالىي تاغ ۋە ياكى ئالتۇنتاغ ئۆلكىسى قىلىش، مەركىزى ئۈرۈمچى بولۇش، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى: شەننەن، يەنى جەنۇبىي تاغ ئۆلكىسى ياكى كۈئېنلۇن ئۆلكىسى دەپ ئاتاپ، ئاقسۇنى مەركەز قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شەرقىي تۈركىستاننى ئىككى ئۆلكىگە ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئاساسلىق جۇغراپىيەلىك، تارىخى، مىللەت، سىياسىي، دۆلەت مۇداپىئەسى قاتارلىق تەرەپلەردىن چىقىش قىلغان. بۇلار پۈتۈنلەي تەڭرىتېغىنى ئىككى ئۆلكىگە بۆلۈشتىكى جۇغراپىيەلىك ئۆلچەم قىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە 1934 - يىلى گومىنداڭ مەركىزىي سىياسىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭنى تەڭرىتېغىنى پاسىل قىلىپ ئىككى ئۆلكىگە ئايرىش»، يەنى شىمالىنى، «شىمالىي يېڭى ئۆلكە» (北新省)، جەنۇبنى «جەنۇبىي يېڭى ئۆلكە» (南新省) قىلىش، ئاقسۇنى جەنۇبىي ئۆلكىنىڭ، ئۈرۈمچىنى شىمالىي ئۆلكىنىڭ مەركىزى قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپ لايىھەسى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنىشقا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا «شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە ئايرىشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلمىگەن» دېگەن يەكۈن بىلەن قوبۇل قىلىنمىغان[25].

شەرقىي تۈركىستاننى، يەنى «شىنجاڭنى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈش» تەكلىپىنى 1933 - يىلى شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلغان، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە تەيىنلىگەن ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى ۋە 8 - دىۋىزىيە قوماندانى جاڭ پېيىيۈەن (1894 - 1934) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ: قەشقەر، خوتەن ئىككى ۋىلايەتنى «يېڭى جەنۇبىي ئۆلكە» (新南省)، دىخۋا (ئۈرۈمچى)، قاراشەھەر، ئاقسۇ ئۈچ ۋىلايەتنى «يېڭى شىمالىي ئۆلكە» (新北省)، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى «يېڭى غەربىي ئۆلكە» (新西省) دەپ بۆلۈشنى، تۇرپان، گەنسۇدىكى جيۇچۈەننى ئەنشى ئۆلكىسىگە قوشۇۋېتىشنى رەسمىي لايىھە شەكلىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان[26].

جاڭ پېيىيۈەننىڭ بۇ لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تىپىك شېڭ شىسەينىڭ كۈچىنى سىياسىي جەھەتتىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، چۈنكى ئۇ ھوقۇق جەھەتتە شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا بولغانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئىلىدا تۇرۇپ، ئىلى رايونىنى كونترول قىلىپ ۋە 8 - دىۋىزىيەنى قۇرۇپ چىقىپ، شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان ھەم بۇ جەھەتتە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقانىدى[27]. ۋەھالەنكى، ئۇ 1934 - يىلى 1 - ئايدا شېڭ شىسەيگە ياردەم بەرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى تەرىپىدىن تارمار بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىلەن خۇلاسىلىنىپ[28]، ئۇنىڭ مەركەزگە سۇنغان «شىنجاڭنى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈپ ئايرىم ئىدارە قىلىش لايىھەسى» مۇ توختاپ قالغانىدى. چۈنكى، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ 12

يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئارقىلىق خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنى بۇ يەرگە كىرگۈزمىدى ۋە ئەكسىچە پۈتۈنلەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 17 - جۇمھۇرىيىتى كەبى ھالدا مەۋجۇت بولغانىدى. شۇڭا خىتاي سىياسىيونلىرى، زىيالىيلىرى ۋە باشقىلار داۋاملىق شەرقىي تۈركىستاننى پارچىلاش تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى باشقۇرالمىغان بۇ جاينى بۆلەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى بۆلۈپ باشقۇرۇش» نىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلارنىڭ ئىچىدە، پەقەت مەركىزىي سىياسىي كومىتېتنىڭ لايىھەسى 1934 - يىلى بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىنغاندىن تاشقىرى، باشقىلارنىڭ ھېچقايسىسى تاكى 1945 - يىلى 8 - ئايغىچە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەخسۇس سۇنۇلۇپ مۇزاكىرە قىلىنىش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى. پەقەت، ۋۇ جۇڭشىننىڭ 1945 - يىلى 8 - ئايدىكى «شىنجاڭنى تۆتكە بۆلۈش تەشەببۇسى»، يەنى «لايىھەسى» خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە مۇزاكىرە قىلىنىش ھەتتا ئىجرا قىلىنىش گىردابىغا يېتىش ھەم ئۇزۇن مەزگىللىك مۇھاكىمىلەرنىڭ داۋاملىشىشىغا ئېرىشەلىدى.

## ئۈچ ئەپەندىنىڭ قارشىلىقى

ۋۇ جۇڭشىننىڭ «شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلۈش» لايىھەسى ئىچكى جەھەتتە پىلانلىنىپ، بىۋاسىتە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە، يەنى خىتاي ئالىي رەھبىرى جياڭ جيېشىغا سۇنۇلغان مەخپىي شەكىلدىكى دوكلات بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھېچقانداق ئاممىۋى پىكىر ئېلىش، خەلقنىڭ رايىنى ئېلىش، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئىگىلەش تۈسى ئالمىغانىدى. ئېنىق ئېيتقاندا بۇ، ۋۇ جۇڭشىن باشچىلىقىدىكى ئاز ساندىكى بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ھەربىي - سىياسىي دائىرىلىرىنىڭ مەخپىي تەييارلىغان پىلانىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر پىلاندىن كەڭ ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئاساسەن ئازاد قىلىپ، ئۈرۈمچى يۆنىلىشىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىمۇ خەۋەرسىز ئىدى. لېكىن، ئۈچ ئەپەندى 1945 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەردە ئولتۇرغانلىقى، يەنى مەسئۇد سەبرى بايقۇزى خىتاي گومىنداڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى، خىتاي جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ئەزاسى، گومىنداڭ سىياسىي كېڭەش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى[29]، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا گومىنداڭ مەركىزىي تەپتىش ھەيئىتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى ئەزاسى، ئەيسا ئەپەندى خىتاي جۇمھۇرىيىتى خەلق قۇرۇلتىيى ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك سالاھىيەتلىك ئەربابلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋۇ جۇڭشىننىڭ مەزكۇر مەخپىي پىلانىدىن خەۋەردار بولالىغانىدى.دېمەك، ۋۇ جۇڭشىننىڭ بۇ لايىھەسىگە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرغۇچىلار يەنىلا ئەنە شۇ ئۈچ ئەپەندى بولدى.

مەسئۇد سەبرى بايقۇزى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالپتېكىن قاتارلىقلار 1945 - يىلى 9 - ئايدا جياڭ جيېشىغا مەخسۇس مەكتۇپ ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستاننى مۇنداق پارچىلاشقا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ «يۇكسەك مۇختارىيەت ئېلىش» تەلىپىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى[30].

ئۇلار باشتىن ئاخىرى «شىنجاڭ»نى «تۈركىستان»غا ئۆزگەرتىش، تۈركىستاننى ئايرىم ئۆز ئالدىغا سىياسىي مەمۇرىي بىرلىك سۈپىتىدە قۇرۇش، بۇ يەردىكى تۈركىي خەلقلەرنى «تۈرك» دەپ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ

قىلغانىدى.

مانا شۇ مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالپتېكىن ۋە ئۇلارغا ئابدۇقادىر سامانى ۋە ئىسمائىل ئەپەندى قوشۇلۇپ بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭنى بىرقانچە ئۆلكىگە بۆلۈش»كە قارشى سەككىز ماددىلىق پىكىر - تەلەپ سۇندى. مەزكۇر تەلەپ - پىكىرلەر 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گومىنداڭ پارتىيەسى تەشكىلات بۆلۈمى باشلىقى چېن لىفۇ تەرىپىدىن جياڭ جيېشىغا يوللاپ بېرىلدى[31]. مەزكۇر سەككىز ماددىلىق تەلەپتە ئۇلار «شىنجاڭنى نەچچە ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىشنىڭ پايدىسىز»تەرەپلىرىنى بىرمۇ - بىر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، «شىنجاڭنى بۆلۈۋېتىشنىڭ ھەتتا دۆلەت ئاتىسى، يەنى سۈن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلەك ئىدىيەسى ۋە دۆلەت قۇرۇش لايىھەسىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى، ئەگەردە مۇنداق بۆلۈۋېتىش چارىسى قوللىنىلسا، شىنجاڭ خەلقىدە ئۈچ مەسلەككە نىسبەتەن خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇشى مۇمكىنلىكى» قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك دەلىللەر كۆرسىتىلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى بۇ قەدەمنى باسماسلىققا دەۋەت قىلغان[32].

ئەسلىدە تەلەپ - پىكىرلەر سەككىز ماددىلىق بولسىمۇ، بىراق، گومىنداڭ پارتىيەسى تەشكىلات بۆلۈمى باشلىقى چېن لىفۇ سەككىز ماددىلىق تەلەپ - پىكىرنى قىسقارتىپ يەتتە ماددىغا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇپ، ئۈچ ئەپەندى قاتارلىقلار تەلەپ - پىكىردە ۋۇ جۇڭشىننىڭ تۇت ئۆلكىگە پارچىلاپ باشقۇرۇش لايىھەسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى فىرانسىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ سۈرىيەنى بەش دۆلەتكە پارچىلاپ باشقۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي تۈركىستاننى بىرقانچە جۇمھۇرىيەتلەرگە بۆلۈۋېتىپ ئىدارە قىلىش پىلانىغا ئوخشىتىپ، بۇ ئارقىلىق خىتاي گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ مۇستەملىكچى ھاكىمىيەت ئورنىغا قويۇپ مۇلاھىزە قىلغان. بۇنداق، خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى، خىتاي گومىنداڭچى مىللەتچىلىرى ئەشەددىي ئۆچ كۆرىدىغان، تارىختا «خىتاينى ئەزگەن ۋە مۇستەملىكە قىلغان ياۋروپا مۇستەملىكچىلىرى» ۋە سوۋېت رۇسىيەسىگە ئوخشىتىشى گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى چېن لىفۇغا ياقماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئۇ دەل مەزكۇر نۇقتىنى چىقىرىپ تاشلاپ، تەلەپ پىكىرلەر يەتتە ماددىغا چۈشۈرۈلگەنىدى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەمۇرىي پالاتا كاتىبات ئەمەلدارى ۋۇ دىڭچاڭ بۇلارنىڭ مەزكۇر يەتتە ماددىلىق تەلەپ - پىكىرلىرىنى يىغىنچاقلاپ جياڭ جيېشىغا يوللىغان بولۇپ، بۇنىڭغا «مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ سۇنغان شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئائىت پىكىرلىرى» دەپمۇ قوشۇمچە نام بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن: «1. شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈشكە بولمايدۇ، يۈكسەك مۇختارىيەت بېرىلىشى كېرەك؛ 2. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك»[33].

ۋۇ دىڭچاڭ يەنە ئۇلارنىڭ يەتتە ماددىلىق تەلەپلىرىنى بىرمۇ - بىر كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۈچ ئەپەندى قاتارلىقلار تەلەپ - پىكىرلىرىنىڭ 1 - ماددىسىدا: «شىنجاڭنى ئەبەدىي ئەمىن قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شىنجاڭنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك مۇختارىيەت بېرىش»؛ 2 - ماددىسىدا: «زۆڭلىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تەربىيەسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ھەمدە ئۇلارنىڭ مىللىي ئورنىنى كۆتۈرۈپ، مۇختارىيەت قابىلىيىتىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش ئىدىيەسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئۇنداق بولمىغاندا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەلبىدە مەركەزگە نىسبەتەن گۇمان قىلىش ئازلىمايدۇ»؛ 3 - ماددىسىدا: «ئەگەر شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈۋەتكەندە، شىنجاڭ خەلقى مىللەتچىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتلار ۋە دۆلەت قۇرۇش لايىھەسى ھەم 1 - قۇرۇلتايىنىڭ خىتابنامىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرگە مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىش ۋەدىلىرىگە نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىلەردە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن[34].

ئۈچ ئەپەندى يەنە «شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش» نىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىقتىسادىي زىيانلىرى مەسىلىسىنىمۇ بىر ماددا سۈپىتىدە ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇلار، ھازىر «شىنجاڭ خەلقى» نىڭ يۈكى ۋە ئۇلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك باج - سېلىقلارنىڭ ئېغىرلىقى، مۇنداق تۆت ئۆلكىگە بۆلگەندە ئىقتىسادىي مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ناچارلىشىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلقنىڭ نارازىلىقلىرى كۈچىيىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولۇپمۇ ئۇلار سودا - ئىقتىساد جەھەتتىن ئېچكى سودىغا ئېغىر تەسىر يېتىدىغانلىقى، ئېچكى سودىدا كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا زور زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ شەرھىلىگەن.

ئۈچ ئەپەندى يەنە مەخسۇس ماددىلار ئارقىلىق تۆت ئۆلكىگە بۆلۈنگەندە «ئېچكى ماجىرالارنىڭ بېسىقماستىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدىغانلىقى، ئاخىرىدا بۇ ماجىرانىڭ سەۋەبى سۈرۈشتۈرۈلگەندە، بۇنىڭغا مەسئۇل بولىدىغان كىشىنىڭ چىقماي قېلىپ، باشقۇرۇشنىڭ ئىنتايىن تەسلىشىپ كېتىدىغانلىقى» قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە، ئۇلار خىتاي گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ يەرلىك زىيالىيلار، يەرلىك بايلار، خىتايپەرەس چوڭ كىچىك ئەمەلدارلار، بەگ - شاڭيولار ۋە باشقىلار ئارىسىدا كۆپلەپ گومىنداڭ پارتىيەسى ئەزالىرىنى پەيدا قىلىپ، ئەنە شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق» شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش«پىلانىدىن چىقىش قىلىپ، بۇ خىل تۆتكە بۆلۈش لايىھەسىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيالىيلار قاتلىمى ۋە خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمەيدىغان كۆرسەتكەن[35].

ئۇلار، ئەگەر بۇ لايىھە ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردە بۇ ئىجرائاتقا قاتناشقان، ئارىلاشقان، ماسلاشقان زىيالىيلارنىڭ، يەرلىك ئەربابلارنىڭ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدىغانلىقى، يەنى ئۇلارنىڭ خەلق تەرىپىدىن مىللەتنى بۆلگۈچىلەر، مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلار دەپ قارىلىپ چەتكە قېقىلىدىغانلىقى، بۇ كىشىلەر مۇنداق چەتكە قېقىلىشنى خالىمايدىغانلىقى، شۇڭا مۇنداق كۆپ ئۆلكىلەرگە بۆلۈۋېتىلگەندە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە ماسلىشىپ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان[36].

ئۈچ ئەپەندى يۇكسەك مۇختارىيەت تەلەپلىرىنى ھەر خىل نۇقتىدىن چىقىپ،ھەتتا «شىنجاڭنى بۆلۈش»كە قارشى تۇرۇش نۇقتىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرغاندى.

## «شىنجاڭ ئۆلكىسى» نى كۆپ ئۆلكىلەرگە پارچىلاشتىكى ھەقىقىي مۇددىئا ۋە ئاقىۋەت

خىتاي سىياسىيونلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ 1930 - يىللاردىن باشلانغان «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى كۆپ ئۆلكىلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش» لايىھەلىرىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى، ئۇلار ئۆزلىرى چۈشەندۈرگەن بىر قانچە نۇقتىلار بويىچە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ خىتايچىلىق ئىدېئولوگىيەسى بىلەن «بۈيۈك جۇڭخۇا» دۆلەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىدىن چىقىش قىلغان. يەنى يەرلىك خىتاي ئەمەس مىللەتلەرنى كەلگۈسىدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قولايلىق بولۇشنى شەرت قىلغان. چۈنكى جياڭ جيېشى باشلىق خىتاي مىللەتچىلىرى خىتايدىكى خىتاي ئەمەس مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ خىتاي مىللىتىدىن ئايرىم مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مىللىي تەرەققىيات ۋە سىياسىي تەرەققىيات يولىغا مېڭىشىنى رەت قىلاتتى. مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى[37]. جياڭ جيېشىقاتارلىقلار ئۇيغۇر ۋە باشقىلارنى ئوخشاشلا خىتاي مىللىتىنىڭ ئايرىم «بىر ئۇرۇقى»، يەنى خىتاي (خۇاشىيا) مىللىتى بىلەن «نەسىلداش ئۇرۇق»

دەپ قارايتتى[38]. «شىنجاڭنى كۆپ ئۆلكىگە بۆلۈش» تەشەببۇسكارلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلغان، شۇنىڭدەك ئۇلارنى خىتاي دۆلىتى تەركىبىدە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ئاخىرىدا خىتاي مىللىتى تەركىبىگە يۇغۇرۇۋېتىشنى نىشان قىلاتتى.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر مىللىتىنى پارچىلىۋېتىش، يەنى ئۇيغۇرلارنى كۆپ ئۆلكىگە پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ بىر مىللىي ۋە سىياسىي گەۋدە بولۇشىنى توسۇش ھەم ئاخىرىدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى قولاي ئىشقا ئاشۇرۇش.

شىنجاڭنى تەڭرىتېغىنى پاسىل قىلىپ ئىككى ئۆلكە، ياكى ئۈچ ئۆلكە ۋە ياكى تۆت ياكى ئالتە ئۆلكىگە بۆلۈش لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەڭ كۆپ نوپۇسلۇق، ئاساسلىق ۋە ئەڭ كەڭ تارقالغان مىللەت - ئۇيغۇرلارنى پارچىلىۋېتىش مۇددىئاسىغا يەتمەكچى بولغان. ئەلۋەتتە، بۇ سىياسىيونلار ۋە زىيالىيلار ئۆز لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بۇ ئۆلكىنىڭ ئېتنو - جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، سىياسىي جۇغراپىيەسى، ئىقتىسادىي جۇغراپىيەسى، نوپۇس قۇرۇلمىسى، مىللەت قۇرۇلمىسى ۋە مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ھەم ئۇلاردىكى سىياسىي يۈزلىنىش قاتارلىق كۆپ ئامىللارنى تەھلىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ خەتەرلىك ئامىل، يەنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى مۇستەقىللىق يولىغا باشلاپ، خىتاي مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە بويسۇنماسلىققا ئېلىپ بارىدىغان» ئامىل بۇ جايدىكى ئەڭ كۆپ سانلىق ۋە ئاساسلىق مىللەت ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇ «ئۆلكە»دىكى خىتاي ئاھالىسى بولسا گەرچە «ئۆلكە» نىڭ سىياسىي - مەمۇرىي ھوقۇقلىرىنى قولىدا تۇتسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ رايونغا نىسبەتەن ئاز سانلىق مىللەت ئىدى. بولۇپمۇ خىتاي مىللىتى جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردە يوق دېيەرلىك ئىدى. خىتاي ئاھالىسى شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن كۆچمەن ئاھالە بولۇپ، ئۇلار بۇ رايوننىڭ يەرلىك خەلقى ياكى يەرلىك ئاھالىسى ئەمەس ئىدى. ئەگەردە ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ بۇ رايوندا ياشىغان مىللەت بولسا، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئاران 200 مىڭ ئەتراپىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسىلەپ كۆپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

1916 - يىلىدىكى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش مەلۇماتىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاھالىسى 2 مىليون 278مىڭ 727 ئادەم ئىدى[39]. ياڭ زېڭشىن 1916 - يىلى «شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى 20 مىڭ لى، ئاھالىسى ئاران ئىككى مىليون 100مىڭدىن ئارتۇق، خەنزۇلار ئاران ئاھالىنىڭ بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ»[40] دەپ يازغان. مۇنداق بولغاندا خىتاي ئاھالىسى ئاران 20 مىڭ ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ.

1943 - يىلىدىكى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسى» نىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى، يەنى خىتايلار بۇ ئىستاتىستىكىدا تىلغا ئالغان شىنجاڭدىكى، نوپۇسنىڭ 3مىليون 730 مىڭ 51 ئادەم، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ 202 مىڭ 239 كىشى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن[41]. ئامېرىكىنىڭ دوكلاتلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، 1941 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكا بويىچە خىتايلار ئاھالىنىڭ 5.4%نى تەشكىل قىلغان بولۇپ، 202 مىڭ 239 ئادەم ئىدى[42]. ئۇلار «ئازسانلىق مىللەت» بولۇپ، شىبەلەر، سولونلار ۋە مانجۇلارنى قوشقاندا كۆڭزى - بۇددىست ۋە داۋزىم ئېتىقادىدىكى بۇ تۆت مىللەتنىڭ جەمئىي نوپۇسى 214مىڭ 610 ئادەم بولۇپ، بۇلار ئاھالىنىڭ 5.7 %نى تەشكىل قىلاتتى. ئەمما مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئاھالىنىڭ 92.22%نى تەشكىل قىلاتتى[43].

1944 - يىلى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسى» نىڭ يەنە بىر قېتىملىق سانلىق مەلۇماتىدا، «شىنجاڭ ئاھالىسى تۆت مىليون ئون مىڭ ئادەم، خەنزۇلار 225مىڭ ئادەم» دەپ كۆرسىتىلگەن[44].

ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى روبېرد ۋاردنىڭ 1944 - يىلى 15 - دېكابىر كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقىغا يوللىغان ئىلىدىكى قوزغىلاڭ ھەققىدىكى دوكلاتىدا«شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن تۆت مىليون، ئۇيغۇرلار ئاھالىنىڭ 75%نى، خىتايلار 5%نى تەشكىل قىلىدۇ»[45] دېگەنىدى.

خىتاي سىياسىيونلىرىنىڭ «ئىككى»، «ئۈچ»، «تۆت»، ياكى «ئالتە» ئۆلكىگە پارچىلاش لايىھەلىرى بويىچە ئالغاندا ،ئۇيغۇرلار بۆلۈنۈپ كېتەتتى. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئايرىم ئۆلكىگە بۆلۈنۈپ ، جەنۇب ۋە شىمالدىكى قېرىنداشلىرىدىن ئايرىۋېتىلەتتى. تۇرپان ئويمانلىقى، ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق شىمالىي رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار جەنۇبتىكى ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردىن بۆلۈپ تاشلىناتتى.مەسىلەن: ۋۇ جۇڭشىننىڭ تۆت ئۆلكىگە ئايرىش لايىھەسى ئۇيغۇر مىللىي ئورتاق گەۋدىسى ئۈچۈن خەتەرلىك بولۇپ، ئۇ ئاھالىنىڭ 95% تىدىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىغان ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش ئارقىلىق پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 80% جايلاشقان تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا بىر - بىرىگە بويسۇنمايدىغان، بىۋاسىتە مەركەزگە بويسۇنىدىغان ئىككى ئۆلكە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبنى ئاساسىي بازا قىلىپ مۇستەقىل دۆلەتچىلىك يولىغا مېڭىشىنى توسماقچى بولدى.

ئۈچىنچىدىن، خىتاي مىللىتى كۆپرەك جايلارنى ئايرىم ئۆلكە قىلىپ، بۇ جايلارغا تېخىمۇ كۆپ ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش.

1944 - يىلىدىكى «شىنجاڭ ساقچى ئىدارىسى» نىڭ سانلىق مەلۇماتىدا، جەنۇبتىكى بەش ۋىلايەتتىكى خىتايلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 8 مىڭغا يېقىن بولۇپ، بىر تۇمەنگىمۇ يەتمىگەنىدى. بۇ يەرلەردە خىتاي نوپۇسى يوق دېيەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن پەقەت ھەربىي كۈچكىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، زور ساندىكى خىتايلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ جايلارنى بىرقانچە ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش ئەڭ مۇۋاپىق چارە دەپ قارالغان بولسا كېرەك. خىتايلار ئاساسلىقى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى فۇكاڭ، جىمىسار، گۇچۇڭ، مىچۈەن قاتارلىق ناھىيەلەرگە تارقالغان بولۇپ، ئۈرۈمچى ئۇلارنىڭ 1930 - يىللاردىن تارتىپلا توپلاشقان مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى[46]. ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە تەۋە تۇرپان، توقسۇن ۋە پىچان ئاھالىسىنىڭ 90% ئۇيغۇرلار، ئاندىن كېيىن تۇڭگانلار ئىدى. خىتايلارنىڭ نوپۇسى بۇ ئۈچ ناھىيەدە جەمى مىڭ ئادەمگە يەتمەيتتى.

خىتايلار ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىن باشقا يەنە شىمالدىكى ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان بولۇپ، 1945 - 1946 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتى ئۈچ ۋىلايەتنى ئىدارە قىلغاندا بۇ جايلاردىكى بولۇپمۇ ئىلى ۋە تارباغاتاي تەۋەسىدىكى، جۈملىدىن ساۋەن، ماناس ناھىيەلىرىدىكى خىتاي ئاھالىسى قېچىشى ۋە خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارغا كۆچۈشى، شۇنىڭدەك ئۇرۇش مەزگىلىدە مەلۇم ساندا ئۆلۈشى نەتىجىسىدە مەلۇم دەرىجىدە ئازلىغانىدى.

«شىنجاڭنى بۆلۈش» تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنى ئاساس قىلىپ، ئايرىم ئۆلكە قىلىشنى، دېمەك، يەنى ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىشنى، بۇ ئۆلكە تەۋەسىگە ھەتتا ئۈچ ۋىلايەتنى قوشۇپ بېرىشنى ئويلاشقانىدى.

شىنجاڭنى ئالتە ئۆلكىگە بۆلۈپ، ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە مەخسۇس بۇ ئۆلكىلەرنى بىردەك باشقۇرىدىغان بىر مەركەز تەسىس قىلىش ئىدىيەسىدىكى تاڭ سۇڭ بولسۇن ياكى تۆت ئۆلكە تەرەپدارى ۋۇ جۇڭشىن بولسۇن ۋە ياكى «شىنجاڭنى» تەكرىتېغى بويىچە شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئىككى ئۆلكىگە بۆلۈش تەرەپدارلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىنى شىمال تەرەپتىكى بىر ئۆلكىنىڭ مەركىزى قىلىش تەشەببۇسىدا بولدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىنىڭ زو زوڭتاڭ ئىشغالىيىتىدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي مەركىزى، شۇنىڭدەك خىتاي مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي - سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغانلىقى، خىتايلارنىڭ مەركەزلىك ئورۇنلاشقانلىقىدىن چىقىش قىلغانىدى. يەنى بۇ خىتاي مىللىتى چوقۇم ھەممىنى باشقۇرۇشى كېرەك، خىتاي مىللىتى ئاساسىي ھۆكۈمران مىللەت دېيدىغان ئىدىيەگە باغلىنىشلىق ئىدى.

تۆتىنچىدىن، بۇ تەشەببۇسلار خىتاي دۆلەت بىرلىكى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، خىتاي سىياسىيونلىرى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان نامىدا پۈتۈن رايون مىقياسىدا ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلغان مۇستەقىل مىللىي دۆلەت ياكى ھېچ بولمىغاندا مەلۇم جەھەتتە مەركەزگە بېقىنغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى يۈكسەك دەرىجىدە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان «چىنى تۈركىستان»، ياكى «تۈركىستان»، ۋە ياكى «شەرقىي تۈركىستان» نامىدىكى يۈكسەك مۇختارىيەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايوننى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشىدىن ساقلىنىشنى مۇددىئا قىلدى. بۇنداق بولغاندا خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالغىلى ۋە ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە، خىتاي دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغىلى بولاتتى.

ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ھېچ بولمىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە، جەنۇب تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقى، بىرىتانىيە ھىندىستانى (1947 - يىلىغىچە)، پاكىستان ۋە ئافغانىستانلار بىلەن چېگرالىنىدىغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تەھدىت سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى. ئەگەردە شەرقىي تۈركىستاننى كۆپ ئۆلكىگە بۆلۈۋەتكەندە، بەزى ئۆلكىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى باشقا بىر دۆلەت كۈچىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ كەتسىمۇ، يەنە باشقا ئۆلكىلەرنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. ئەگەردە، شۇنچە چوڭ زېمىن، يەنى 1 مىليون 600مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىن پەقەت بىرلا ئۆلكە ھالىتىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ چىقىپ كەتسە، ياكى بىرەر دۆلەتنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتۈپ كەتسە، خىتاي ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش بولاتتى. شۇڭا ئۇنى كۆپ ئۆلكىگە پارچىلىغاندا مانا مۇنداق ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئىدى.

«شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە پارچىلاش» ئىدىيەلىرى 1933 - 1934 - يىللىرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئارىلىقتا تىنجىپ، 1945 - يىلى ئىككىنچى قېتىم شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى پارتلاپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۈچ ۋىلايەتنى ئىگىلىگەن ھەمدە جەنۇبتىكى ۋىلايەتلەردىمۇ قوراللىق ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنىڭدەك خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىدە بىۋاستە مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ 1945 - يىلىدىن كېيىن «شىنجاڭنى بۆلۈۋېتىش لايىھەلىرى» نى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار باشتىن ئاخىرى ئەنە شۇ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان، يەنى پۈتۈن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش، خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆزلەشنى مەقسەت قىلغانىدى.

## يولۋاسنىڭ قۇمۇل ئۆلكىسى لايىھەسى

گەرچە، جياڭ جېيشىباشچىلىقىدىكى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋۇ جۇڭشىنىڭ «شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلۈش» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بۆلۈپ باشقۇرۇش» لايىھەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىنى توختىتىپ قويغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق تەكلىپ ۋە لايىھەلەر شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى بىتىم بويىچە تۈزۈلگەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار غۇلجىغا قايتىپ كېتىپ[47]، سوۋېت ئىتتىپاقى «ئىلى تەرەپ» مىللىي ئارمىيەسىنى قايتىدىن قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلەپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يەنە قايتىدىن ئۇرۇش قىلىش ۋە تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن[48]، مىللىي ئارمىيە ئوسمان - قالىبېك ئىسيانلىرىنى باستۇرغان[49]، شۇنىڭدەك يەتتە ۋىلايەتنى مەسئۇد ئەپەندى باشچىلىق قىلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇۋاتقان 1947 - 1948 - يىللىرى يەنە داۋاملىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

شۇنى تەكىتلەش مۇمكىنكى، 1947 - يىلى 5 - ئايدا خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئالىپتېكىن قاتارلىق ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۆلكە ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىلى تەرەپ، يەنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە زەربە بېرىش تاكتىكىسى قوللانغاندىن تارتىپ، تاكى 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە مەسئۇد ئەپەندى رەئىس، ئەيسا ئەپەندى باش كاتىپ بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىش ئېلىپ باردى.

مانا شۇ مەزگىلدە ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ خىتايپەرەسلىكى، خىتاي ھاكىمىيىتىگە سادىقلىقى بىلەن ئىلىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابچىلىرى ۋە شۇنداقلا ئۈچ ئەپەندى باشچىلىقىدىكى مىللەتچىلەر تەرىپىدىن ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان قۇمۇل ۋالىيسى يولۋاس، ئۇيغۇرلاردىن بىرىنچى بولۇپ پۈتۈن «شىنجاڭنى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش» لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۈچ ئەپەندى قاتارلىق مىللەتچىلەر 1948 - يىلى 3 - 5 - ئايلار ئارىسىدا خىتاينىڭ پىرىزىدېنتىنى سايلايدىغان خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىدا«شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ نامىنى «تۈركىستانغا ئۆزگەرتىش» ۋە «يۇكسەك مۇختارىيەت» ھوقۇقى بېرىش تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندا مەزكۇر ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ ئەكسىچە يولۋاس جياڭ جيېشىغا «شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈش» نى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىنىڭ لايىھەسى سۇنغانىدى.

يولۋاس 1948 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش» لايىھەسىنى جاڭ جيېشىغا يوللىغان بولۇپ[50] ئۇ، ئۆزىنىڭ 16 بەتلىك مەزكۇر ئۇزۇن دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاننى بۆلۈپ باشقۇرۇشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ۋە باشقا بۇ خىل بۆلۈپ باشقۇرۇش تەشەببۇسلىرىغا بولغان قوشۇلۇش ھېسسىياتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى تەۋرىتىپ بويلاپ ئىككىگە بۆلگەندىن كۆرە، ئۈچكە بۆلۈشنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىشىچە، «شىنجاڭنى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈش»، بۇ ئۈچ ئۆلكىنىڭ بىرى تيەنتەي (天泰) ئۆلكىسى دەپ ئاتىلىپ، بۇنىڭغا پۈتۈن تەۋرىتىپنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار، يەنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرى، قاراشەھەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسمى كىرىپ، دىخۇا، يەنى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىش كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتىشىدىكى خىتايچە «تيەنتەي ئۆلكىسى» ئاتالغۇسىدىكى «تيەن»، تيانشان سۆزىدىكى بىرىنچى سۆز «تيەن天» دىن، «تەي泰»«ئالتاي» دېگەن سۆزدىكى ئۈچىنچى سۆز«تەي» دىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ «تيەنتەي ئۆلكىسى»[51]، يەنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغاندا«تيانشان - ئالتاي ئۆلكىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يولۋاسنىڭ لايىھەسىدىكى ئىككىنچى ئۆلكە، كۇنشۇ ئۆلكىسى (昆疏) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ سۆزنى خىتايچە كۇنلۇن، يەنى كۇئېنلۇن سۆزى بىلەن قەشقەرنىڭ كونا خىتايچىدىكى ئاتىلىشى «شۇلې» سۆزىنىڭ بىرلەشمىسى ئىدى. يەنى «كۇنشۇ ئۆلكىسى»، «قەشقەر - كۇئېنلۇن ئۆلكىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، يولۋاس بۇ

ئۆلكە تەركىبىگە قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى قوشۇۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇنىڭ قۇرماقچى بولغان ئۈچىنچىسى قۇمۇل ئۆلكىسى بولۇپ، ئۇ قۇمۇلنى ئايرىم ئۆلكە قىلىش، يەنى ئۇنى قۇمۇل ئۆلكىسى دەپ ئاتاپ قۇمۇل شەھىرىنى مەركەز قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان[52].

يولۋاسنىڭ بۇ نىيىتى ناھايىتى روشەن بولۇپ، ئۇ قۇمۇلنى ئايرىم ئۆلكە قىلىپ، ئۆزى رەئىس بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئايرىم ھۆكۈمرانلىق رايونىنى، يەنى ئايرىم خانلىقىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ پارچە - پارچە نەچچە ئۆلكىگە بۆلۈنۈپ، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇستەھكەم ئىدارە قىلىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىنى خالىغانىدى. يولۋاس بۇنداق ئۈچ ئۆلكىگە ئايرىشنى ئىلى تەرەپنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۇنۇمى بىلەن باغلايدۇ ۋە قۇمۇل ئۆلكىسىنى قۇرۇشنىڭ مەركەز بىلەن «شىنجاڭ» ئارىسىنى باغلاش، مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىنى مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدىغانلىقى، چۈنكى قۇمۇلنىڭ ئىچكىرى بىلەن «شىنجاڭ» ئارىسىدىكى ئۇزۇن ئۆتۈشمە يول ئۈستى ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى شەرھلەيدۇ.[53]

يولۋاس «شىنجاڭنى ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈش»نىڭ ئەڭ مۇھىم پايدىلىق تەرىپى سۈپىتىدە ئىلى تەرەپكە، يەنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئۇنىڭ باشقا ۋىلايەتلەرگە كېڭىيىپ، ھەرىكەت قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەڭ ئەندىشىگە سېلىۋاتقان، ئۇنى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىمكانىيىتى بار ئىلى تەرەپنى تەھدىدىي كۈچ قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، جياڭ جېيشى ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ ئۈچ ئۆلكىگە بۆلۈش، جۈملىدىن قۇمۇلنى ئايرىم ئۆلكە قىلىپ باشقۇرۇش پىلانىنى تەستىقلىتىش مۇددىئاسىغا يەتمەكچى بولغانىدى.

يولۋاس مەيلى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب تەرەپدارلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئۈچ ئەپەندى باشچىلىقىدىكى مىللەتچىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تۈپتىن قارشى بولۇپ،ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن ھەمكارلاشمايتتى. ئۇ، ھەتتا «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇش، پۈتۈن ئۆلكىنى باشقۇرۇش خاھىشىدىمۇ بولۇپ، ھەتتا جاڭ جىجۇڭمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا رەئىسلىككە تىكلەيدىغان نامزاتلار قاتارىدا ئويلاشقانىدى[54]. مەسئۇد ئەپەندى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن يولۋاس مەزكۇر ئۈچ ئەپەندىنىڭ شىنجاڭنى « تۈركىستان»غا ئۆزگەرتىپ يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەتكە ئېرىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتا خىتاي مىللەتچىلىرى بىلەن ئوخشاش مەيداندا تۇردى.

يولۋاس بولۇپمۇ ئىلى ئىنقىلابچىلىرى، يەنى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆچمەنلىك كۆزى بىلەن قارىغان بولۇپ، ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا قارشى تاكى ئاخىرغىچە خىتاي بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلدى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى تەرەپ يولۋاسنى «خائىن»، «مىللىي مۇناپىق»، «مۇناپىق»[55] دەپ ئېلان قىلىنغانىدى.

ۋەھالەنكى، يولۋاسنىڭ لايىھەسى جياڭ جېيشى تەرىپىدىن تەستىقلىنىشقا ئۇلگۇرمىدى. چۈنكى جياڭ جېيشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتا ئىچكىرى خىتايدا كومپارتىيەگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ئاساسىي كۈنتەرتىپكە ئۆتكەنىدى.

## ئۆلكە نامىنى بولسىمۇ ئۆزگەرتىش

1930 - يىللاردىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى بىر قانچە ئۆلكىگە پارچىلىۋېتىش»

تەشەببۇسچىلىرىنىڭ ھەممىسى «شىنجاڭ» نامىنى ئۆزگەرتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانىدى.

1948 - 1945 - يىللىرى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم مۇزاكىرە تېمىسى، «شىنجاڭ» نى نەچچە ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىشتىن باشقا يەنە «شىنجاڭ» نامىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئىدى.

1884 - يىلىدىن بۇيان قوللىنىلغان «يېڭى چېگرا»، «يېڭى زېمىن» مەنىسىدىكى «شىنجاڭ» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تىپىك ئىپادىسى، يەنى خىتاينىڭ ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنى ئىكەنلىكى نۇقتىسىدىن چۈشىنىلىپ، بۇ نام ئىزچىل رەت قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ» نامىنى مەجبۇرىي تاڭغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ نامنى قوللىنىشقا قارشى چىقىشى قىيىن ئىدى. 1933 - 1934 - يىللىرى بىر قېتىم، 1944 - يىلى يەنە بىر قېتىم «شىنجاڭ» نامى رەت قىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان نامى ئاستىدا مۇستەقىل ھاكىمىيەت جاكارلاندى. شەرقىي تۈركىستان ئاتالغۇسى 1944 - 1945 - يىلىدىن تاكى 1949 - يىلى 12 - ئايلارغىچە ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي تەۋەسىدە رەسمىي شەكىلدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە مەتبۇئاتلىرى ھەم كەڭ خەلق پۈتۈن ئۆلكىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتاشنى داۋاملاشتۇردى. تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە قۇرۇلغۇسى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋاقتىدا، ئوخشاشلا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ۋە باشقىلار «شىنجاڭ» نامىنى بىكار قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ تەلەپ ھەتتا 1946 - يىلى 11 - ئايدا خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىغا بىر قېتىم سۇنۇلدى.

جاڭ جىجۇڭ «شىنجاڭ» سۆزىنىڭ ھەقىقەتەن تاجاۋۇزچىلىق مەنىسى بارلىقى، يەنى مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ ھەقىقەتەن خىتاينىڭ «ئىشغال قىلىۋېلىپ باشقۇرۇۋاتقان يېڭى زېمىنى» ئىكەنلىكى مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، بۇ نامنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىشىپ، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ نامنى «تيانشان»غا ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنى كۆپ ئۆلكىگە بۆلمىگەندىمۇ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى < تيانشان ئۆلكىسى> دەپ ئاتاش تازا باب كېلىدۇ»[56]،«تيانشان تېغى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ»[57] دەپ قارىدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ «شىنجاڭ» نامىنى «تيانشان ئۆلكىسى» گە ئۆزگەرتىش پىكرى ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شەرقىي تۈركىستان تەرەپنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭنىڭ «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» نى «تيانشان ئۇنىۋېرسىتېتى» دەپ ئۆزگەرتىشىگە قارشى تۇرغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارنىڭ ئاشۇ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئىسپاتى بولغان «شىنجاڭ» نامىدىن قېچىشقا ئۇرۇنۇشى ئىدى.

ھەقىقەتەن، شەرقىي تۈركىستاننى تۆت، ئۈچ ياكى ئىككى ئۆلكىگە، ھەتتا ئالتە ئۆلكىگە بۆلۈش لايىھىسى تۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى «شىنجاڭ» ئاتالغۇسىدىن قېچىشنى مۇھىم مۇددىئا قىلغان بولۇپ، ئۇلار «شىنجاڭ» نامىنى بىكار قىلىپ، بۆلۈپ چىقىلغان ئۆلكىلەرگە ھەر خىل ئىسىملارنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى جاڭ جىجۇڭ قاتارلىق خىتايلارنىڭ ئەنە شۇ تاجاۋۇزچىلىق مەنىسى بار «شىنجاڭ» نامىنىڭ بۇ ئۆلكىگە قويۇلۇپ قالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىپ، بۇ نامنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئۇرۇنغانلىقىنى تەنقىد قىلىپ:«بىزنىڭ يۇرتىمىزنى خىتاي مۇستەبىتلىرى ئۆزلىرى ئىستېلا قىلغاندىن بۇيان <شىنجاڭ> يەنى <يېڭى يەر>، <يېڭى ئۆلكە> دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاپ كەلگەنىدى. بۇ ئىسىمنىڭ ئۆزى ھەر بىر ئېيتىلىشىدا يۇرتىمىزنىڭ مۇستەقىل - ئازاد ياشاپ كەلگەنلىكىنى، پەقەت خىتايلار ئۆزلىرىگە زورلۇق بىلەن قوشۇپ ئالغان <يېڭى يەر> ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇدۇر. خىتاي مۇستەبىتلىرى بۇنداق دەپ ئاتاش بىلەن خەلقىمىزنىڭ غەزىپىنى

بارغانسېرى قوزغاپ كەلگەندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ھالدا ئازاد ياشىغان خەلق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرالمىدى. ھازىرقى كۈندە خىتاي ئىچىدىن چىققان <ئەقىللىقلار> ئەسلىدە بۇ ئىسىمنى قويۇپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. چۈنكى: ئۆتكەن يىل غەربىي شىمال ئىدارە مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى نەنكىندە (نەنجىڭدە) مۇخبىرلار سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدا: <شىنجاڭ دېگەن سۆز ئۆز ئىچىدە تاجاۋۇزچىلىق مەنىسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئۆزگەرتىپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق> دېگەنىدى. ئۇ سۆزىدە: <بىزنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغىنىمىزنى دائىم كۆرسىتىپ تۇرغان <يېڭى يەر> دېگەن سۆزنى ئۇنىڭغا نىسبەتەن يۇمشاقراق بىر ئىسىم بىلەن ئاتىساق بولمامدۇ؟> دېگەن پىكىرگە كېلىپ، <تيانشان>، <كۈئېنلۈن> دېگەن ئاتالمىلارنى مەيدانغا ئاتقۇسى كەلگەن ئىدى ۋە بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆلكە خەلقىنىڭ خىتاي ئىستىبدات چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىشىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن دېگەن پىكىرلەرگە كېلىپ، باشقىلار ئالدىدا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە ئۇستا ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلەنگەنىدى»[58] دەپ يازىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىمۇ «شىنجاڭ» ئاتالغۇسى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىستېلا قىلغان زېمىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ:«<شىنجاڭ> دېگەن نام بىزنىڭ ئۆلكىمىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىپ، تولۇق مۇستەملىكە ھالىغا چۈشۈپ، خىتاي ئىمپېراتورلىرىنىڭ سەلتەنەتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن قويۇلغان نامدۇر. < شىنجاڭ> دېگەن نام <يېڭى دائىرە>، <يېڭى زېمىن> دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، دېمەك كۆرسىتىلگەن قارشىلىقنى بەربات قىلغاندىن كېيىن تولۇق ئىتائەتكە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى بىر بۆلەك يەرنىڭ خىتاي دۆلەت تۇپرىقىغا قوشۇلغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ»[59] دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

## خۇلاسە

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تاكى 1949 - يىلىغىچە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان «شىنجاڭنى كۆپ ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش ئارقىلىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرى» ھەققىدىكى مۇھاكىمە ۋە تالاش - تارتىشلار جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى خىتاي جۇمھۇرىيىتى، يەنى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن يوقىتىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەگەر، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلماي، خىتاي جۇمھۇرىيىتى داۋاملىشىۋەرگەن بولسا ئېھتىمال جياڭ جيېشى، جاڭ جىجۇڭ ۋە باشقا خىتاي مەركىزىي ھاكىمىيىتى قاتلىمىدىكى ئەربابلار «شىنجاڭنى كۆپ ئۆلكىلەرگە بۆلۈش» تەدبىرىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ تەدبىر 1944 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەم ئۇنىڭ باشقا يەتتە ۋىلايەتنىمۇ ئازاد قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشنى ئالدىنقى نىشانغا قويغان بولار ئىدى. ئەمما، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، خىتاي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى خىتاي مىللەتچىلىرىدىكى مەزكۇر بىپايان «شىنجاڭ» نى كۆپ ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش خاھىشىنى توختىتىپ قويدى. لېكىن، بۇ خىل ئىدىيە يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. 1950 - يىلىدىن كېيىن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ غايىسىنى باشقا شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى نامى ئاستىدا 1مىليون 640 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى بەش مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستقا ئايرىپ بۇلارنىڭ مىللىي مەمۇرىي چېگرالىرىنى

بېكىتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيەسى نامىدىكى ئۆز مەمۇرىي تەۋەلىكى بار ئايرىم ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈردى. خۇددى جياڭ جيېشىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى تاڭ سۇڭ ئالتە ئۆلكىگە بۆلۈپ، ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە بۇ ئالتە ئۆلكىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بىر ئورگان قۇرۇش دېگەندەك، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نى قۇرۇپ، بۇ بەش ئاپتونوم ئوبلاست ۋە بەش ۋىلايەتنى باشقۇرۇش، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كەڭ زېمىنغا بولغان مىللىي تېررىتورىيەلىك مۇختارىيەت ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئىچكى جەھەتتە ئاللىبۇرۇن مىللىي بەلگىلەر بويىچە پارچە - پارچە قىلىنىپ بولۇنغانىدى. ئەمدىكى نۆۋەت، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى داۋاملىق تۇرۇشى كېرەكمۇ يوق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە 1949 - يىلى ئۇيغۇرلار 77% بولۇش، خىتايلار 5.5% بولۇشتەك نوپۇس ئەھۋالى تامامەن ئۆزگەردى. خىتايلار كۆپ سانلىق مىللەتكە ئايلاندى. نۆۋەت ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ شىنجاڭ بىرلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەلىك يېرىمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى يېشىشكە كەلدى. خىتايدا بۇرۇندىنلا ھازىرقى ئۆلكىلەر ۋە مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنى قايتا ئىسلاھ قىلىش، يەنى ئۆلكىلەرنى، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنى كۆپەيتىش، چېگرالارنى قايتا سىزىش مەسىلىسى مەۋجۇت. دەسلەپكى قەدەمدە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللىي ئاپتونومىيە قالپىقى كىيدۈرۈلگەن قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ ۋىلايەت تۈزۈلمىسىنى بىكار قىلىپ شەھەرگە ئايلاندۇرۇش جەريانى داۋاملىشىپ، تۇرپان ۋىلايىتى شەھەرگە ئۆزگەرتىلىش قەدىمى تاشلاندى. شىمالدىكى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بولسا پۈتۈن خىتايدىكى بىردىنبىر ئۈچ ۋىلايەتتىن تەركىب تاپقان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونوم ئوبلاست. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان ئىچكى ۋە خەلقئارالىق سىياسىي ۋەزىيەت ۋە توقۇنۇش، ئۆزگەرتىلىۋاتقان نوپۇس قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، سانائەتلىشىش، مىللىي تارقىلىش ۋە باشقا ھەر تەرەپتىكى ئامىللار بويىچە، 16 جېجياڭ ئۆلكىسى، تۆت سىچۈەن ئۆلكىسىگە تەڭ كېلىدىغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نى داۋاملىق ساقلاش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇنى جياڭ جيېشى دەۋرىدىن ئېشىپ قالغان تەدبىر بويىچە بىرقانچە ئۆلكىگە بۆلۈۋېتىش، «شىنجاڭ» نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟ دېگەندەك مۇھاكىمىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

**ENDNOTES**

1 新疆省政府主席吳忠信呈國民政府主席蔣中正為擬具建置新疆縮小省區為四省. 1945. 8. 15. 〈新疆政情（三）〉，《國民政府》，國史館藏，數位典藏號：001 – 059300 – 00006 – 001

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننىڭ مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جۇڭجېڭغا سۇنغان شىنجاڭنى كىچىكلىتىپ 4 ئۆلكىگە ئايرىش تەكلىپى. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.< شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى(3)>، < مىللىي ھۆكۈمەت >، دۆلەتلىك تارىخ سارىيى، ساقلىنىش نومۇرى: 001 - 059300 - 00006 - 001)

2 ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەشۇ لايىھەسىگە قاراڭ.

3 ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەشۇ لايىھەسىگە قاراڭ.

4 ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەشۇ لايىھەسىگە قاراڭ.

5 ۋۇ جۇڭشىن قۇرماقچى بولغان ئۆلكىلەرنىڭ خىتايچە نامىنىلا كۆرسەتكەن بولۇپ، «شىمالىي تەڭرىتاغ»، «جەنۇبىي تەڭرىتاغ»دېگەن ئۇيغۇرچە ناملار مەزكۇر قۇرلار مۇئەللىپى تەرىپىدىن خىتايچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئاتالدى. ۋۇ جۇڭشىن ئۆز لايىھەسىدە قۇرماقچى بولغان ئۆلكىلەرگە پەقەت خىتايچە نام قويغان.

6 ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەشۇ لايىھەسىگە قاراڭ.

7 新疆省政府主席吳忠信呈國民政府主席蔣中正為擬具建置新疆縮小省區為四省.1945.8.15. 〈新疆政情（三）〉，《國民政府》，國史館藏，數位典藏號：001 - 059300 - 00006 - 001)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننىڭ مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جۇڭجېڭغا سۇنغان شىنجاڭنى كىچىكلىتىپ تۆت ئۆلكىگە ئايرىش تەكلىپى. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.< شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى(3)>، < مىللىي ھۆكۈمەت>، دۆلەتلىك تارىخ سارىيى، ساقلىنىش نومۇرى: 001 - 059300 - 00006 - 001)

8 ۋۇ جۇڭشىننىڭ ئەشۇ لايىھەسىگە قاراڭ. بۇ لايىھە ھەم تاران ئۇيغۇر تەرىپىدىن خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تورىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمىسىگە قارالسۇن.

9 .*Justin M. Jacobs* · (2016). *Xinjiang and the Modern Chinese. Seattle*: University of Washington Press Pp.146 - 148

10 蔣中正電張治中新疆分省之議緩議, 1945. 10.20. <<革命文獻—政治：邊務 （一）>>, ，《蔣中正總統文物》，國史館藏，數位典藏號：002 - 020400 - 00039 - 028.

جاڭ جۇڭجېڭنىڭ جاڭ جىجۇڭغا بەرگەن شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈش پىكرىگە ئائىت تېلېگراممىسى. 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.< ئىنقىلابىي يادىكارلىقلار - سىياسەت: چېگرا ئىشلىرى(3)>، <پرېزىدېنت جاڭ جۇڭجېڭ ئاسارە - ئەتىقىلىرى >، دۆلەتلىك تارىخ سارىيى، ساقلىنىش نومۇرى: 002 - 020400 - 00039 - 028

11 張治中電軍事委員會委員長蔣中正為當緩議新疆分省之議..1945.10.24 <<新疆政情（三）>>, 《國民政府》，國史館藏，數位典藏號：001 - 059300 - 00006 - 002

(جاڭ جىجۇڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى مۇدىرى جاڭ جۇڭجېڭغا بىلدۈرگەن شىنجاڭنى تۆت ئۆلكىگە بۆلۈش ھەققىدىكى پىكرى. 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى. < شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى (3)، < مىللىي ھۆكۈمەت>، دۆلەتلىك تارىخ سارىيى. ساقلاش نومۇرى: 001 - 059300 - 00006 - 002)

12 陳誠呈軍事委員會委員長蔣中正為呈新疆省不宜分省之意見1945/12/12 ..新疆政情（三）〉，《國民政府》，國史館藏，數位典藏號：001 – 059300 – 00006 – 005

چېن چېڭنىڭ ھەربىي كومىتېت رەئىسى جاڭ جۇڭجېڭغا يوللىغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىگە ئائىت پىكرى. 1945.12.12. < شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى> (3)، <مىللىي ھۆكۈمەت>. دۆلەتلىك تارىخ سارىيى. ساقلاش نومۇرى: 001 - 059300 - 00006 - 005))

13 شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى. 142 - بەت

14 «سەييارە سىلاۋچى» 巡抚 خىتايچە دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى. بۇ ئۆلكە باشلىقىغا تەڭ ھوقۇق.

15 新疆省政府主席吳忠信呈國民政府主席蔣中正為擬具建置新疆縮小省區為四省.1945.8.15. 〈新疆政情（三）〉，《國民政府》，國史館藏，數位典藏號：001 - 059300 - 00006 - 001

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننىڭ مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جۇڭجېڭغا سۇنغان شىنجاڭنى كىچىكلىتىپ تۆت ئۆلكىگە ئايرىش تەكلىپى. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.< شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى(3)>، < مىللىي ھۆكۈمەت >، دۆلەتلىك تارىخ سارىيى، ساقلىنىش نومۇرى: 001 - 059300 - 00006 - 001)

16 *Andrew D .W .Forbes (1986). Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: a political history of Republican Sinkiang 1911–1949. Cambridge, England: p.30 - 40 . James A. Millward (2007). Eurasian crossroads: a history of Xinjiang. Columbia University Press. p. 187, p.189 - 191. P.207 - 213.*

17 *James A. Millward (2007).* Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang. *Columbia University Press. pp. 201–.207*

18 谭云山：《新疆问题管见》，《申报月刊》第2卷第9期，1933年9月15日

(تەن يۈنشەن: شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. شېنباۋ ئايلىق مەجمۇئەسى.2 - جىلت،9 - سان، 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

19 夏益赞：《新疆建省的总检视》，《边铎月刊》第2卷第1期，1934年7月1日

(شيا يىزەن: < شىنجاننىڭ ئۆلكە قۇرۇلۇشىغا ئومۇمىي نەزەر>، < چېگرا قوڭغۇرۇقى ئايلىق مەجمۇئەسى>، 2 - جىلت، 1 - سان. 1934 - يىلى 1 - ئىيۇل)

20 许同莘：《省区域之研讨》，《东方杂志》第39卷第14期，1943年9月30日

(شۇ توڭشىن. < ئۆلكە تېررىتورىيەسى ھەققىدە مۇھاكىمە>، < شەرق ژۇرنىلى>. 39 - جىلىت، 14 - سان. 1943 - يىلى 30 - سېنتەبىر)

21 杜久：《中国边疆问题》，中央航空学校编印，出版年不详，第47 －－ 48页

(دۇ جيۇ.< خىتاينىڭ چېگرا مەسىلىسى>، مەركىزى ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى باسمىخانىسى. 47 - 48 - بەتلەر)

22 郑宝善、刘熙：《新疆之危机及今后之计划》，《新亚细亚》第5卷第5期，1933年5月

(جېڭ باۋشەن، لىيۇ كاڭ: < شىنجاڭ كىرىزىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلان>. < يېڭى ئاسىيا >، 5 - جىلىت، 5 - سان، 1933 - يىلى 5 - ئاي)

23 易仁：《新疆问题》，《前途杂志》第3卷第9期，1935年9月16日。

(يى رېن، شىنجاڭ مەسىلىسى>، < كېلەچەك ژۇرنىلى>،3 - جىلىت،9 - سان. 1935 - يىلى 16 - سېنتەبىر)

24 张雨峰：《缩小省区问题》，《地学杂志》，1931年，第19卷第2期

(جاڭ يۈفېڭ. << ئۆلكە تېررىتورىيەلىرىنى كىچىكلىتىش مەسىلىسى> << جۇغراپىيە ژۇرنىلى>، 1931 - يىلى، 9 - جىلىت، 2 - سان)

25 肖高华　　陈美慧. 分省而治：国民政府时期知识界的新疆治理方案

(شاۋ گاۋخۇ، چېن مېيخۇي. ئۆلكىلەرنى بۆلۈپ ئىدارە قىلىش: مىنگو ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى زىيالىيلارنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش لايىھەلىرى. جاڭ خەن مۇنازىرە مۇنبىرى. 2014 - يىلى 7 - سان).

26 肖高华　　陈美慧. 分省而治：国民政府时期知识界的新疆治理方案. 江汉论坛. 2014年7期. https://m.fx361.com.)

27 黃建華：〈國民政府從盛世才手中謀取新疆的兩次策劃及失敗的原因探析〉，《喀什師范學院學報》，2002年第1期

28 ‹趙宗福：「伊犁將軍」張培元〉，新疆哲學社會科學網，2012 － 08 － 15.

29 *Howard L .Boorman ;Richard C .Howard ;Joseph K .H .Cheng.(1967)* Biographical Dictionary of Republican China. *Columbia University Press. pp.* 23

30 〈麥斯武德等函請予新疆高度自治之表示〉，《行政院》，1945/09/21. 國史館藏，數位典藏號：014 - 010100 - 0112

(«مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا يۇكسەك مۇختارىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىش بىلدۈرۈش خېتى»، «مەمۇرىي پالاتا». 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى. دۆلەت تارىخ سارىيى. ھۆججەتنىڭ ساقلاش نومۇرى: 014 - 010100 - 0112)

31 中國國民黨中央組織部長陳立夫呈總裁蔣中正為轉呈麥斯武德函縷陳請取消新疆分省之議. 1945/10/24 〈新疆政情（三）〉，《國民政府》，國史館藏，數位典藏號：001 - 059300 - 00006 - 003.

(خىتاي گومىنداڭ تەشكىلات بۆلۈمى باشلىقى چېن لىفۇنىڭ پرېزىدېنت جاڭ جۇڭجېڭغا يوللىغان مەسئۇدنىڭ شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈشنى بىكار قىلىش تەكلىپ خېتى> 1945.10.24. < شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالى>(3)،< مىللىي ھۆكۈمەت>، دۆلەتلىك تارىخ سارىيى. ساقلاش نومۇرى: 001 - 059300 - 00006 - 003)

چېن لىفۇنىڭ پرېزىدېنت جاڭ جۇڭجېڭغا يوللىغان مەسئۇدنىڭ شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈشنى بىكار قىلىش تەكلىپ خېتى 1945.10.24 32

شۇ ھۆججەتكە قارالسۇن 33

شۇ ھۆججەتكە قارالسۇن 34

چېن لىفۇنىڭ پرېزىدېنت جاڭ جۇڭجېڭغا يوللىغان مەسئۇدنىڭ شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈشنى بىكار قىلىش تەكلىپ خېتى 1945.10.24 35

.شۇ ھۆججەتكە قارالسۇن

ھۆججەتكە قارالسۇن 36

37 Edward J. M. Rhoads (2000). *Manchus and Han: Ethnic Relations and Political Power in Late Qing and Early Republican China, 1861 - 1928.* University of Washington Press. P.275

38 Edward J. M. Rhoads (2000).. P.275

39 长衡 : 《中国人口论 》, 《民国丛书 》第三编 ,据商务印书馆 1928年版影印 ,第 23页。

40 杨增新 ：《补过斋文牍 》甲集下 ，《呈明新疆情形特别请量予变通列为特别省治文 》， 1916年 11月 30 日

41 **傅希若** : 《对新疆民族问题的基本认识 》， 《新疆论丛 》创刊号 ， 1947年

42 *The Chinese Population of Sinkiang. Informatin Report. 24.11.*1952 // National Archives and Records Administration of the USA. CIA - RDP 82. P. 1..

43 *The Chinese Population of Sinkiang.* Information Report. 24.11.1952 // National Archives and Records Administration of the USA. CIA - RDP 82. P. 1..

44 《新甘肃 》第 1卷第 2期 ， 1947年。

45 *Foreign Relations of the United States: Diplomatic Papers, 1944, China, Volume VI*

. United States Government Printing Office,Washington,1967, p.822

46 翰文 ：《新疆民族之鸟瞰 》， 《新亚细亚 》第 12卷第 1期 ， 1936年。惕吾 ：《新疆之民族及人口 》， 《西北论衡 》第 4卷第 7期 ， 1936年.

47 *The Ambassador in China (Stuart) to the Secretary of State. 30.08.1947* // National Archives and Records Administration of the USA. RG 59. Box: 4013. NND 760050. Doc. 761.93/8–3047. P. 1.

48 *Решение Политбюро ЦК ВКП(б) «О Синьцзяне»*. 10.09.1947 // РГАСПИ. Ф. 17. Оп. 162. Д. 38. Л. 190

49 Красильников В. *Синьцзянское притяжение. М., 2007 .С. 329*. Петров В.И. *Мятежное «сердце» Азии. Крафт+.2003.С. 497*; *The Consul at Tihwa (Paxton) to the Secretary of State*. 24.10.1949 // Foreign Relation of the United States. 1947. Vol. VII. The Far East, China. Washington, 1972. P. 574

50 堯樂博士呈國民政府主席蔣中正為擬陳新疆分省芻議乞鑒核施行. 1948/03/17. 縮小省區案（三）〉.《國民政府》，國史館藏，數位典藏號：001 - 051122 - 00007 - 004.

(يولۋاسنىڭ مىللىي ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جوڭجېڭغا شىنجاڭنى ئۆلكىلەرگە بۆلۈش ۋە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپى. 1948 - يىلى 17 - مارت. <ئۆلكىلەرنى كىچىكلىتىش دېلوسى>(3).< مىللىي ھۆكۈمەت >. دۆلەتلىك تارىخ سارىيى. ساقلاش نومۇرى: 001 - 051122 - 00007 - 004.)

51 يولۋاسنىڭ شۇ لايىھەسى. دۆلەتلىك تارىخ سارىيى. ساقلاش نومۇرى: 001 - 051122 - 00007 - 004.

52 يولۋاسنىڭ شۇ لايىھەسى. دۆلەتلىك تارىخ سارىيى. ساقلاش نومۇرى: 001 - 051122 - 00007 - 004.

53 يولۋاسنىڭ شۇ لايىھەسى. دۆلەتلىك تارىخ سارىيى. ساقلاش نومۇرى: 001 - 051122 - 00007 - 004.

54 Esir Doğu Türkistan İçin İsa Yusuf Alptekin›in Mücadele Hatıraları. *Istanbul: Doğu Türkistan Neşriyat Merkezi. S.480*

55 بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى نەقىللەرگە قارالسۇن: ئەخمەتجان قاسىمى. مىللىي ئازادلىق كۈچى - بىرلىشىشتە: ئەخمەتجان قاسىمى. ماقالە ۋە نۇتۇقلار. ئالمۇتا، 1992 - يىلى 90 - 93 - بەتلەر. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ۋە يەتتە ۋىلايەت خەلقچىللەر بىرلەشمىسى. «قان بەدىلىگە كەلگەن ھوقۇقىمىزنى ھىمايە قىلىشقا تەييارمىز»، ئەركىن خەلق مەتبەئەسى، غۇلجا، 1947 - يىلى نەشرى. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتارلىق رەھبەرلەرنى قوللاپ ئېلان قىلغان ئوچۇق خېتى «كۈرەش» ژۇرنىلى، 1947 - يىلى ،4 - سان، 10 - 12 - بەتلەر.

56 جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىسى. ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر. شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى. 21 - قىسىم.1987 - يىلى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى. 140 - بەت

57 جاڭ جىجۇڭ ،شۇ ئەسەر، 140 - بەت

58 ئۆلكىمىزمىڭ ئىسمى ھەققىدە بىر ئىككى ئېغىز سۆز. «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان»گېزىتى. 1949 - يىلى 3 - ئىيۇل. يەنى 151 - سانى. بۇ ماقالە ئەسلىدە ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەن «ئويغان»گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

59 ئەخمەتجان قاسىمى. يەنە بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستان توغرىلىق. ماقالە ۋە نۇتۇقلار. ئالمۇتا ، قازاقىستان. 1992 - يىلى ، توپلاپ نەشرگە تەييارلىغۇچى تۇرسۇن قاھارى.27 - بەت




# ئۈزۈلمەس ئاسسىمىلياتسىيە

## خىتاي مەدەنىيىتى ئۆز ھاكىمىيەت دائىرىسىدىكى باشقا مىللەتلەرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرەمدۇ؟

**مەۋلان تەڭرىقۇت**

ئىبىن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى دوكتورانتى.

E-mail: m.tanrkitut@gmail.com

**قىسقىچە مەزمۇنى:** چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا شەكىللەنگەن خىتاي مەدەنىيىتى ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيەسى ئارقىلىق سىرتقا كېڭىيىپ، بۈگۈنكى كەڭ زېمىنغا ۋە غايەت زور نوپۇسقا ئىگە بولدى. خىتاي تارىخىي مەنبەلىرىدە «تۆت ياۋايى» دەپ ئاتالغان خىتاي بولمىغان توپلۇملار خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بەزىدە بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىدە بولغان بولسا، بەزىدە بويسۇندۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلدى. ئوخشاش سىياسىي گەۋدىنىڭ ئىچىدە ياشىغان بولسىلا، ھەر ئىككى خىل مۇناسىۋەتتە خىتاي مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى بەزىدە خىتاي ھاكىمىيەتلىرى

تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولسا، بەزىدە يات مىللەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ پۈتۈن خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي ئارزۇسى سەۋەبىدىن رازىمەنلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ھاكىمىيەت ۋە خەلقنىڭ خىتايلىشىشى مەيدانغا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي قىممەت قارىشىنىڭ ئومۇرتقىسىنى شەكىللەندۈرگەن «خۋاشىيا - ياۋايى مۇناسىۋىتى» (华夷秩序)، «خۋاشىيالار بىلەن ياۋايىلارنى ئۆزگەرتىش» (用夏变夷) ۋە «بۈيۈك بىرلىشىش» (大一统) قاتارلىق زېھنىيەتلەر خىتايلارنىڭ خىتاي بولمىغان مىللەتلەرگە بولغان كەمسىتىش، ئۇلارنى «مەدەنىيلەشتۈرۈش» ۋە خىتايلاشتۇرۇش قاتارلىق تەشەببۇسلىرىنى پەلسەپىۋى ئاساس تەمىنلىدى. مەن بۇ ماقالىدە بۇ خىل مەدەنىيەت ۋە تارىخىي تەجرىبىگە ساھىپ بولغان خەلقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھاكىمىيەت خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ پەرقلىق بىر مەدەنىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويامدۇ؟ دېگەن سۇئالغا جاۋاپ بېرىشكە تىرىشىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلارنىڭ تەخمىنەن 2500 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرگە بولغان پوزىتسىيەسى، خىتاي پەيلاسوپلىرىنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەتكە بولغان كۆز قارىشى، خىتاي تارىخىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانى ۋە ئەنئەنىۋى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان خىتاي داھىيلىرى ۋە سەرخىللىرىنىڭ زېھنىيىتىدىكى تەسىرى قاتارلىق تېمىلار ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خۋاشىيا، ياۋايى، ئاسسىمىلياتسىيە،يول قويۇش، ئەنئەنىۋى خىتاي زېھنىيىتى، ئەسلىگە قايتىش.

**Abstract:**Chinese culture was formed in the middle reaches of the Yangtze and the Yellow River. Through centuries of wars and cultural assimilation, it has now acquired a vast territory and a huge population. The non-Chinese people recorded as “four barbarians” in Chinese historical data were sometimes in a dominating relationship with China and sometimes associated with the submissive relationship. As long as they lived in the same political entity with the Han people, either one of the relationships had not escaped the fate of assimilation into Chinese culture. This assimilation was enforced by either the Chinese authorities or by the political desire of foreign rulers to take over the whole of China. As a result, the government and people became Huaxia over time.

On the other hand, ideas that constitute the backbone of Chinese values such as “Huaxia-barbarian relations”, “change the barbarian with Huaxia” and “great unification” provide a philosophical foundation for Chinese attitudes of discriminating against non-Chinese ethnic groups and mission of “civilizing” and Sinicization of them. In this article, I mainly examine whether a government ruled by people with such cultural and historical experience would allow non-Chinese peoples to exist as a different culture. What is the attitudes of the Chinese towards other nations and cultures during the course of nearly 2500 years; what were the views of Chinese philosophers towards multiculturalism; How did the assimilation process take place in Chinese history, and how much traditional Chinese values of culture occupy the thoughts of Chinese scholars and elites who accept Western culture and values. In order to attain the main objective, the above sub-questions will be analyzed subsequently.

**Key words**: Huaxia, barbarians, assimilation, tolerance, traditional Chinese value, vicious sycle

# كىرىش

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان سىياسىي گەۋدە ئىچىدىكى خىتاي مەدەنىيىتىگە تەۋە بولمىغان مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ۋە جەريانلىرى ھەققىدە ئاز بولمىغان تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كۆپىنچىسىدە خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى دەۋرى ئاساس قىلىنغان. بەك ئاز بىر قىسىم تەتقىقاتلاردا مەلۇم بىر سۇلالىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەجبۇرىي ياكى ئۆزلىرى خالىغان شەكىلدە خىتاي مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانى ئاساسى جەھەتتىن تىلغا ئېلىنمىغا ن.

خىتاي كوممۇنىستلىرى دەۋرىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئۇيغۇر، موڭغۇل ۋە تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سىستېمىلىق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش جەريانى ئاساسلىق تەتقىقات تېمىسى بولغان. توماس خېبرېر (Heberer Thomas) نىڭ بۇ ھەقتىكى «خىتاي ۋە ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى: ئاپتونومىيەمۇ ياكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشمۇ؟»

(China and Its National Minorities :Autonomy or Assimilation)

ناملىق كىتابىنى بۇ خىل تەتقىقاتلارنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.[1] خېبرېر كىتابىدا خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي كۈچىنى «بۇرژۇئازىيە يولىغا ماڭغان»، «كاپىتالىست»، «مىللەتچى» ۋە «بۆلگۈنچى» دېگەن بەتناملار بىلەن يوق قىلىشقا ۋە خىتايچە كوممۇنىزىم ئىدىيىسى بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى[2] ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق رايونلارغا پىلانلىق خىتاي كۆچمەنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئاجىزلاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن[3]. مەسىلەن، بۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ 1953-يىلىدىكى 6.2% تىن 1973- يىلىدىكى 40% گە يەتكەنلىكىنى بايان قىلغان[4].بۇ ھەقتىكى يەنە بىر ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەتقىقات بولسا ۋەرىن سىمىس (Jr Smith .W Warren.) نىڭ خىتاينىڭ تىبەت سىياسىتىنى باش تېما قىلغان «خىتايغا تەۋە تىبەت: ئاپتونومىيە ياكى ئاسسىمىلياتسىيە؟» (China’s Tibet?: Autonomy or Assimilation) ناملىق كىتابى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىق خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ تىبەتلەرگە قاراتقان مەدەنىيەت جەھەتتىكى خىتايلاشتۇرۇش ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇش سىياسەتلىرى تىلغا ئېلىنغان[5].

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي تەتقاتلاردىن بىرىنى ئېرىك ھايېر (Hyer Eric) نىڭ «خىتاينىڭ ئۇيغۇر مىللىيەتچىلىكىگە قاراتقان سىياسىتى»

(China‘s Policy towards Uighur Nationalism)

ناملىق ماقالىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ[6]. بۇ ماقالىدە ئاپتور خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى سىياسىي ئاتموسفېرادىن ناھايىتى ئەندىشە قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «ئۇلۇسلىشىش» دولقۇنىغا قارشى ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ھەققىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچە تەتقىقات جېننىفىر ئاڭ (Jennifer Ang) تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، ئۇ «ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش» (Uyghurs the Sinicizing) ناملىق ماقالىسىدە، خىتايلارنىڭ قەدىمكى تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ خۇاشيا مەدەنىيىتىنى باشقا

مەدەنىيەتلەردىن ئىلغار دەپ قارايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا باشقا «ياۋايى» مىللەتلەرمۇ خىتايچە مەدەنىيەت ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق خۇاشىيا ئۇلۇسى بولالايدۇ دەپ قارايدىغان شوۋىنىست ئىدىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە خىتايدا بۇ خىل ئىدىيەگە ۋارىسلىق قىلغان خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خۇاشىيالاشتۇرۇش سىياسىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[7]. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، جېنىنفېر ئاڭ باشقا تەتقىقاتچىلارغا سېلىشتۇرغاندا مەسىلىگە پەرقلىق نۇقتىدىن يېقىنلاشقان بولۇپ، خىتاينىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ۋە دۇنيا قارىشى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىشى ئوقۇرمەنلەرنى ھادىسىنى پەرقلىق رامكىدىن كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، جېنىنفېرنىڭ مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشى بۇ ماقالىدىكى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى بىلەن قىسمەن ئوخشاشلىققا ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەسىلىگە يۇقىرىقىدەك پەرقلىق نۇقتىدىن قارىغان يەنە بىر تەتقىقات بولسا پروف.دr. ئابدۇرېشىت جېلىل قارلۇقنىڭ «خىتاي تارىخىدا خىتاي بولمىغان خەلقلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئىستراتېگىيەلەر» (ÇİNLİLERİN MİLLET DÜŞÜNCESİNİN KÖKENLERİ VE ÖTEKİLERE BAKIŞI) ناملىق ماقالىسى بولۇپ[8]، بۇ ماقالىدە ئاپتور خىتايدىكى ھەر قايسى سۇلالىلەردىن كۈنىمىزدىكى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگىچە بولغان بىر پۈتۈن تارىخىي جەرياندا خىتايدا ئۆتكەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن قوشنا بولغان مۇستەقىل ھاكىمىيەت ۋە خىتايلارغا بېقىنغان ئەللەرنى باشقۇرۇشتا قوللانغان تاكتىكىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. قارلۇقنىڭ تەتقىقاتىدا، خىتاي سۇلالىلىرىنىڭ خىتايغا ئەل بولغان مىللەتلەرگە قارىتا ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتتا ئوخشىمىغان تاكتىكا قوللانغانلىقى، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. مەزكۇر تەتقىقاتتا خىتاينىڭ بۇ خىل سىياسەتلىرىنىڭ ئاستىدىكى زېھنىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى خىتاي چۈشەنچىلىرىدىن كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قارلۇق ئەپەندىنىڭ مەسىلىگە بىر پۈتۈن خىتاي تارىخىدىن قارىشى، سەۋەبىنى خىتاي كىلاسسىك چۈشەنچىلىرىدىن ئىزدىشى مېنىڭ ماقالەمنىڭ بەزى قىسىملىرى ۋە ئانالىز مېتودلىرى بىلەن كېسىشىدۇ.

مەۋجۇت تەتقىقاتلارغا ئومۇمىي جەھەتتىن قاراپ چىققاندا،ئابدۇرېشىت جېلىل قارلۇقتىن باشقا ھەممىسى دېگۈدەك مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنى، بولۇپمۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى دەۋرىنى ئاساس قىلغان. لېكىن مەن بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردىن كۈنىمىزگىچە بولغان پۈتۈن تارىخىي جەرياندا ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقىنى، ئۇلارغا قانداق سىياسەت قوللانغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە قىلىنىش جەريانىنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا خىتاينىڭ بۈيۈك پەيلاسوپ، سىياسەتچى ۋە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بىرلىكتە ياشاشقا بولغان كۆز قارىشى ۋە «يول قويۇشى» (tolerance) نىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى، ئەڭ ئاخىرىدا تېخىمۇ مۇھىمى، ئەنئەنىۋى خىتاي قىممەت قاراشلىرىنىڭ غەرب قىممەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان خىتاي رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ زېھنىيىتىدىكى تەسىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

يۇقىرىقى تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەڭ باشتا خىتايلارنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ تىلىدا قانداق ئاتىغانلىقى ۋە تارىختا قانداق يازغانلىقىغا قاراپ چىقىشنى ماقالىنىڭ تەتقىقات مەقسىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى باشقىلارنى قانداق ئاتاش خىتايلارنىڭ شۇ مىللەتلەرنى قانداق كۆرىدىغانلىقى ۋە بۇ خىل كۆز قارىشىغا ئاساسەن قانداق سىياسەت قوللىنىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

# خىتاينىڭ ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەرگە قويغان ئىسملىرى

خىتايلارنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا، بولۇپمۇ جوۋ (周) سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، ئۆزىگە قوشنا بولغان ئەللەر (ياكى ھاكىمىيەتلەر) ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. تۆۋەندە بۇ ئەل ۋە خەلقلەرنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن قانداق ئاتالغانلىقىغا قاراپ چىقايلى:

鬼方 – جىن – ئالۋاستىلار ماكانى.
夷 – ياۋايى.
狄 – ياۋا ئىت.
蛮 – دۆت، تەربىيە كۆرمىگەن .
鬼戎 – دۈشمەن ئالۋاستىلار.
犬戎 – ئالۋاستى ئىتلار .
胡 – خام گۆش پۇرايدىغان.
猃狁 – ئاغزى ئۇزۇن ئىت.
匈奴 – ۋەھشىي قۇللار.
木速蛮 – مۇسۇلمان.
突厥 – دۇبۇلغا.
女真 – جۇرجىت مىللىتى.
圈头 – سەللە باش، يۈگىمە كاللا
皮帽子 – تېرە تۇماق (ئۇيغۇرلار)

يۇقىرىقى خىتايچە خەتلەرنىڭ مەنىلىرى بەيدۇ بەيكى (百度百科) ئىنتېرنېت سۆزلۈك ئامبىرىدىن ئېلىندى.[9]

قويۇلغان ئىسىملار ئارىسىدا پەقەت كۆك تۈركلەر ئۈچۈنلا يامان نام قوللىنىلمىغانلىقىنى بايقايمىز. لېكىن 厥 دېگەن خەتنىڭمۇ «يىقىلىپ كېتىش» ۋە «سەزمىنى يوقۇتۇپ قويۇش» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمىز.[10] مانجۇلارنىڭ ئاتىسى بولغان جۇرجىتلار ئۈچۈنمۇ نىمە ئۈچۈن 女 خېتىنى ئىشلەتتى، ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. يۇقىرىقى خەلقلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ خىتايچە يېزىلىشىنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ كەمسىتىش، ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈش ۋە ھاقارەت قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا خىتايلار ئۆزىنى مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى ۋە ئەتراپىدىكى پۈتۈن قەۋملەرنى مەدەنىيەتسىز ۋە ياۋايى دەپ قارىغان. خىتايلار تۆت ئەتراپىدىكى ئەللەرنى «تۆت ياۋايى» (四姨) دەپ ئاتىغان بولۇپ تۆۋەندىكى خەرىتىلەر بۇنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەمدە بولالايدۇ:[11][12]







بىرىنچى خەرىتىدىكى خۇاشيا خىتايلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى خەلقلەر بولسا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ياۋايى، ياۋا ئىت، دۆت ۋە دۈشمەن قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. تۆۋەن تەرەپتىكى خەرىتە بولسا مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسەتكەن. تەڭرىنىڭ ئوغلى (天子)، يەنى

پادشاھ ئەڭ مەدەنىيەتلىك بولۇپ، مەدەنىيلىشىش دەرىجىسى ئوردا ۋەزىرلىرى، سىرتتىكى ۋەزىرلەر، ختاي پادشاھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلغان ئەللەرگە قاراپ تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ[13] ۋە چەمبەرنىڭ سىرتى ياۋايىلار ماكانى دەپ قارىلىدۇ. سەۋەبى، بۇ يەرگە خۇاشيا مەدەنىيەت تەسىرى يېتىپ بارمىغان. ختايدىكى تيەنشيا (天下) نىڭ دائىرىسىمۇ چوڭ چەمبەرنىڭ ئىچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ختايلارنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتلىك بولۇش ياكى بولماسلىق ختاي مەدەنىيىتىدىكى Li، يەنى 礼نى قوبۇل قىلىش ۋە شۇ بويىچە ياشاش ياكى ياشىماسلىقنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ[14]، ختايلارنىڭ ئەتراپىدىكى تۆت ياۋايىلار 礼 نى ئۆگىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەتلىك بولۇپ، خۇاشيا ئائىلىسىگە كىرەلەيدۇ[15]. بۇنىڭدىن سىرت ختايدىكى تيەنشيا كۆز قارىشى ياكى سىستېمىسى ختاينىڭ ئەتراپىدىكى (ختاي بولمىغان) خەلقلەر بىلەن ئارىلىق ساقلاپ، پەرقلىق ياشاشنى ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ ختايلاشتۇرۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ[16]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ختايچە دۇنيا تەرتىپى ئۆزىنىڭ قوشنا ئەللىرىگە مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيەسى سىياسىتى ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەيدۇ.

## ختاي مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئوخشاش سىياسىي گەۋدە ئىچىدىكى «كۆپ خىللىق pluralism» ۋە «بىر خىللاشتۇرۇش unification» قا بولغان چۈشەنچىلىرى

سىياسىي مۇتەپەككۇرلار، بولۇپمۇ كىلاسسىك مۇتەپەككۇرلار بىر توپلۇمنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. بۈگۈنكى ختاي مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلى ئەمىنىيە ۋە يىغىلىق دەۋرىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ ۋە ئۇ دەۋردىكى ختاي پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى بۈگۈنكى ختاي مەدەنىيىتىنىڭ ئىسكىلىتى ۋە قۇرۇلمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. جۈملىدىن ختاي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ مىمارلىرى دەپ قارىلىدىغان لاۋزى، كوڭزى، مىڭزى، شۈنزى، موزى، شۇنداقلا شاڭ ياڭ، خەن فېي ۋە لى سى لارنىڭ ۋە بۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاساسىي ئېقىم ختاي سىياسىي مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ختاي سىياسىي گەۋدىسى ئىچىدىكى كۆپ خىللىق، بىر خىللاشتۇرۇش ۋە شۇنداقلا ختاي بولمىغان باشقا خەلقلەرگە بولغان كۆز قارىشى پۈتۈن ختاي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ بۇ تېمىلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن پەنجىرە بولالايدۇ.

تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىللىق ختاي تارىخىنىڭ ئىككى چوڭ ئىدىيە يېتىلىنىش ۋە ئويغىنىش دەۋرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ئەمىنىيە ۋە يىغىلىق دەۋرى، يەنە بىرى بولسا مىنگو دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[17]. ئەمما مىنگو دەۋرىدىكى ئىدىيە ئاقارتىش ھەرىكىتىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى ختاي ئىدېئولوگىيەسى بىلەن غەرب ئىدىيەسىنىڭ توقۇنۇشىدىن ئىبارەت. ئەڭ ئاخىرىدا ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن ختايدا سىياسىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغانلىقىنى بۇ توقۇنۇشنىڭ نەتىجىلىنىشى، شۇنداقلا ختايلارنىڭ يەنە بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ختاي ئىدېئولوگىيەسىگە قايتىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۈگۈنكى ختاي مەدەنىيەت سىستېمىسىدا كىلاسسىك ختاي مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تۆۋەندە ختاي مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئاساسلىق ئورۇن ئىگىلەپ كەلگەن موزىچىلار (墨家)، كوڭزىچىلار (儒家)، داۋجىياچىلار (道家) ۋە قانۇنچىلار (法家)، شۇنداقلا موڭغۇللار دەۋرىگىچە بولغان دەۋردىكى ختاي سىياسەت پەلسەپىچىلىرىنىڭ مەزكۇر ماقالىنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ خىللىق، بىر قېلىپقا سېلىش ۋە يات مىللەتلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە قاراپ چىقايلى:

داۋجىياچىلار ياكى تەرىقەتچىلەر (道家) نىڭ

قۇرغۇچىسى لاۋزى: «ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمسىز ۋە نادان قالدۇرۇش لازىم، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى قۇرۇقداش كېرەك... بىلىملىك ھۆكۈمدار خەلقنى بىلىمنىڭ ۋە مەرىپەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىزچىل نادان قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ[18].»

موزىچىلار (墨家) نىڭ قۇرغۇچىسى موزى: «دۆلەت ئىچىدە پەقەت بىرلا قائىدە بولۇشى ۋە بۇ قائىدە دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇشى لازىم. باشقا قائىدە ۋە ئۆلچەملەرنى رەت قىلىش كېرەك. بۇ قائىدىلەرنى دۆلەتتە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت ۋە ھۆكۈمدار مۇستەبىت بولۇشى كېرەك[19].»

كۇڭزىچىلار (儒家) پېشۋاسى كۇڭزى: «ئىنسانلارغا تەربىيە يولى بىلەن 礼 نى ئۆگىتىش لازىم... باش - پاناھسىز قالغان خۇاشىيا مىللىتى پادىشاھى بار ياۋايىلاردىن (باشقا مىللەتلەر) دىن ئۈستۈندۇر.

(夷狄之有君，不如诸夏者亡也[20]. »)

كۇڭزىچىلاردىن مىڭزى: «مەن خۇاشىيالارنىڭ ياۋايىلارنى (باشقا مىللەتلەرنى) تەربىيەلەيدىغىنىنى ئاڭلىدىم، ياۋايىلارنىڭ خۇاشىيالارنى تەربىيە- لەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

(吾闻用夏变夷者，未闻变于夷者也[21]. »)

قانۇنچىلار ئېقىمى (法家) نىڭ قۇرغۇچىلىرى: «دانا ھۆكۈمدار كۈچىنى ئىنسانلارنىڭ زېھنىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ (شۇنزى ۋە خەن فېيزى)[22]. دۆلەتتە بىرلا خىل كىشى بولۇشى ۋە كىشىلەر بىرلا خىل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم(شاڭياڭ)[23].»

موڭغۇللار دەۋرىگىچە بولغان تارىختا خىتاي سىياسەت پەلسەپەچىلىرىدىكى ئورتاق قاراش: ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنلۇق (مەشرۇ) بولۇشى پەقەت ۋە پەقەت ھاكىمىيەتنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتى بولۇشى ۋە ھۆكۈمدارنىڭمۇ خىتاي پۇشتىدىن بولۇشىغا باغلىق... خىتايلارنىڭ بۇنداق قارىشى كۇڭزىنىڭ «ئائىلە خانىۋەيران، دۆلەت ھالاك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ (خىتاي بولمىغان) ياۋايىلارنىڭ خۇاشىيالارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە يول قويماسلىق كېرەك.» (宁可国破家亡，也不让夷狄统一中国) دېگەن قارىشىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان[24].... بۇ دەۋرلەردە خىتاي سىياسىي مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا «مەندىن بولمىغاننىڭ نىيىتى باشقا» (非我族类，其心必异) دېگەن كۆز قاراش ھۆكۈمران ئىدى. ئۇلار خىتاي بولمىغان خەلقلەرنى تەربىيە كۆرمىگەن، ئارقىدا قالغان، قائىدە بىلمەيدىغان دەپ قارايتتى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ باشقا خەلقلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى مەدەنىيەتنىڭ گۇمران بولۇشى دەپ بىلەتتى[25].

خىتاي مۇتەپەككۇرلارنىڭ يۇقىرىدىكى تەشەببۇس- لىرىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. 1) ئۆزلىرىنى ھەر زامان باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، باشقىلارغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ؛ 2) دۆلەت ئىچىدە پەرقلىق ئىدىيەنىڭ بولۇشىغا قارشى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ئىدىيەسى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى لازىم دەپ قارايدۇ؛ 3) ھۆكۈمدار مۇستەبىت بولۇشى لازىم؛ 4) خەلق نادان قالدۇرۇلۇشى لازىم» 5) خىتاي بولمىغان خەلقلەرنىڭ خىتاينى باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە سالاھىيىتى يوق؛

بۇلارنىڭ ھېچبىرى كۆپ خىللىق (pluralism) قا يول قويمايدۇ، ئەكسىچە، ھەممىنى بىر قېلىپقا سېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. باشقا خەلقلەرگە تۇتقان مۇئامىلىدە تەبىئىي ھالدا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. ماقالىنىڭ مەركىزى تېمىسىدىن قېيىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن يۇقىرىدىكى خىتاي مۇتەپەككۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇخىل چۈشەنچىلەرنى تەشەببۇس قىلغىنىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ئەمما خىتايلارنىڭ باشقا توپلۇملارغا بولغان كەمسىتىش نەزىرى ۋە ئۇلارنى «مەدەنىيەتلىك قىلىپ قويۇش» ۋەزىپىسى باردەك ھېس قىلىشى[26] تارىختا نۇرغۇن پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، خىتاي تارىخىنى ياخشى بىلىدىغانلار ئۈچۈن سىر ئەمەس. بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئەڭ چۈشىنىشلىك مىسال بولالايدۇ.

# خىتايلارنىڭ خىتاي بولمىغان خەلقلەرگە قوللانغان ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرى

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «باشقا خەلقلەر» بىرى خىتايغا بېقىنغان خەلقلەرنى، يەنە بىرى خىتاي بىلەن قوشنا بولغان مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. خىتايلار تارىختا بۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قارىتا ئىگىلىگەن سىياسىي ئۈستۈنلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشىمايدىغان تاكتىكىلارنى قوللانغان. بۇ تاكتىكىلار ئىچىدە خىتاينىڭ سىياسىي تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ قالغان خەلقلەرگە تۇتقان سىياسىتى «ئەركىن قويۇپ بېرىش»تىن «خىتايلاشتۇرۇش»قا قاراپ ئۆزگىرىشتەك ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. تۆۋەندە بۇ سىياسەتلەرگە قىسقىچە قاراپ ئۆتىمىز. باشتا ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرگە قاراتقان تاكتىكىسىغا قاراپ چىقايلى:

قۇدىلىشىش . بۇ خىل سىياسەتنى كۆپرەك ھونلار، كۆك تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر قاتارلىقلارغا قوللانغان. خىتاي تارىخىغا قارايدىغان بولساق يۇقىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى باشتا خىتايلارغا قارىغاندا كۈچلۈك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىچكى نىزا ۋە قوشنا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ھۇجۇملىرى سەۋەبىدىن ئاجىزلاشقان. خىتايلار ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك بولغان بۇخىل ھاكىمىيەتلەرگە ئادەتتە خىتاي پادىشاھ جەمەتىگە تەۋە بولغان مەلىكىلەرنى ياتلىق قىلغان. خىتاي مەلىكىلىرى بۇلارنىڭ قاغانلىرىغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، خىتاي سۇلالىلىرى مۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولغان: بىرىنچىسى، ئىككى ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسدا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، خىتاي ھاكىمىيەتلىرى ئارام ئېلىۋېلىش ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان[27]. ئىككىنچىسى، ياتلىق قىلىنغان مەلىكە ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق قاغاننىڭ ئوردىسىدا يۈز بېرىۋاتقان مۇھىم ئىشلاردىن بىۋاستە خەۋەردار بولۇپ تۇرغان[28]. ئۈچىنچىسى، قاغانغا يېقىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق يېرىم خىتاي پۇشتىدىن بولغان شاھزادىلەرنى ۋەلىئەھدى قىلىشقا ياكى ھېچبولمىغاندا بۇ شاھزادىلەرنىڭ ساھىپ بولغان كۈچىدىن پايدىلىنىشقا تىرىشقان[29]. خىتاي بىلەن قۇدىلىشىش بىر خىل شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، مەقسەت قارشى تەرەپنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇش ۋە سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت[30]. تەبىئىيكى، بۇ سىياسىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى. لېكىن خىتاي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ بۇ ئاجىزلىقنى قانداقلارچە ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرغانلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئولپان تۆلەش. بۇ خىل مۇناسىۋەتمۇ كۆپىنچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھاكىمىيەتلەر بىلەن بولغان بولۇپ، يىلدا شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن مىقداردا ئۇلارغا يىپەك، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ تۇرغان[31].

بۇنىڭدىن سىرت خىتاي ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ھاكىمىيەتلەردىن كۈچلۈك بولغان ۋاقىتلاردىكى، بولۇپمۇ ئەتراپىتىكىلەر خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي دائىرىسىگە كىرىپ قالغان ۋاقىتتىكى سىياسەت ۋە تاكتىكىلىرىغا قاراپ چىقىش ماقالىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ سىياسەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

نوختا سېلىش ياكى ئۆزگە تارتىپ تۇرۇش (縻府州制度). بۇ ئادەتتە خىتاي ھاكىمىيىتى يېڭىدىن ئىشغال قىلغان ياكى خىتايلارغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن يىراقراق بولغان رايوندىكى خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان سىستېما بولۇپ، خىتاي سىياسەت پەلسەپىسىدىكى «بۈيۈك بىرلىككە كەلتۈرۈش» (大一统) ئىدىيەسىنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ[32]. بەزى مەنبەلەردە بۇ سىياسەت خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا چىياڭلار ۋە ھونلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان

دەپ يېزىلغان بولسىمۇ[33]، ئەمما تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئەڭ گەۋدىلىك شەكىلدە يۈرگۈزۈلگەن[34]. بۇ سىياسەتتە ختايغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن خەلق ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئەمما ختاي ھاكىمىيىتىگە سادىق ھۆكۈمدار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، سىياسىي جەھەتتىن ختاي پادىشاھىغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ختاي پادىشاھىغا سالام بېرىش ئۈچۈن يىلدا ختاي سارىيىغا بېرىپ تۇرىدۇ، ختاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن (باشتا) ئىچكى ئىشلىرىغا كۆپ ئارىلىشىش بولمايدۇ. ئەمما بۇ خىل ئارىلىشىش ختاي مەركىزى ھۆكۈمىتىگە يېقىنلاشقانسېرى ۋە بۇ خىل تاكتىكىنى ئىشلىتىپ كەلگىلى بىر مەزگىل بولۇپ، ئۇ رايوندا تەسىر كۈچى ئاشقانسېرى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. ختاي مەدەنىيىتىدە باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش ئەنئەنىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ مىللەتلەرگە ختايچە ياشاش ئۇسۇلى زورلاپ تېڭىلىشقا باشلايدۇ[35] ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن پۈتۈنلەي ختايلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا 657 - يىلىدىكى غەربىي كۆك تۈركلەرنى[36] ۋە 1955 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان بىزنىڭ ۋەتەن – شەرقىي تۈركىستاننى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىش. بۇ سىياسەتمۇ ئوخشاشلا ختاي مەركىزى ھاكىمىيىتىدىن يىراق بولغان رايونلاردا يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىرى ئاستىدىكى ختاي بولمىغان خەلقلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇش، شۇنداقلا تېخىمۇ يىراقتىكى قەۋملەر ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش ۋە ۋاقتى كەلگەندە ئۇ يەرلەرنىمۇ بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت[37].

يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن باشقۇرۇش (土司制度). بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نوختا سېلىش سىياسىتىدىن پەرقلىق بولۇپ، مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدىكى سىستېمىنىڭ داۋامى ۋە ختاي مەركىزى ھاكىمىيىتىگە بىۋاستە باغلانغان باشقۇرۇش شەكلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ سىستېمىدا ختايغا ئەل بولغان خەلقنى باشقۇرغۇچى كىشى گەرچە يەرلىك لىدىر بولسىمۇ، لېكىن بۇ لىدىرنىڭ ھوقۇقىنى يۇقىرىدىكى سىستېمىدا تىلغا ئېلىنغان بەگ ياكى باشقۇرغۇچىنىڭ ھوقۇقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ختاي پادىشاھ خالىغان ۋاقىتتا بۇ لىدىرنى ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ ياكى ھوقۇقىنى تېخىمۇ چەكلەپ قويالايدۇ. پەقەت باشقۇرغۇچىنىڭ يەرلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ختاينىڭ ئۆز خەلقىگە قاراتقان ۋىلايەت – ناھىيە تۈزۈمى بىلەن بەك كۆپ پەرقى يوق. باشتىكى سىستېمىدا باشقا مىللەت لىدىرى ختايغا سالامغا كەلگەندە ئۆزى خالىغان شەكىلدە سوۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن كېيىنكىسىدە بولسا سوۋغا - سالاملارنىڭ تۈرى ۋە مىقدارى ختاي سارىيى تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتمەي قالسا قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ[38]. بۇ باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى ختاي بولمىغان خەلقلەر ختايچە قىممەت قاراشلارغا مەجبۇرلىنىدۇ، ھەتتا بۇ رايونلارغا ختاي نوپۇسىمۇ يۆتكىلىدىغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يەرلىك بەگ بىكار قىلىنىپ، بىۋاستە مەركەزدىن ختاي ۋالىي ئەۋەتىلىدۇ[39]. ختاي تەتقىقاتچىلار بۇ خىل سىستېما يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا بارلىققا كېلىپ، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قوللىنىلغان دەپ قارايدۇ[40]، ئەمما ھازىرقى ھەر قايسى ئاپتونوم رايونلارنىڭ باشقۇرۇلۇش شەكلىنىمۇ بۇنىڭغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىگە كىرىپ قالغان، ختاي بولمىغان خەلقلەرگە قوللانغان سىياسىتىگە قارايدىغان بولساق، مەيلى قايسى سىستېما ياكى تاكتىكىنى قوللانسۇن، ئاخىرىدا يەنىلا ئۇلارنى خۇاشيالاشتۇرۇش، يەنى ختايلاشتۇرۇش سىياسىتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنى ختايلاشتۇرۇش – ختاي مەدەنىيىتى ۋە ختاي سىياسىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىدىكى ئاساسلىق ۋاستىدىن ئىبارەت[41]. ئۇنداقتا ختاي

مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقا كېڭىيىشى ۋە ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانى قانداق شەكىلدە رېئاللىققا ئايلاندى؟

## خىتايدىكى ھەر قايسى سۇلالىلەر دەۋرىدە خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ خىتايلىشىش جەريانى ۋە خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭىيىشى

خىتايلارنىڭ پۈتۈن زېمىنلىرىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان سىيانپىي، قىتان، جۇرجىت، موڭغۇل ۋە مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەر ۋە باشقا خىتاي بولمىغان مىللەتلەر خىتاينىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن چاڭجىياڭ ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرى ئارىسىدىكى كىچىك رايوندىن كېڭىيىپ، بۈگۈنكىدەك كەڭرى ھالەتكە كېلىشى ۋە خىتايلارنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنىڭ سىرتقا كېڭىيىپ، بۈگۈنكى خىتاي خەرىتىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولىنى خىتاي سۇلالىلىرىنىڭ رولىدىن چوڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى ھەر قېتىم خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ شىمالدىكى خىتايلاشمىغان رايونلارغا تارقىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭرى ماكان ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ، خىتايلار بولسا بۇ جۇغراپىيەنى مەدەنىيەت كونتروللۇقى ئاستىغا ئالغان ۋە يايلاق مىللەتلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىرى خالىغان ياكى مەجبۇرلانغان شەكىلدە خىتايلاشقان. بۇ ھادىسە ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ھاكىمىيەت رايونىنىڭ خىتايلىشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. تۆۋەندە خىتاي تارىخىدىكى خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ خىتايلىشىش جەريانلىرى، بۇ جەرياندا يولغا قويۇلغان سىياسەتلەر شۇنداقلا خىتايلىشىش / خىتايلاشتۇرۇش مېتودلىرىغا قاراپ چىقايلى:

## شىمالىي ۋېي (北魏) سىيانپىيلار دەۋرى — (مىلادى 5-، 6- ئەسىرلەر)

خىتاي تارىخىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەپ ئاتالغان بۇ ھاكىمىيەت مىلادى 386- يىلىدىن 534- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، قۇرغۇچىلىرى يايلاق مىللەتلىرىدىن بىرى بولغان سىيانپىيلاردىن ئىبارەت. سىيانپىيلار شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھاكىمىيىتى بولۇپ، خىتايلارغا ھۆكۈمدارلىق قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرى خالىغان ھالدا خىتاي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. بۇ خىل ئۆزى خالاپ خىتايلىشىش سىيانپىي ھۆكۈمدارى شياۋ ۋېندى (孝文帝 467-499) زامانىدا مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە ئېلىپ بېرىلغان. شياۋ ۋېندى گەرچە خىتاي بولمىسىمۇ، خىتايلىشىشنى ناھايىتى كۈچەپ تەرغىب قىلغان. خىتاي تارىخچىسى فەن ۋېنلەننىڭ «خىتاي ئومۇمىي تارىخى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەققىدە مۇنداق بايانلار بېرىلگەن[42]:

شياۋ ۋېندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خۇ (胡) لارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى چەكلىدى. (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان خۇلار سىيانپىيلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە باشقا خىتاي بولمىغان خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ.)

سىيانپىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا گەپ قىلىشىنى چەكلىدى.

سىيانپىيلارنىڭ خىتايچە گەپ قىلىشى ۋە خىتايچە كىيىم – كېچەك كىيىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى.

سىيانپىيلارنىڭ فامىلىسىنى خىتاي فامىلىسىگە ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكى ھەققىدە قانۇن چىقاردى.

سىيانپىيلارنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىشى ھەققىدە يارلىق ئېلان قىلدى.

سىيانپىيلارنىڭ ئۆزلىرىنى خىتاي دەپ ئاتىشى

كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى.

ۋاپات بولغان سىيانپىيلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ شىمالغا دەپنە قىلىنىشىنى چەكلىدى. (يەنى سىيانپىي مازارلىقلىرىنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىدا خىتايلاردىن ئايرىم بولۇشىغا يول قويمىدى.)

بۇ دەۋردە سىيانپىيلار شىمالدىن خىتايلار رايونى بولغان جەنۇبقا ئىككى قېتىم كۆچكەن بولۇپ، ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن خىتايلىشىش سىياسىتى ئېلىپ بېرىلغان. فەن ۋېنلەن بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئەسلىدە سىيانپىي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل خىتايلارنى ۋە ئىگە بولغان زېمىنلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان[43]. نەتىجىدە خىتاي مەدەنىيىتى ۋە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتايلارنىڭ تەسىر كۈچى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىغا يېتىپ بارغان ۋە نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ خىتايلىشىشى بىلەن خىتايلارنىڭ نوپۇسىمۇ ئاشقان بولغان.

## جىن سۇلالىسى(金朝) دەۋرى (12-، 13- ئەسىر)

جىن سۇلالىسى مانجۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان جۇرجىتلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، سىيانپىيلارغا ئوخشاشلا شىمالدىكى كۈچلۈك يايلاق مىللەتلىرىنىڭ بىرى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ خىتايلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىتايلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويغان.

جۇرجىتلار باشتا خىتايلارنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياشاشقا مەجبۇرلىغان بولۇپ، جۇرجىت مەدەنىيىتى بويىچە ھايات كەچۈرۈشكە ۋە خىتاي ئەرلىرىنى جۇرجىتلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈرۈشكە مەجبۇرلىغان. 1170- يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى فەن چېڭدا (范成大) جۇرجىتلارنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلىپ قايتقاندا، ئۇ يەردىكى خىتايلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ھەتتا بىر - بىرىگە بولغان مۇئامىلىلىرىنىڭمۇ جۇرجىتلىشىپ كەتكىنىنى تىلغا ئالغان[44].

1150- يىللىرىغا كەلگەندە جۇرجىت خانى خەي لىڭ(海陵) سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ۋە خىتاي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەدەنىيەت ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتى جەھەتتە خىتايلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويغان[45].

1153 - يىلى خەي لىڭ يەنە جۇرجىت ۋەزىرلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، پايتەختنى شىمالدىكى خۇيىنىڭ دىن جەنۇپتىكى يەنجىڭغا يۆتكىگەن. نەتىجىدە نۇرغۇن جۇرجىت ئاقساقاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى زور كۆلەمدە خىتايلار رايونىغا كۆچۈپ كىرگەن[46].

1156 - يىلى جۇرجىتلارنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىي سىستېمىسى بولغان «مەسلىھەتچىلەر كېڭەشى» بىكار قىلىنىپ، خىتايچە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى يولغا قويغان[47].

1157 - يىلى جۇرجىت خانى خەي لىڭ، جۇرجىت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يېزا – قىشلاقلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان. بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە جۇرجىتچە يېزىلغان تاش ئابىدىلەرنىڭ ھەممىنى يوق قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. بەگلىك ئۇنۋانلىرىنى بىكار قىلغان ۋە بۇ ئۇنۋان بىلەن يېزىلغان ھۆججەت ۋە يارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلغان[48].

جۇرجىت ھۆكۈمدارى جاڭ زۇڭ (章宗) دەۋرىگە كەلگەندە خىتاي تىلى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشقا باشلىغان ۋە بارغانسېرى جۇرجىت تىلى ئىشلىتىلمەيدىغان تىلغا ئايلىنىپ قالغان[49].

يۇقىرىدىكى ۋەقەلەردىن جۇرجىتلارنىڭ خىتاي-لىشىش جەريانىنىڭ ناھايىتى رادىكال دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئۆزلىرى خالاپ خىتاي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان بۇ مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىمۇ خىتايچە

مۇستەبىت ۋە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن سىياسىي سىستېمىغا ئايلانغان. بۇخىل ھادىسىنى موڭغۇل ۋە مانجۇلاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. يەنى، يايلاق مىللەتلىرى بۇرۇنقى ياشاش ئۇسۇلى ۋە دۆلەت سىستېمىسىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سىياسىي سىستېمىسىمۇ مۇستەبىتلەشكەن. دېمەك، ئۇلار خىتايلاشقاندىن كېيىن، خىتاي سىياسەتچىلىرى ۋە خىتاي سىياسەت پەلسەپىسىنىڭمۇ كونتروللىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان.

## مىڭ سۇلالىسى (明朝) دەۋرى (14- ~ 17- ئەسىر)

گەرچە خىتاي سۇلالىرىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ ھەممىسى مۇستەبىت بولسىمۇ، مىڭ سۇلالىسىنى بۇلارنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ بەكرەك مۇستەبىت ۋە ئىرقچى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ يۈەنجاڭ (朱元璋) ناھايىتى تۆۋەن تەبىقىدىكى خىتاي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «موڭغۇل ۋە مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، خۇاشىيا دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» (驱除胡虏，恢复中华) شۇئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان[50]. موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى موڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن خىتاي پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن دەسلەپتە بەك چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا خىتايلارنىڭ تەقدىر چۈشەنچىسى (天命观) سەۋەبىدىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىيلىقى قوبۇل قىلىنغان. جۇ يۈەنجاڭ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ موڭغۇل ھاكىمىيىتىدىنمۇ بەكرەك قانۇنىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن «خۇاشىيا- ياۋايى چۈشەنچىسى» (华夷观) ۋە «ئەخلاق چۈشەنچىسى» (道德观) قاتارلىقلار چۈشەنچىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققان[51]. ئۇ خىتاي پەيلاسوپلىرىنى يىغىپ، موڭغۇللارنىڭ خۇاشىيالارغا ھۆكۈمدار بولۇشى «تەڭرىنىڭ ئىرادىسى» چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، ياۋايىلار ۋە خىتايلار ئارىسىدىكى باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى شەرھىيلەنگەن «خۇاشىيا - ياۋايى چۈشەنچىسى» (华夷观) گە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى پەتىۋاسىنى بەرگۈزگەن[52]. بۇ چۈشەنچىگە ئاساسەن يات مىللەتلەرنىڭ خىتايلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، لېكىن خىتايلارنىڭ ئۇلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. چۈنكى يات مىللەتلەر مەدەنىيەتلىك ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. مىڭ سۇلالىسى خىتايلارنىڭ خەنزۇ مىللىتىگە چوقۇنىدىغان، باشقا مىللەتلەرنى پەس كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى «مەدەنىي – ياۋايى دەرىجە پەرقى» (华夷秩序，华夷之辨，天下秩序) مەپكۇرىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، بۇ خىل ئىدىيەنى «ھەقدادىغا» يەتكۈزگەن[53].

مىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى خىتاي بولمىغان خەلقلەرگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك سىياسەت يۈرگۈزگەن:

مىڭ پادىشاھى پەرمان چىقىرىپ خۇلار (خىتاي بولمىغانلار) نىڭ كىيىم – كېچەكلىرى، يەرلىك فامىلىسى ۋە تىلىنى چەكلىگەن. نەتىجىدە خىتاي ھاكىمىيەت دائىرىسى ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان خەلقلەر فامىلىسىنى خىتاي فامىلىسىگە ئۆزگەرتكەن[54].

رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ ئۆز – ئارا توي قىلىشىنى چەكلىگەن ۋە خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا زورلىغان[55]. (موڭغۇللار ۋاقتىدا پۈتۈن مىللەتلەر تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىدە موڭغۇل قەبىلىلىرى تۇرغان. ئىككىنچى دەرىجىدە مۇسۇلمان ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا خەلقلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈپ رەڭدار كۆزلۈكلەر دەپ ئاتالغان. بۇلارنى ئاددىي قىلىپ موڭغۇللار ۋە خىتايلاردىن باشقىلىرى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ؛ ئۈچىنچى دەرىجە شىمالدىكى خىتايلار ۋە قىتانلار؛ تۆتىنچى دەرىجە بولسا جەنۇبلۇق خىتايلار بولغان[56].)

رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ تىلى، يېزىقى ۋە ئىسلامىي ئىسىم – فامىلىلىرىنى پۈتۈنلەي چەكلىگەن[57].

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرى (17- ~ 20- ئەسىر)

چىڭ سۇلالىسى 1644- يىلى يەنە بىر يايلاق مىللىتى بولغان مانجۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۇلالە بولۇپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى سىياسىي خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرگەن ھاكىمىيەتتۇر. شۇنداقلا مانجۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سىيانپىي ۋە جۇرجىتلارغا ئوخشاش سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ئۆزلىرى خىتاي مەدەنىيىتىگە ئىستىخىيلىك ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن خەلقتۇر. لېكىن مانجۇلار خىتايلارنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالغاندا دەسلەپكى يىللاردا ئۇلارنى مانجۇچە كىيىم – كېچەك كىيىپ يۇرۇشكە ۋە مانجۇچە ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇشقا مەجبۇرلىغان. خىتايلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مانجۇلار ۋە خىتايلارنىڭ توي قىلىشىنى چەكلىگەن[58]. ئەمما نوپۇس جەھەتتىن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان خىتايلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن خىتايچە ئۆلچەم ۋە سىياسىي تۈزۈم بىلەن ياشاش زۆرۈر بولغان[59]. سىياسىي سىستېما جەھەتتىن يايلاق مىللەتلىرىگە خاس بولغان بەگلىك ۋە كېڭەش سىستېمىسىنى رەت قىلىپ، ھوقۇق پۈتۈنلەي مەركەزگە مەركەزلەشكەن خىتايچە ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى قوبۇل قىلغان[60]. مانجۇ پادىشاھى يۇڭجېڭ خىتاي قەلەمدارلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خىتاي خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، مانجۇلارنىڭمۇ خىتاي خەلقىگە ئوخشاش مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كاڭشى بولسا خان جەمەتى ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك خىتاي مەدەنىيىتى ۋە خىتاي تىلى ئۆگىنىشنى يولغا قويغان[61].

بۇنىڭدىن سىرت مانجۇلار سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، مانجۇ تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئازىيىشقا باشلىغان[62]. گەرچە كاڭشى دەۋرىدە مانجۇ تىلى ئوردىدا ئاساسلىق تىل، خىتاي تىلى قوشۇمچە بولغان بولسىمۇ، چيەنلۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە خىتاي تىلى ئاساسلىق تىل، مانجۇ تىلى قوشۇمچە تىل ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى يىقىلغاندىن كېيىن، مانجۇ تىلىدا ئالاقە قىلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەن ۋە 20-ئەسىردىن كېيىن، مانجۇ تىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلدىن قالغان ئۆلۈك تىلغا ئايلىنىپ قالغان.

شۇنداقتىمۇ ئاساسلىق ھاكىمىيەت يەنىلا مانجۇلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن مانجۇ كىملىكى يوق بولۇپ كەتمىگەن. سىياسىي جەھەتتىن مانجۇلار بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن خىتايلار ئارىسىدا مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەم ئىدېئولوگىيە، ھەم قوراللىق كۈرەش داۋام قىلىپ تۇرغان. بولۇپمۇ 1840- يىلى ياۋروپالىقلار بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى خىتايدىكى كىرزىسلارنىڭ مەنبەسى مانجۇلارنىڭ ھاكىمىيەتتىكى قابىلىيەتسىزلىكىدىن دەپ قارالغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئوردىدا خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ سانى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىشى بىلەن مانجۇلار ئارىسىدا خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن خەۋپسىرەش خاھىشى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. خىتاي مۇتەپەككۇرلىرىدىن لياڭ چيچاۋ خىتاي – مانجۇ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش ۋە كۈچلۈك خىتاي دۆلىتى قۇرۇپ ئاق تەنلىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مانجۇلارنىڭ خىتايلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋە بۇنىڭ ھەر ئىككى مىللەت ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە پۈتۈن سېرىق تەنلىك ئىرقلارنىڭ ئورتاق تەقدىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنداقلا بۇنى تارىخنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى دەپ قارىغان[63]...

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مانجۇلارمۇ سان جەھەتتىن ئاز بولغانلىقى، سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەنلىكى ۋە خىتايچە ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى يۈرگۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن خۇاشيا مەدەنىيىتى داشقازىنىدا ئېرىپ يوق بولۇپ كېتىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان.

# سۈن جۇڭشەن ۋە ماۋزېدوڭ: دېموكراتىيە ۋە كوممۇنىزم ئىدىيەسىدىن ئەنئەنىۋى خىتاي زېھنىيىتىگە قايتىش

مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەرب ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېموكراتىك خىتاي زىيالىيلار ياپونىيەگە يىغىلىشتى ۋە بۇ يەردىن خىتاي خەلقىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىشقا تەشۋىق قىلىشتى[64]. بۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتايلارنىڭ دۆلەت ئاتىسى دەپ ئاتالغان سۈن جۇڭشەننىڭ ئىدىيەسى ئەڭ ئىلغار ۋە سىستېمىلىق ئىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىگە ۋە دۇنيانىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە جاۋاب بېرەلمەيۋاتقان ئەنئەنىۋى خىتاي ئىدىيەسىگە قارشى يېڭى ئىدېئولوگىيە ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۈن جۇڭشەننىڭ بۇ ئىدىيەسى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ مەسلەك»كە مۇجەسسەملەنگەن ئىدى. سۈن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكى خىتاي دېموكراتىيە چۈشەنچىسىنىڭ ئۆلىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەش بىر قەدەر چۈشىنىشلىك بولۇشى مۇمكىن :

## مىللەتچىلىك مەسلىكى (民族主义)

تەشەببۇس قىلغان ئىدىيەسى: مانجۇ ۋە موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىش، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (驱除鞑虏，恢复中华)[65]. مىللەتچىلىك ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مودا سىياسىي ئىدېئولوگىيەسى بولغانلىقى ئۈچۈن سۈن جۇڭشەننىڭ بۇ ئىدىيەنى خىتايلارغا ئېلىپ كىرىشى ھەقىقەتەن يېڭىلىق ۋە دەۋرنىڭ روھىغا ماس كەلگەن. لېكىن ئۇنىڭ مىللەتچىلىك مەسلىكىنىڭ خاراكتېرى يەنىلا ئەنئەنىۋى خىتاي شوۋىنىزمى، ئۆزىدىن بولمىغانلارنى پەس كۆرۈش ۋە چەتكە قېقىش ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ مانجۇ ۋە موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىش، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (驱除鞑虏，恢复中华) تەشەببۇسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇ يۈەنجاڭنىڭ «موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىپ جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» (驱除胡虏，恢复中华)[66] تەشەببۇسىغا ئەينەن ئوخشايدۇ.

## خەلق ھوقۇقى مەسلىكى (民权主义)

بۇ مەسلەكنىمۇ دەۋرنىڭ يۈزلىنىشى بولغان دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىدىيەسى دەپ قاراشقا، شۇنداقلا بۇ خىل ئىدىيەنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىنى خىتايغا ئوخشاش ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈم ئاستىدىكى جەمىيەت ئۈچۈن ئىلغارلىق ۋە يېڭىلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ مەسلەكنىڭ تەشەببۇسى «بەش مىللەتلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت، يەنى ئۇلۇس دۆلەت قۇرۇش»تىن ئىبارەت بولۇپ بۇ بەش مىللەت مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت ۋە خىتاينى كۆرسىتەتتى. ئەمەلىيەتتە سۈن جۇڭشەننىڭ ئىككىنچى مەسلىكى بىلەن بىرىنچى مەسلىكى بىر - بىرىگە زىت كېلىدۇ. چۈنكى مانجۇلار ۋە موڭغۇللار قوغلاپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، يەنە بەش مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتى قۇرغىلى بولمايدۇ. مەزكۇر ماقالىنىڭ تېمىسى بۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

## خەلق تۇرمۇشى مەسلىكى (民生主义)

بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مەسلىسى بولۇپ، دۆلەت ئىقتىسادى بىلەن خەلقنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكى ۋە بۇلارنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادنىڭ مونوپول قىلىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ[67].

تۆۋەندە ماقالىنىڭ تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىنچى مەسلەك ھەققىدە سۈن جۇڭشەننىڭ ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ چىقايلى :

1906 ~ 1920- يىللار: تەڭ ھوقۇقلۇق بەش مىللەتلىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش (五族共和)[68]. بۇ ۋاقىتتا سۈن جۇڭشەن ھەقىقەتەن دېموكراتىيەنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى.

1919 ~ 1921- يىللار: «دېمەكچى بولغىنىم،

خىتايدىكى پۈتۈن مىللەتلەرنى يالغۇز بىر جۇڭخۇا مىللىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم».

我的意思是，应该把我们中国所有各民族融成一个中华民族。[69]

(بۇ جۈملە سۇن جۇڭشەننىڭ 1920 – يىلى گومىنداڭنىڭ شاڭخەيدىكى باش شتابىدىكى يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقىدىن ئېلىندى) . بۇ ۋاقىتتا سۇن جۇڭشەن دېموكراتچىلىقتىن چوڭ خىتايچىلىق يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى نامايان قىلغان.

1921- يىلى: «مانجۇلار، موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنى خىتاي مىللىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق بىر مىللىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مىللەتچىلىك يولىدا يەنىمۇ كۆپ تىرىشىشىمىز لازىم.»

本当尚须在民族主义上做功夫，务使满族，蒙古，维吾尔族，藏族同化于我汉族，成一大民族主义的国家[70]。

(بۇ جۈملە سۇن جۇڭشەننىڭ 1921- يىلى 3- ئاينىڭ 6- كۈنى گومىنداڭنىڭ ئاۋمېندىكى باش شتابىدا سۆزلىگەن نۇتقىدىن ئېلىندى). بۇ ۋاقىتتا سۇن جۇڭشەن تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ، خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنى خىتاي مىللىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

سۇن جۇڭشەن ئىنقىلاب ھاياتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىنى غەربنىڭ ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ، دېموكراتىيە، جۇمھۇرىيەت قۇرۇش قاتارلىق قىممەت قاراشلار بىلەن باشلىغان بولسىمۇ، ھوقۇق گومىنداڭنىڭ قولىغا ئۆتۈپ خىتايدىكى تەسىرى كۈچەيگەنسېرى ئەنئەنىۋى خىتاي زېھنىيىتى بويىچە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغان. ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا «ئۈچ مەسىلەك»نى سىستېمىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئەنئەنىۋى خىتاي مەدەنىيىتىگە قايتىپ كەلگەن[71]. تېخىمۇ قىزىقارلىق بولغىنى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سۇن جۇڭشەننىڭ ئورنىغا چىققان جاڭ جيېشى ئۈچ مەسىلەكنى كۈڭزىچىلاشتۇرغان.[72]

## كوممۇنىستلار

خىتايغا كوممۇنىزم ئىدىيەسى دېموكراتىك ئىدىيەدىن سەل كېيىن كىرگەن بولۇپ، بۇ ئىدىيەنىڭ خىتايغا تارقىلىشىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن لى داجاۋ ۋە چېن دۇشيۇ قاتارلىقلار ئاكتىپ رول ئوينىغان. كوممۇنىزم ماۋزېدوڭنىڭ قولىغا ئۆتكۈچە خاراكتېر جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كوممۇنىزم ئىدىيەلىرى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ماۋ ھوقۇقنى ئالغاندىن كېيىن، كوممۇنىزم خىتايچە خاراكتېرگە ئىگە قىلىنغان[73]. تۆۋەندە كوممۇنىستلارنىڭ خىتاي سىياسىي تەسىرى ئاستىدىكى خىتاي بولمىغان مىللەتلەرگە تۇتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ چىقايلى :

1. 1922 ~ 1937- يىللار: خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى خىتايدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى[74].

2. 1937 ~ 1945- يىللار: خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ خىتايدىن مۇستەقىل بولۇپ دۆلەت قۇرۇشىغا قارشى چىقتى[75].

3. 1946 ~ 1949- يىللار: خىتاي بولمىغان ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل، جۇاڭزۇ قاتارلىق بەش چوڭ مىللەتكە ئاپتونومىيە قۇرۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى[76].

4. 1958- يىلى: خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تامامەن خىتايغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدەك ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلدى[77]. 5. 1966 ~ 1976- يىللار: بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرى بولۇپ، ماۋنىڭ سىياسىي رەقىبلىرى ۋە خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلىرى ھەر خىل تۆھمەتلەر بىلەن

يوق قىلىندى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە قازاق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە پۇلدار بايلىرى يەرلىك مىللەتچى، پان تۈركىست، پان ئىسلامچى، كاپىتالىست ۋە رېۋىزىيونىست قاتارلىق بەتناملار بىلەن يوق قىلىۋېتىلدى. بۇ دەۋردە يەنە ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ دۆلەتنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدەك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى[78].

6. 1991 ~ 2014- يىللار: ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋر خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى پۈتۈن ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قەدىمىنى تېزلەشتۈرگەن يىللار بولۇپ، بۇلار ئوقۇرمەنلەرگە تونۇش بولغانلىقى، شۇنداقلا ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پەقەت قوللىنىلغان سىياسەتلەرنىلا سۆزلەپ ئۆتىمەن: غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيەسى (1996)؛ پىلانلىق خىتاي كۆچمەن يەرلەشتۈرۈش (1990-يىللاردىن ھازىرغىچە)؛ قوش تىللىق مائارىپ (2005)؛ خىتاي بولمىغان مىللەتلەر ئۈچۈن ئىچكىرىدە خىتاي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرى تەسىس قىلىش (2000-يىلى)؛

7. 2014- يىلدىن ھازىرغىچە: ئېتنىك قىرغىنچىلىق + مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە. خەلقنى ناتسىست ئۇسلۇبىدىكى لاگېرلارغا سولاش ۋە ئۇ يەردە ھەر خىل خورلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈش، بالىلارنى بالىلار لاگېرلىرىغا سولاش، ئاياللارنى تۇغماس قىلىش، تىل، يېزىق ۋە دىننى پۈتۈنلەي چەكلەش، خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەدىكى سەرخىل كىشىلىرىنى ھەر خىل ئاماللار بىلەن يوق قىلىۋېتىش ياكى كۆچىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىۋېتىش، ساياھەتنى پۈتۈنلەي چەكلەش، ھارام گۆش يېگۈزۈش، قول ئورنىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە باشقا رايونلارغا خالىغانچە يۆتكەش... قاتارلىقلار.

سۇن جۇڭشەن ۋەكىللىكىدىكى دېموكراتلار بولسۇن، ياكى ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىك قىلغان كوممۇنىستلار بولسۇن، باشتا خەلقنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن خىتايغا يېڭىچە ئىدىيەلەرنى ئېلىپ كىرگەن. ئەلۋەتتە ئۇلارنى باشتىلا ساختىپەزلىك بىلەن بۇ ئىدىيەلەرنى ئېلىپ كىردى دېمەيمىز. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، رەقىبلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، باشتىكى پرىنسىپلاردىن قەدەممۇ قەدەم ۋاز كەچكەنلىكىگە تارىخ شاھىت بولۇپ تۇرماقتا. شۇ نەرسە قايتا - قايتا ئۆزىنى كۆرسەتتىكى، چەتئەلنىڭ ھەرقانداق ئىلغار ئىدىيەلىرى بىلەن قوراللانغانلىقىغا ئىشەنگەن خىتاي سەرخىللىرى بۇ ئىدىيەلەرنى كىلاسسىك خىتاي مەدەنىيىتى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار ئۇيان چۆرگىلەپ، بۇيان چۆرگىلەپ ئاخىرىدا «خۇاشيا - ياۋايى مۇناسىۋىتى» (华夷秩序) دەپ ئاتىلىدىغان، خىتاي مىللىتىنى باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق «مەدەنىي» خۇاشيا چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان[79] «خۇاشيالار بىلەن ياۋايىلارنى ئۆزگەرتىش» (用夏变夷) ۋە «بۈيۈك بىرلىشىش» (大一统) نى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى خىتاي زېھنىيىتىگە قايتتى.

## خۇلاسە

چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا شەكىللەنگەن خىتاي مەدەنىيىتى ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇرۇش ۋە مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيەسى ئارقىلىق سىرتقا كېڭىيىپ، بۈگۈنكى كەڭ زېمىنغا ۋە غايەت زور نوپۇسقا ئىگە بولغان. خىتاي مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئۆزلىرىنى ئەتراپىدىكى يات مىللەتلەردىن ئۈستۈن كۆرۈپ كەلگەن ۋە ئۇلارغا قارىتا كەمستىش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ كەلگەن. خىتاي تارىخىي مەنبەلىرىدە خىتاي بولمىغان مىللەتلەرگە ئىسىم

قويۇش بۇ ھادىسىنىڭ ئىسپاتلىرىدىن بىرىدۇر. خىتايلارنىڭ ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرۈشى ۋە تارىختىن بېرى ھاكىم زېھنىيەت بولۇپ كەلگەن ئۆزىدىن بولمىغانلارغا ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيەسى خىتاي ۋە خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىگەن. بۇ مۇناسىۋەت يەنە «خۇاشيالار بىلەن ياۋايىلارنى ئۆزگەرتىش» (用夏变夷) ئىدىيەسىگە ئاساسەن ئۇلارغا قانداق سىياسەت قوللىنىشنى بەلگىلىگەن ۋە تارىختا بۇ سىياسەت ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى بولۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇ ئاسسىمىلياتسىيە ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۆت ئەتراپقا كېڭىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

تەبىئىيكى، بۇ خىل كېڭىيىش ۋە خىتايلىشىش يالغۇز ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى بىلەنلا بولمىغان. بۇنىڭدا يەنە خىتاي بولمىغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىلا ئۇرۇشلىرى غايەت زور رول ئوينىغان. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيەسى ئارقىلىق كېڭىيىش ئۇرۇش ئارقىلىق كېڭىيىشتىن چوڭ رول ئوينىغان. ئاددىي ۋە ئىخچاملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، خىتاي بولمىغان قوشنا مىللەتلەر زېمىن ئىستىلاسى ئارقىلىق خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن جۇغراپىيەلىك ماكان ھازىرلىغان بولسا، خىتايلار ئۆز مەدەنىيىتى ئارقىلىق بۇ جۇغراپىيەدىكى كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن رايوننى خىتايلاشتۇرغان. تارىختا ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى بەزىدە يات مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ خالىشى بىلەن بولغان بولسا، بەزىدە خىتاي ھاكىمىيەتلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانى ئاساسەن ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر، تىبەتلەر ۋە موڭغۇللارغا قارىتىلغان خىتايلاشتۇرۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن شەكىلدە ئېلىپ بېرىلماقتا. خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى مانا بۇ تارىختىن بېرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كەلگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمدارلىرى، پەيلاسوپلىرى ۋە زىيالىيلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەنئەنىۋى خىتاي زېھنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان «خىتايلار ئارقىلىق ياۋايىلارنى ئۆزگەرتىش»، «خۇاشيا - ياۋايى باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى» ۋە «بۈيۈك بىرلىشىش» قاتارلىق زېھنىيەتلەردىن ۋاز كەچمىگەن. ئۇلار خىتاي سىياسىي ھاكىمىيەت دائىرىسى ئىچىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بەزىدە رادىكال ۋە فاشىستچە، بەزىدە يۇمشاق «دېموكراتىيەچە» سىياسەت قوللاندى، لېكىن ئاخىرغا كەلگەندە ھەممىنى خىتايلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. پەقەت بۇنى چىرايلىق قىلىپ «بۈيۈك بىرلىشىش» ۋە «خۇاشيا چوڭ ئائىلىسى بەرپا قىلىش» قاتارلىقناملار ئاستىدا يۈرگۈزدى.

خىتايلارنىڭ پۈتۈن تارىخى ۋە خىتاي سەرخىللىرىنىڭ، مەيلى ھۆكۈمدار ياكى مۇتەپەككۇرلىرى بولسۇن، سىياسەت ۋە دۇنيا قاراشلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى سىياسىي گەۋدىدە، خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھاكىمىيەت بۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

**ENDNOTES**

1 Thomas Heberer, *China and Its National Minorities: Autonomy or Assimilation: Autonomy or Assimilation* (Routledge, 2017), 35–40.

2 Heberer, 24.

3 Heberer, 98.

4 Heberer, 93.

5 Warren W Smith Jr, *China's Tibet?: Autonomy or Assimilation* (Rowman & Littlefield Publishers, 2008).

6 Eric Hyer, 'China's Policy towards Uighur Nationalism', *Journal of Muslim Minority Affairs* 26, no. 1 (1 April 2006): 75–86, https://doi.org/10.1080/13602000600738731.

7 Jennifer Ang, 'Sinicizing the Uyghurs', *Peace Review* 28, no. 4 (2016): 399–406.

8 Abdürreşit Celil Karluk, 'ÇİNLİLERİN MİLLET DÜŞÜNCESİNİN KÖKENLERİ VE ÖTEKİLERE BAKIŞI', *Doğu Asya Araştırmaları Dergisi* 1, no. 1 (2018): 30–54.

9 '百度百科_全球领先的中文百科全书', accessed 7 June 2021, https://baike.baidu.com/.

10 *https://www.zdic.net/hans/%E5%8E%A5*

11 'Four Barbarians', in *Wikipedia*, 22 May 2021, https://en.wikipedia.org/w/index.php?title=Four_Barbarians&oldid=1024468343.

12 '四夷', in 维基百科，自由的百科全书, 23 April 2021, https://zh.wikipedia.org/w/index.php?title=%E5%9B%9B%E5%A4%B7&oldid=65332960.

13 Giovanni Arrighi, 'The Rise of East Asia and the Withering Away of the Interstate System', *Marxism, Modernity and Postcolonial Studies, Ed. Crystal Bartolovich and Neil Lazarus*, 2002, 21–42.

14 Karluk, 'ÇİNLİLERİN MİLLET DÜŞÜNCESİNİN KÖKENLERİ VE ÖTEKİLERE BAKIŞI'.

15 Tongdong Bai, '7. Tian Xia: A Confucian Model of National Identity and International Relations', in *Against Political Equality* (Princeton University Press, 2019), 180–82.

16 王柯,民族与国家: 中国多民族统一国家思想得系谱, (中国社会科学出版社:2001) 43. Mínzú yǔ guójiā: Zhōngguó duō mínzú tǒngyī guójiā sīxiǎng dé xìpǔ, (zhōngguó shèhuì kēxué chūbǎn shè:2001)

17 肥洲, 秦晖 中国思想史【完整版】（YouTube下方置顶评论内 点击蓝色时刻，可以直接跳转分集）, 2018, https://www.youtube.com/watch?v=8M3Blinjtog. /Féi zhōu, qín huī zhōngguó sīxiǎng shǐ [wánzhěng bǎn]

18 Feng Yu-lan, Çin *Felsefesi Tarihi*, (İstanbul bilge Üniversitesi Yayınları:2019),138-139.

19 Feng Yu-lan,78-79.

20 孙晓春，中国政治思想,宋元卷，（中国人民大学出版社：2014）,361./ Sūnxiǎochūn, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng, sòng yuán juǎn,(zhōngguó rénmín dàxué chūbǎn shè:2014)

21 **孙晓春**,362./ Sūnxiǎochūn.

22 Feng Yu-lan, 205.

23 Shang, Yang. *The book of Lord Shang: apologetics of state power in early China*. (Columbia University Press:2017),132

24 孙晓春，中国政治思想通史，宋元卷,362./ Sūnxiǎochūn, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng tōngshǐ, sòng yuán juǎn,(zhōngguó rénmín dàxué chūbǎn shè:2014),362.

25 孙晓春，中国政治思想通史，宋元卷, 361 / Sūnxiǎochūn, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng tōngshǐ, sòng yuán juǎn,361.

26 Miwa Hirono, *Civilizing Missions: International Religious Agencies in China* (Springer, 2008), 43–72.

27 David Curtis Wright, 'A CHINESE PRINCESS BRIDE'S LIFE AND ACTIVISM AMONG THE EASTERN TÜRKS, 580-593 CE', *Journal of Asian History* 45, no. 1/2 (2011): 39–48.

28 تۇرغۇن ئالماس، ئۇيغۇرلار، (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى: 2010)، 196. بەت

29 تۇرغۇن ئالماس، 197- بەت

30 Karluk, 'ÇİNLİLERİN MİLLET DÜŞÜNCESİNİN KÖKENLERİ VE ÖTEKİLERE BAKIŞI', 6.

31 Tamara T Chin, 'Defamiliarizing the Foreigner: Sima Qian's Ethnography and Han-Xiongnu Marriage Diplomacy', *Harvard Journal of Asiatic Studies*, 2010, 42.

32 马梦雨, '论羁縻府州制度对民族关系的促进作用——以皮尔士 "批判的常识主义理论" 来论证', 长江

丛刊, no. 14 (2017): 163–163./ Mămèngyŭ, 'lùn jīmí fŭ zhōu zhìdù duì mínzú guānxì de cùjìn zuòyòng——yĭ pí›ĕr shì "pīpàn de chángshì zhŭyì lĭlùn" lái lùnzhèng', chángjiāng cóngkān, no. 14 (2017): 163–163.

33 王友富, '集权边缘与边疆治理: 汉唐羁縻制度考略', 遵义师范学院学报, no. 2017 年 03 (2017): 29–32./ Wángyǒufù, 'jíquán biānyuán yŭ biānjiāng zhìlĭ: Hàn táng jīmí zhìdù kăo lüè', zūnyì shīfàn xuéyuàn xuébào, no. 2017 Nián 03 (2017): 29–32.

34 Karluk, 'ÇİNLİLERİN MİLLET DÜŞÜNCESİNİN KÖKENLERİ VE ÖTEKİLERE BAKIŞI', 8.

35 Karluk, 12.

36 马梦雨, '论羁縻府州制度对民族关系的促进作用——以皮尔士 "批判的常识主义理论" 来论证'./ Mămèngyŭ, 'lùn jīmí fŭ zhōu zhìdù duì mínzú guānxì de cùjìn zuòyòng——yĭ pí›ĕr shì "pīpàn de chángshì zhŭyì lĭlùn" lái lùnzhèng',

37 王柯 and 冯谊光, 民族 与 国家: 中国多民族统一国家思想的系谱 (中国社会科学出版社, 2001)./ Wáng kē and féngyìguāng, mínzú yŭ guójiā: Zhōngguó duō mínzú tǒngyī guójiā sīxiăng de xìpŭ (zhōngguó shèhuì kēxué chūbăn shè, 2001).

38 田玉隆, '土司制与羁縻制, 土官与流官的关系和区别', 贵州大学学报 (社会科学版) 3 (1988): 87–91./ Tiányùlóng, 'tŭsī zhì yŭ jīmí zhì, tŭ guān yŭ liú guān de guānxì hé qūbié', guìzhōu dàxué xuébào (shèhuì kēxué băn) 3 (1988): 87–91.

39 Karluk, 'ÇİNLİLERİN MİLLET DÜŞÜNCESİNİN KÖKENLERİ VE ÖTEKİLERE BAKIŞI', 16.

40 田玉隆, '土司制与羁縻制, 土官与流官的关系和区别'./ Tiányùlóng, 'tŭsī zhì yŭ jīmí zhì, tŭ guān yŭ liú guān de guānxì hé qūbié'87-90.

41 段超高元武，从"夷夏之辨"到"华夷"一体:中华民族共同体意识形成的思想史考察，中南民族大学学报2020，no.5. (2020):1/ Duàn chāo gāoyuánwŭ, cóng "yí xià zhī biàn" dào "huá yí" yītĭ: Zhōnghuá mínzú gòngtóngtĭ yìshí xíngchéng de sīxiăng shĭ kăochá, zhōngnán mínzú dàxué xuébào 2020,no.5. (2020):1

42 范文澜，中国通史，第二册，（人民出版社：2004 <1963>）, 673-674/ Fànwén lán, zhōngguó tōngshĭ, dì èr cè,(rénmín chūbăn shè:2004 <1963>), 673-674

43 范文澜，中国通史，第二册，673. / Fànwén lán, zhōngguó tōngshĭ, dì èr cè,673.

44 范文澜，中国通史，第六册，（人民出版社：2004 <1963>）348./ Fànwén lán, zhōngguó tōngshĭ, dì liu cè,(rénmín chūbăn shè:2004 <1963>),348.

45 فەن ۋىنلەن، جوڭگو ئومۇمىي تارىخى، 6- توم ، (شىنجاڭ خەلق نەشرىيەتى: 1990)، 475- بەت

46 ۋىنلەن، جوڭگو ئومۇمىي تارىخى، 6- توم، 479-480 بەت

47 فەن ۋىنلەن، جوڭگو ئومۇمىي تارىخى، 6- توم ، 476- بەت.

48 ۋىنلەن، جوڭگو ئومۇمىي تارىخى، 6- توم، 483- بەت

49 范文澜，中国通史，第六册, 350./ Fànwén lán, zhōngguó tōngshĭ, dì liu cè,350.

50 葛荃，中国政治思想史，明清卷，（中国人民大学出版社：2014），17. / Gé quán, zhōngguó zhèngzhì sīxiăng shĭ, míng qīng juăn,(zhōngguó rénmín dàxué chūbăn shè:2014),17

51 葛荃，中国政治思想史，明清卷，18 . / Gé quán, zhōngguó zhèngzhì sīxiăng shĭ, míng qīng juăn，18

52 葛荃，中国政治思想史，明清卷，28 . / Gé quán, zhōngguó zhèngzhì sīxiăng shĭ, míng qīng juăn，28

53 周淑芸, '论明朝对西北边境的经略', 2005./ Zhōushūyún, 'lùn míng cháo duì xībĕi bian jìng de jīng lüè', 2005.

54 马戎, '从王桐龄《中国民族史》谈起——我国 30 年代三本《中国民族史》的比较研究', 北京大学学报 (哲学社会科学版) 3 (2002): 125–35./ Mă róng, 'cóng wángtónglíng "zhōngguó mínzú shĭ" tán qĭ——wǒguó 30 niándài sān bĕn "zhōngguó mínzú shĭ" de bĭjiào yánjiū', bĕijīng dàxué xuébào (zhéxué shèhuì kēxué băn) 3 (2002): 125–35.

55 邱树森 (编). 中國回族史,上冊. （宁夏人民出版社 ： 1996）, 366–371. / Qiūshùsēn (biān). "Zhōngguó huízú shĭ" shàngcè. (Níngxià rénmín chūbăn shè:1996), 366–371

56 Frederick W Mote, *Imperial China 900-1800* (Harvard University Press, 2003), 489–290.

57 马明达, '朱元璋歧视色目人', 回族研究 1 (2006).

58 姜小莉, '满族汉化与中华民族多元一体格局的形成', 大连民族学院学报, N o .3 9 (2007): 12–15, https://doi.org/DOI :10.13744/j.cnki .cn21 -1431/g4.2007.04.013./ Jiāngxiǎolì, 'mǎnzú hànhuà yǔ zhōnghuá mínzú duōyuán yītǐ géjú de xíngchéng', dàlián mínzú xuéyuàn xuébào N o.3 9 (2007): 12–15, Https://Doi. Org/DOI:10.13744/J.Cnki.Cn21 -1431/g4.2007.04.013./

59 范文澜，中国通史，第九册，（人民出版社：2004 <1963>）261./ Fànwén lán, zhōngguó tōngshǐ, dì jiu cè,(rénmín chūbǎn shè:2004 <1963>),261.

60 葛荃，中国政治思想史，明清卷436 . / Gé quán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, míng qīng juǎn，436.

61 杨凌云, '清代皇子教育探析' (辽宁大学, 2012).19-21/ Yánglíng yún, 'qīng dài huángzǐ jiàoyù tànxī' (liáoníng dàxué, 2012).19-21

62 马仁姣, 浅谈清入关后满族的汉化问题, 黑龙江史志, 3 (2014).1. / Mǎrénjiāo, 'qiǎn tán qīng rù guān hòu mǎnzú de hànhuà wèntí', hēilóngjiāng shǐ zhì 3 (2014).1.

63 Edward JM Rhoads, *Manchus and Han: Ethnic Relations and Political Power in Late Qing and Early Republican China, 1861–1928* (University of Washington Press, 2000), 3–4.

64 Kevin Carrico, 'THE MANCHU IN THE MIRROR', *Emptiness and Fullness: Ethnographies of Lack and Desire in Contemporary China* 2 (2017): 88.

65 邓丽兰，中国政治思想史，现代卷，（中国人民大学出版社：2014），203./ Dènglìlán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, xiàndài juǎn,(zhōngguó rénmín dàxué chūbǎn shè:2014), 203

66 葛荃，中国政治思想史，明清卷，（中国人民大学出版社：2014），17./ Gé quán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, míng qīng juǎn,(zhōngguó rénmín dàxué chūbǎn shè:2014),17

67 邓丽兰，中国政治思想史，现代卷, 213./ Dènglìlán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, xiàndài juǎn,213.

68 邓丽兰，中国政治思想史，现代卷.204/ Dènglìlán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, xiàndài juǎn,204

69 69 孙中山：《在上海中国国民党本部会议的演说》，1920年11月4日； also see，《孙中山全集》第5卷，394. See，邓丽兰，中国政治思想史，现代卷，205. / Sūnzhōngshān: "Zài shànghǎi zhōngguó guómíndǎng běnbù huìyì de yǎnshuō",1920 nián 11 yuè 4 rì; also see,"sūnzhōngshān quánjí" dì 5 juǎn,394. See, dènglìlán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, xiàndài juǎn,205.

70 孙中山全集，第五卷，473-473；also see, 邓丽兰，中国政治思想史，现代卷，205. / Sūnzhōngshān quánjí, dì wǔ juǎn,473-473;also see, dènglìlán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, xiàndài juǎn,205.

71 71 邓丽兰，中国政治思想史，现代卷，203./ dènglìlán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, xiàndài juǎn,203.

72 邓丽兰，中国政治思想史，现代卷，222./ dènglìlán, zhōngguó zhèngzhì sīxiǎng shǐ, xiàndài juǎn,222

73 Yun-bo SHI and Wen ZHANG, 'Path of Mao Zedong's Sinicization of Marxist Philosophy and Its Methodological Significance', *Journal of Jiangsu University (Social Science Edition)*, 2008, 1.

74 王柯 and 冯谊光, 民族 与 国家: 中国多民族统一国家思想的系谱.266. /Wáng kē and féngyìguāng, mínzú yǔ guójiā: Zhōngguó duō mínzú tǒngyī guójiā sīxiǎng de xìpǔ.266.

75 王柯 and 冯谊光.266/ Wáng kē and féngyìguāng, mínzú yǔ guójiā.266

76 Karluk, 'ÇİNLİLERİN MİLLET DÜŞÜNCESİNİN KÖKENLERİ VE ÖTEKİLERE BAKIŞI', 24.

77 果 洪 升, 中国与前苏联民族问题对比研究,,(中央民族大学出版社. :1997), 13/ Guǒ hóng shēng, zhōngguó yǔ qián sūlián mínzú wèntí duìbǐ yánjiū,,(zhōngyāng mínzú dàxué chūbǎn shè. :1997),13.

78 果 洪 升,13 / Guǒ hóng shēng,13. Also See, 李琪,社会主义初级阶段 民族问题的理论和实践, (中共中央党校出版社:1993). 116/ Lǐ qí, shèhuì zhǔyì chūjí jiēduàn mínzú wèntí de lǐlùn hé shíjiàn, (zhōnggòng zhōngyāng dǎngxiào chūbǎn shè:1993). 116.

79 王柯 and 冯谊光, 民族 与 国家: 中国多民族统一国家思想的系谱.43. /Wáng kē and féngyìguāng, mínzú yǔ guójiā: Zhōngguó duō mínzú tǒngyī guójiā sīxiǎng de xìpǔ.43.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى

**ئاساسىي مەزمۇنى:** بۇ تەتقىقات ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىن 2018 - يىلىغىچە بولغان مەزگىللەردىكى ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئىلمىي مېتود بىلەن مۆلچەرلەپ چىقىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى مۆلچەرلەپ چىقىشتا، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى ئوخشىمىغان مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان فۇنكسىيەلىك قىممەتلىرى ھېسابلاپ چىقىلدى، ئارقىدىن بۇلارغا ماس ھالدا تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش بىلەن مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈشنى مۆلچەرلەپ چىقىش مەسىلىسى خىتاي مەنبەلىرى ۋە باشقا پەرقلىق مەنبەلەرگە ئاساسەن ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئانالىز قىلىندى. خىتايدا مەزكۇر تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان مۆلچەرلەشلەرگە ئاساسلانغاندا، 1919 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەريىلى 1.82% ئېشىپ، 50177 نوپۇس (جان) كۆپەيگەن بولسا، باشقا پەرقلىق مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا ھەريىلى 3.63% ئېشىپ، 160343 نوپۇس (جان) ئاۋۇغان. خىتاي دۆلەتلىك مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسى (ش ئۇ ئا ر س ب) تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا، 1982 ~ 2018 - يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر نوپۇسى ھەريىلى ئوتتۇرىچە 1.96% كۆپىيىپ، 230776 نوپۇس (جان) ئاشقان. 1949 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى خىتاي مەنبەلەرگە



**دوكتور دىلشات بارىشچى**

ساكاريا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ئوقۇتقۇچىسى.

E-mail: dtvatanim@gmail.com

ئاساسەن 38.4 ياش مۆلچەرلەنگەن بولسا، باشقا پەرقلىق مەنبەلەرگە ئاساسەن 49.1 ياش مۆلچەرلەنگەن. شۇنداقلا 2018 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى خىتاي مەنبەلەرگە ئاساسەن 67.5 ياش مۆلچەرلەنگەن بولسا، باشقا ئوخشىمىغان مەنبەلەرگە ئاساسەن 72.4 ياش مۆلچەرلەنگەن. خىتاي دۆلەتلىك مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمرى 1949 - يىلى 41.1 ياش، 2018 - يىلى بولسا 72.6 ياش مۆلچەرلەنگەن بولسا، باشقا پەرقلىق مەنبەلەرگە ئاساسەن ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمرى 1949 - يىلى 47.1 ياش، 2018 - يىلى 70.4 ياش مۆلچەرلەنگەن.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر نوپۇسى، نوپۇسنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەلىرى، تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر مۇددىتى، مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر مۇددىتى؛

**Abstract**: This research will examine (estimate / calculate roughly) the average life expectancy of Uyghurs (people) between 1949 to 2018 with scientific methods. In order to estimate the average life expectancy of the Uyghurs during these periods, the functional values of the total population of the Uyghurs based on various sources during this phase were calculated first. Subsequently, the question on estimating average life expectancy and the average calculated life expectancy was analyzed based on Chinese sources and other different sources.

According to relevant data on this subject in China, the Uyghur population between 1919 and 1949 increased by 1.82% and an increase of 50,177 people per year, while other different sources demonstrated a growth rate of 3.63% and an addition of 160343 people /year during the previous period. According to People's Republic of China data during the national census years and data released by the Xinjiang Uyghur Autonomous Region Health Department (XUARSB), the Uyghur population increased by 1.96% between 1982 and 2018 to an average of 230,776 people per year. In 1949, the average life expectancy of Uyghurs was estimated at 38.4 years according to the Chinese sources whilst other references proved that the average life expectancy was calcaulated at 49.1 years. In 2018, the average life expectancy of Uyghurs was estimated at 67.5 years in the Chinese sources while the average life expectancy estimated at 72.4 years based on other sources. Based on the data released by the People's Republic of China during the national census and data released by the Xinjiang Uygur Autonomous Region Health Department, the average life expectancy of Uyghurs was estimated at 41.1 years in 1949 and 72.6 years in 2018. In contrast, other sources stated that the average life expectancy of Uyghurs was 47.1 years in 1949 and 70.4 years in 2018.

**Keywords**: Uyghur population, basic functionality of the population, estimated life expectancy, calculated life expectancy

# كىرىش

تارىختىن بۇيان، ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىن قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈشى داۋاملىق تالاش - تارتىش قىلىنغان مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ كەلدى. ئىنسانلارنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈشى ياكى يېشى

ئوخشىمىغان رايون ۋە جەمئىيەتلەردە ئوخشاش بولمىغان. شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىمۇ زامان ۋە ماكانغا ئاساسەن پەرقلىق بولغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆزگىلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى مىللەتلەردە ياشاش ھوقۇقىغا ماس ھالدا ياشاش مۇددىتى – ئۆمرى ئىرقچىل سىياسىي غەرەزلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق بولۇپ كەلگەن.

1950 - يىللارنىڭ بېشىدا دۇنيا نوپۇسى 2 مىليارد 640 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 48 ياش ئىدى. 1970 - يىللاردىن كېيىن دۇنياسى نوپۇسى ئېشىپ 4 مىليارد 250 مىليونغا يەتتى، كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى بولسا 59.8 ياشقا يۈكسەلدى. 21 - ئەسىرنىڭ بېشىدا دۇنيا نوپۇسى 6 مىليارد 260 مىليونغا يەتكەن بولسا، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 65.4 ياشقا ئۆرلىدى. 2020 - يىلغا كەلگەندە بولسا دۇنيا نوپۇسى 7 مىليارد 780 مىليوندىن ئاشتى، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى بولسا 74 ياشقا يېقىنلاشتى[1].

1950 - يىللاردىن كۈنىمىزگىچە بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىگە بولغان ئۈمىدى ۋە تەخمىنى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1950 - يىلى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى 50% تىن ئازراقىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىگە بولغان ئۈمىدى ۋە تەخمىنى 50 ياشتىن تۆۋەن بولۇپ، 40 ياشتىن تۆۋەن بولغان دۆلەتلەر 25% نى، 60 ياشقا يەتكەن دۆلەتلەر بولسا 25% نى تەشكىل قىلاتتى، 70 ياشتىن يۇقىرى بولغان دۆلەتلەر بولسا 5% كىمۇ يەتمەيتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 40 ياشتىن تۆۋەن بولغان دۆلەتلەر 5% نى، 60 ياشتىن تۆۋەن بولغان دۆلەتلەر 25% نى، 70 ياشتىن ھالقىغانلار يېرىمىدىن كۆپرەكىنى، 75 ياشتىن يۇقىرى بولغان دۆلەتلەر 25% نى تەشكىل قىلىدۇ، كۈنىمىزدە شۋېتسارىيەگە ئوخشاش ئاز ساندىكى دۆلەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 40 ياشتىن تۆۋەن بولسا، ئاندوررا ۋە ياپونىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 80 ياشتىن ئاشىدۇ[2].

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەت ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىگە بولغان ئۈمىدى ۋە تەخمىنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى 48 ياشتىن 73 ياشقا ئۆسكەن. ئۇنداقتا بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئوتتۇرىچە ئۆمرى تەبىئىي ھالدا يۇكسەلگەن بولىدۇ. لېكىن خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇر نوپۇسى ھەققىدە ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ (1949 - يىلى 30 ياشتىن تۆۋەن، 2018 - يىلى 72 ياش[3]) توغرا ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكىمىز تۈپەيلى، مەزكۇر تەتقىقات ماقالىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىغا دائىر بارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، جىنسىيەت ئايرىماستىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر مۇددىتىنى مۆلچەرلەشكە تىرىشىمىز.

بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى دېگەندە، ئاساسەن كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرى بىر جانلىق ئوتتۇرىچە قانچىلىك ياشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىستاتىستىكىلىق ئۆلچەم بولۇپ، ئومۇمەن پەرقلىق جىنسىيەتلەر ۋە جۇغراپىيەلىك ماكانلار ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆلچەم بىر ئىنسان تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى بېكىتىپ چىقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ يەردىكى سانلىق قىممەت كىشىنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىتىكى يېشىغا تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە، كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرى تېخنىكىلىق جەھەتتىن ھەر ياش ئۈچۈن ھېسابلانسا بولىدۇ ۋە بۇ ئىنساننىڭ قالغان ئۆمرى ھەققىدە يىپ ئۇچى بېرىدۇ.

كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرى ھېسابلاش ئۈچۈن ئوبيېكت سۈپىتىدە تاللانغان جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن زور دەرىجىدە ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، كىچىك بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى يۇقىرى بولغان بىر دۆلەتتە كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرىنىڭ بىر نەچچە يىللىق قىسمى تولىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، كىشىنىڭ بەش ياشتىن كېيىنكى ئۆمرى ئۈچۈن ھېسابلاپ چىقىلغان مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر مۇددىتى

قوللىنىلسا تامامەن بولىدۇ ۋە بۇ ئۆلچەمدىن كىچىك باللارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرتىدىكى تەسىرلەرنى ئانالىز قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ[4].

يەنە بىر تەرەپتىن، بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن ئۇنىڭ قانچىلىك ياشايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ باقىمىز. بۇمۇ دەل كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرىنى ئاساس قىلىدۇ. قىسقىسى، كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرىنى ھېسابلاپ چىقىش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئۆمرىگە دائىر ئومۇمىي بىر جەدۋەل تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ[5].

ماقالىمىزدە ھەر قايسى دەۋرلەرگە ئاساسەن ئېلان قىلىنغان نوپۇسقا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنبەلەرگە بەش ياشتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكىنى قوبۇل قىلغان ئاساستا، ئالدى بىلەن قىسقا ئۆمۈر جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىمىز. كېيىنكى باسقۇچتا بولسا كىشىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمرى ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى مۆلچەرلەپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

بىر جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى مۆلچەرلەپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئۆلۈم ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش لازىم. ئەمەلىيەتتە، دېموگرافىيەلىك (نوپۇس) ئانالىزنىڭ ئەڭ كونا ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان، ئۆلۈم ئەھۋالىنى ئۆلچەش - ئېنىقلاش ۋە ئانالىز قىلىشتا نىسبەتەن توغرا مەلۇماتلارغا ئېرىشتۈرىدىغان ئۆلچەملەردىن بىرى ئۆمۈر جەدۋەللىرىدۇر. ئۆمۈر جەدۋەللىرى ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەبىئىي مۇھىت شارائىتىدا بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئوخشىمىغان ياش گۇرۇپپىلىرىدا ھەربىرىنىڭ باشتىلا يەنە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە تەييارلانغان، رايوننىڭ نوپۇس ۋە ئۆلۈمگە دائىر ئىستاتىستىكىلىق رەقەملەردىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن جەدۋەلنى كۆرسىتىدۇ[6]. لېكىن قولىمىزدىكى چەكلىك ۋە چېچىلاڭغۇ سانلىق مەلۇماتلارغا دائىر مەنبەلەرنى ئاساس قىلىدىغان بولساق، بۇنداق ئۆمۈر جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئالدى بىلەن ھەر قايسى دەۋرلەرگە ئاساسەن قىسقا ئۆمۈر جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىشقا، ئارقىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ 1949- ۋە 2018 - يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى ئېنىقلاشقا ياكى بېكىتىپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

ماقالىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىغا دائىر ئوخشىمىغان تۆت خىل مەنبەنى ئاساس قىلىمىز. بۇ تۆت خىل مەنبە تۆۋەندە جەدۋەل 1، جەدۋەل 2، جەۋدەل 3 ۋە جەدۋەل 4 شەكلىدە كۆرسىتىلگەن بولۇپ (ي = ئىستاتىستىكا يىلى، ئۇ = ئۇيغۇر نوپۇسى)، بۇ مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، دەسلەپ تۆت خىل قىسقا ئۆمۈر جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىلىدۇ، ئارقىدىن بۇ جەدۋەللەر ئانالىز قىلىنىدۇ، كېيىنكى قەدەمدە بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ 1919 ~ 1949 - يىلغىچە، 1982 ~ 2018 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردىكى ئۆمرىنى، يەنى مۆلچەرلەنگەن ئۆمرىنى، ئاخىرىدا ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

**جەدۋەل 1: 1919 ~ 1949 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بەزى يىللارغا ئاساسەن تارقىلىش ئەھۋالى -1**

| ي | 1919 | 1925 | 1931 | 1940 | 1949 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۇ | 1.826.700 | 1.850.000 | 1.865.900 | 2.960.000 | 3.332.000 |

مەنبە: نوپۇس مۆلچەرلەش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئانالىزى -1، 2021، د.بارىشچى

**جەدۋەل 2: 1919 ~ 1949 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بەزى يىللارغا ئاساسەن تارقىلىش ئەھۋالى - 2**

| ي | 1919 | 1929 | 1935 | 1941 | 1949 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۇ | 1.829.000 | 2.850.000 | 3.621.500 | 4.017.200 | 6.640.200 |

مەنبە: نوپۇس مۆلچەرلەش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئانالىزى 1-، 2021، د.بارىشچى

**جەدۋەل 3: 1982 ~ 2018 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بەزى يىللارغا ئاساسەن تارقىلىش ئەھۋالى- 1**

| ي | 1982 | 1990 | 2000 | 2010 | 2018 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۇ | 5.963.500 | 7.214.400 | 8.339.400 | *10.171.500 | *12.718.400 |

مەنبە: نوپۇس مۆلچەرلەش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئانالىزى 1-، د.بارىشچى، 2021 ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسى، 2021.03.

**جەدۋەل 4: 1982 ~ 2018 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بەزى يىللارغا ئاساسەن تارقىلىش ئەھۋالى - 2**

| ي | 1982 | 1990 | 2000 | 2010 | 2018 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۇ | 8.617.573 | 10.374.706 | 12.257.165 | 14.578.957 | 16.925.500 |

مەنبە: نوپۇس مۆلچەرلەش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئانالىزى 1-، 2021، د.بارىشچى

ئەمدى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا دائىر مەنبەلەرگە ئاساسەن ئانالىز ئېلىپ بارىمىز. جەدۋەل 1 خىتاينىڭ ئوخشىمىغان مەتبەئە ۋە مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلار، جەدۋەل 2 باشقا ئوخشىمىغان خەلقئارالىق مەتبەئە ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلار، جەدۋەل 3 خىتاي دۆلىتى مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان مەلۇماتلار، جەدۋەل 4 بولسا 1919 - يىلدىن كېيىن ھەر خىل مەتبەئە ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۈرۈپ دېموگرافىك (نوپۇس) مېتود ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق مۆلچەرلەپ چىقىلغان ئىشەنچىلىك سانلىق مەلۇماتلاردۇر.

بىر جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ ئۆمۈر جەدۋىلىنى ۋە بۇ جەدۋەلگە ئاساسەن مۆلچەرلەپ چىقىلغان تەخمىنىي ئۆمۈر ۋە ئوتتۇرىچە ئۆمۈر مۇددىتىنى بېكىتىپ چىقىشتا، ئالدى بىلەن جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ شۇ دەۋردىكى مۇتلەق ئۆزگىرىشى، ئوتتۇرىچە ئېشىش، ئېشىش سۈرئىتىنىڭ نىسبىتى، كوئېففىتسېنتى ۋە ئېشىش نىسبىتى قاتارلىق ئاساسىي فۇنكسىيەلىك قىممەتلەرنى تېپىش چىقىش كېرەك.

## 1. نوپۇستا ئاساسىي فۇنكسىيەلەرنى ھېسابلاش

بىر جەمئىيەتنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئانالىز قىلغاندا قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق مېتودلار شۇ جەمئىيەتنىڭ نوپۇس ئۆزگىرىشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي فۇنكسىيەلىرىدىن بولغان مۇتلەق ئۆزگىرىش (AC)، يىل بېشىدا ئوتتۇرىچە ئېشىش (AAI)، گېئومېتىرىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى (GRI)، كوئېففىتسېنتى (CI)، ۋە ئېشىش نىسبىتى (RI) قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ7. بىر جەمئىيەتنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا كىشىنىڭ تەخمىنىي ئۆمرى (تەخمىنىي ھايات ياشاش يېشى) ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى ھېسابلىغاندا، ئالدى بىلەن ئاساسىي فۇنكسىيەلىرىنى ھېسابلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ بىزنىڭ نەتىجىنى ئانالىز قىلىشىمىزغا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ.

ماقالىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا پايدىلانماقچى بولغان سانلىق مەلۇماتقا دائىر مەنبەلەر بولسا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت خىل مەنبەدۇر. جەدۋەل 5 ۋە جەدۋەل 6 لەردىكى نەتىجىلەرنى ھېسابلاش ئۈچۈن جەدۋەل 1 ۋە جەدۋەل 2 لەردىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىلدى. جەدۋەل 7 ۋە جەدۋەل 8 لەردىكى نەتىجىلەرنى ھېسابلاش ئۈچۈن بولسا جەدۋەل 3 ۋە جەدۋەل 4 لەردىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىلدى.

## نوپۇستا ئاساسىي فۇنكسىيەلەرنى ھېسابلاش ئۇسۇللىرى

(يىل) باشلانغۇچ مەزگىل: $\tau_0$

(يىل)ئاخىرقى مەزگىل: $\tau_1$

باشلانغۇچ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى: $U_0$

ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى: $U_1$

(كىشى/ مەزگىل) $AC = U_1 - U_0$

(كىشى/ يىل) $AAI = (U_1 - U_0)/(\tau_1 - \tau_0)$

(%) $GRI = 100(lnU_1 - lnU_0)/(\tau_1 - \tau_0)$

(ھەسسە) $CI = U_1/U_0$

(%) $RI = (U_1 - UN_0)/U_0$

تۆۋەندىكى جەدۋەللەردە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت سانلىق مەلۇمات مەنبەلىرىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 1919 ~ 1949 - يىلغىچە ۋە 1982 ~ 2018 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەرگە دائىر ئاساسىي فۇنكسىيەلىرىدىن بولغان مۇتلەق ئۆزگىرىش، يىل بېشىدا ئوتتۇرىچە ئېشىش، گېئومېتىرىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى، كوئېففىتسېنتى ۋە ئېشىش نىسبىتى قاتارلىقلارنىڭ ھېسابلاش نەتىجىلىرى كۆرسىتىلدى.

**جەدۋەل 5: 1919-1949 يىللاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ مۇتلەق ئۆزگىرىش، يىل بېشىدا ئوتتۇرىچە ئېشىش، گېئومېتىرىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى، كوئېففىتسېنتى ۋە ئېشىش نىسبىتى - 1**

| مەزگىل | AC (كىشى/ مەزگىل) | AAI (كىشى/يىل) | GRI (%) | CI (ھەسسە) | RI (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1919-1949 | 1.505.300 | 50.177 | 2,0 | 1,82 | 82,4 |

خىتاينىڭ ئوخشىمىغان ماتېرىيال ۋە مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1919 ~ 1949 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردە 2.0% گېئومېتىرىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى بىلەن 1.82 ھەسسە ئاشقان. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر نوپۇسى يىلدا 50177 كىشى (جان) ئېشىپ، جەمئىي 1 مىليون 505 مىڭ 300 كىشى ئاۋۇپ، 82.4% ئەتراپىدا ئۆرلىگەن.

**جەدۋەل 6: 1919-1949 يىللاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ مۇتلەق مۇتلەق ئۆزگىرىش، يىل بېشىدا ئوتتۇرىچە ئېشىش، گېئومېترىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى ۋە كوئېففىتسېنتى - 2**

| مەزگىل | AC (كىشى/ مەزگىل) | AAI (كىشى/يىل) | GRI (%) | CI (ھەسسە) | RI (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1919-1949 | 4.810.300 | 160.343 | 4,3 | 3,63 | 262,9 |

پەرقلىق خەلقئارالىق ماتېرىيال ۋە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر - مەنبەلەرگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1919 ~ 1949 - يىلىغىچە بولغان يىللاردا % 4.3 گېئومېترىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى بىلەن 3.63 ھەسسە ئاشقان. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە يىلدا 160 مىڭ 343 كىشى (جان) ئېشىپ، جەمئىي 4 مىليون 810 مىڭ 300 كىشى ئاۋۇپ، % 262.9 ئەتراپىدا ئۆرلىگەن.

ختاي مەنبەلىرى بىلەن باشقا خەلقئارالىق ماتېرىيال ۋە مەنبەلەرگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىلغان ئاساسىي فۇنكسىيەلىك قىممەتلەرنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**جەدۋەل 7: 1982-2018 يىللاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ مۇتلەق مۇتلەق ئۆزگىرىش، يىل بېشىدا ئوتتۇرىچە ئېشىش، گېئومېترىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى، كوئېففىتسېنتى ۋە ئېشىش نىسبىتى - 1**

| مەزگىل | AC (كىشى/ مەزگىل) | AAI (كىشى/يىل) | GRI (%) | CI (ھەسسە) | RI (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1982-2018 | 6.754.900 | 187.636 | 2,1 | 2,13 | 113,3 |

ختاي دۆلىتىنىڭ مەملىكەتلىك ئىستاتىستىكا يىللىرىدا ۋە رايونلۇق سەھىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1982 ~ 2018 - يىلىغىچە 2.1% گېئومېترىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى بىلەن 2.13 ھەسسە ئاشقان. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە يىلدا 187مىڭ 636 كىشى (جان) ئېشىپ، جەمئىي 6 مىليون 754 مىڭ 900 كىشى ئاۋۇپ، % 113.3 ئەتراپىدا ئۆرلىگەن.

**جەدۋەل 8: 1982-2018 يىللاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ مۇتلەق مۇتلەق ئۆزگىرىش، يىل بېشىدا ئوتتۇرىچە ئېشىش، گېئومېترىيەلىك ئېشىش سۈرئىتى ۋە كوئېففىتسېنتى - 2**

| مەزگىل | AC (كىشى/ مەزگىل) | AAI (كىشى/يىل) | GRI (%) | CI (ھەسسە) | RI (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1982-2018 | 8.307.927 | 230.776 | 1,9 | 1,96 | 96,4 |

ئۇيغۇرلارغا دائىر بارلىق ئۇچۇر - مەنبەلەرگە تايىنىپ تۈرۈپ مۆلچەرلەپ چىقىرىلغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى -1982 2018 يىللىرىدا 1.9% گېئومېترىيەلىك ئېشىش

سۈرئىتى بىلەن 1.96 ھەسسە ئاشقان. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە يىلدا 230 مىڭ 776 كىشى (جان) ئېشىپ، جەمئىي 8 مىليون 307 مىڭ 927 كىشى ئاۋۇپ، 96.4% ئەتراپىدا ئۆرلىگەن.

خىتاي دۆلىتىنىڭ مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار نوپۇس مەلۇماتلىرى بىلەن باشقا ئوخشىمىغان مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ مۆلچەرلەپ چىقىرىلغان ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۈزۈپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسىي فۇنكسىيەلىك قىممەتلەرنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇنچىۋالا روشەن پەرق يوقلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئەھۋالدىن ئىككى مەنبەدىكى نوپۇس مەلۇماتلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن تامامەن پەرقلىق بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، ھەر قايسى مەزگىللەردىكى نوپۇس ئېشىش سۈرئىتى، كوئېففىتسېنتى ۋە ئېشىش نىسبەتلىرىنىڭ بىر - بىرلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيمىز.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي ۋە ئېنىق مەلۇماتلارنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن تېخى يېقىندا خىتاي دۆلىتى 1949 - يىلدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنىڭ 30 ياش، 1949 - يىلدىن كېيىن ئىزچىل ئېشىپ 2018 - يىلىدا 72 ياشقا چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى. ماقالىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلغان مەلۇماتلارنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىگە مەركەزلەشمەستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - ۋە 2018 - يىللىرىدا ئوتتۇرىچە ئۆمرىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ چىقىشقا تىرىشىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى تەخمىنىي مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر ۋە نوپۇسنىڭ ھەجمىنى ئاساس قىلىپ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر بولۇپ ئىككى جەھەتتىن ھېسابلاپ چىقىمىز.

### 1.2. تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى (يېشىنى) ھېسابلاپ چىقىش ئۈچۈن، دەۋرنى 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەپ ئىككىگە ئايرىپ چىقايلى. 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى مەزگىل ئۈچۈن جەدۋەل 5 ۋە جەدۋەل 6 لەردىكى نەتىجىلەرنى، 1949 - يىلدىن كېيىنكى مەزگىل ئۈچۈن بولسا جەدۋەل 7 ۋە جەدۋەل 8 لەردىكى نەتىجىلەرنى تۇتقا قىلىپ، ئوتتۇرىچە ئۆمۈرنى مۆلچەرلەپ چىقايلى.

ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ياكى مىللەتنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى بېكىتىپ چىقىش ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەت ياكى مىللەتتىكى پانىيلار (ئىنسانلار)نىڭ تەخمىنىي ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنىڭ تەخمىنىي يېشىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ھەر قانداق بىر دەۋردە مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى پانىيلار (ئىنسانلار)نىڭ ئۆمرى بىلەن بۇ دەۋردىكى نوپۇسنىڭ بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ، يەنى مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى = پانىيلار (ئىنسانلار)نىڭ ئومۇمىي ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى / باشلانغۇچ دەۋر نوپۇسىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، مەلۇم بىر دەۋردە شۇ مەزگىلدە بولۇشقا تېگىشلىك نوپۇستا كېمەيگەن نوپۇسنىڭ تەخمىنىي مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى بىلەن دەۋر بېشىدىكى نوپۇسنىڭ نىسبىتى دەل مۆلچەرلەنگەن ئومۇمىي ئوتتۇرىچە كۆرۈش مۇددىتىدۇر.[8]

ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ نوپۇسىنىڭ تەخمىنىي ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنى ھېسابلاش ئۆسۈللىرىنىڭ باسقۇچى تۆۋەندىكى 9 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى. Ä٠

**جەدۋەل 9: تەخمىنىي ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنى ھېسابلاش باسقۇچلىرى**

| | |
|---|---|
| $U$ | 16.925.500 … ,1.826.700 |
| دەۋر | 2018-2010 … ,1925-1919 |
| شۇ دەۋردە بولۇشقا تېگىشلىك ئۈيغۇر نوپۇسى (Ũ) | $\tilde{U}_0 = U_0, \tilde{U}_{i+1} = \tilde{U}_i + AAI$ |
| كېمەيگەن نوپۇسنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى (L.E.D.P) | $(\tilde{U}_{i+1} \cdot \tilde{U}_i)/(\tilde{U}_{i+1} - \tilde{U}_i)$ |
| ئومۇمىي مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى (T.L.E) تەخمىنىي مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى (R.E.A.L.E) | $b\sum$ L.E.D.P |

بۇ يەردە سۆيتىدە قوبۇل قىلايلى (نوپۇس تەخمىن ئۇسۇللىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئانالىزى 2-م د.بارىشچى، 2021 - يىلىغا قاراڭ).

**جەدۋەل 1 بىلەن جەدۋەل 5 كە ئاساسلانغاندا:**

| P.D.E.L | Ũ | مەزگىل-دەۋر |
|---|---|---|
| | 1.826.700 | 1919 |
| 12.910.240 | 2.127.762 | 1925 |
| | 2.127.762 | 1925 |
| 17.165.765 | 2.428.824 | 1931 |
| | 2.428.824 | 1931 |
| 15.491.883 | 2.880.417 | 1940 |
| | 2.880.417 | 1940 |
| 21.252.717 | 3.332.010 | 1949 |
| 66.820.605 | | E.L.T |

$R.E.A.L.E = (1{,}05 \cdot 66820605)/1826700.$(ياش) 38,4 =

ختاينىڭ پەرقلىق ماتېرىياللىرىدا ئېلان قىلىنغان ئۇچۇر-مەلۇماتلىرىنى ئاساس قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ

1949 - يىلىدا تەخمىنىي مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 38.4 ياش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

1. جەدۋەل 2 بىلەن جەدۋەل 6 گە ئاساسلانغاندا:

| مەزگىل-دەۋر | Ũ | P.D.E.L |
|---|---|---|
| 1919 | 1.829.900 | |
| 1929 | 3.433.330 | 3.918.257 |
| 1929 | 3.433.330 | |
| 1935 | 4.395.388 | 15.685.975 |
| 1935 | 4.395.388 | |
| 1941 | 5.357.446 | 24.476.751 |
| 1941 | 5.357.446 | |
| 1949 | 6.640.190 | 27.733.094 |
| E.L.T | | 71.814.076 |

ۋ$R.E.A.L.E = (1,25 \cdot 71814076)/1829900$(ياش) 49,1 =

خەلقئارادىكى ئوخشىمىغان ماتېرىياللاردا ئېلان قىلىنغان ئۇچۇر-مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلىدا تەخمىنىي مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 49.1 ياش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

2. جەدۋەل3 بىلەن جەدۋەل 7 لەرگە ئاساسلانغاندا:

| مەزگىل- دەۋر | Ũ | P.D.E.L |
|---|---|---|
| 1982 | 5.963.500 | |
| 1990 | 7.464.588 | 29.655.204 |
| 1990 | 7.464.588 | |
| 2000 | 9.340.948 | 37.160.421 |
| 2000 | 9.340.948 | |
| 2010 | 11.217.308 | 55.842.317 |
| 2010 | 11.217.308 | |
| 2018 | 12.718.396 | 95.041.840 |

| | |
|---|---|
| E.L.T | 217.699.782 |

$$E.A.L.E = (1,85 \cdot 217699782)/5963500$$ (ياش) 67,5

خىتاي دۆلىتىنىڭ مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدا ۋە دۆلەتلىك سەھىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇچۇر-مەلۇماتلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ 2018 - يىلىدا تەخمىنىي مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 67.4 ياش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

**3. جەدۋەل 4 بىلەن جەدۋەل 8 لەرگە ئاساسلانغاندا:**

| مەزگىل-دەۋر | Ũ | P.D.E.L |
|---|---|---|
| 1982 | 8.617.573 | |
| 1990 | 10.463.781 | 48.841.949 |
| 1990 | 10.463.781 | |
| 2000 | 12.771.541 | 57.908.365 |
| 2000 | 12.771.541 | |
| 2010 | 15.079.301 | 83.451.447 |
| 2010 | 15.079.301 | |
| 2018 | 16.925.509 | 138.242.736 |
| E.L.T | | 328.444.496 |

$$R.E.A.L.E = (1,9 \cdot 328444496)/8617573.$$ (ياش) 72,4 =

بارلىق ئۇچۇر - مەلۇمات مەنبەلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ تەخمىنىي ھېسابلاپ چىقىلغان نەتىجىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ 2018 - يىلدىكى تەخمىنىي مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 72.4 ياشتۇر.

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە تەخمىنىي ھېسابلانغان ئوتتۇرىچە ئۆمۈر (ياش) مۇددەتلىرىنىڭ دۇنيا، خىتاي ۋە ئۇيغۇرلار بولۇپ ئوتتۇرىچە قىممەتلىرى سېلىشتۇرۇلدى.

**جەدۋەل 10: ئۇيغۇرلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى (1)**

| يىل | | 1949 | 2018 |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى | خىتاي مەنبەلىرىگە ئاساسەن | 38,4 ياش | 67,5 ياش |
| | باشقا مەنبەلەرگە ئاساسەن | 49,1 ياش | 72,4 ياش |
| دۇنيا ئوتتۇرىچىسى * | | 48 ياش | 73,3 ياش |

| | | |
|---|---|---|
| ختاي ئوتتۇرچىسى ** | 35 ياش | 77 ياش |

مەنبە: *دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى – 2020، **ختاي دۆلەتلىك سەھىيە ئىدارىسى – 2019.

**شەكىل 1: ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنى ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى بىلەن دۇنيا ئوتتۇرچىسى ۋە ختاي ئوتتۇرچىسىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى - 1**




گرافىكتا-

U 1 : ختاي مەنبەلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنىي ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

U2 : ش ئۇ ئا ر س ئى ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى: دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئېلان قىلغان مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

ختاي: ختاي دۆلىتى ئېلان قىلغان ختاينىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

## 1.1 مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇغۇلغاندا مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنى ھېسابلىغاندا، ياش گۇرۇپپىلىرى ۋە جىنسىغا ئاساسەن ئۆمۈر (ياش) جەدۋەللىرى تۈزۈلۈشى كېرەك. ھەر جەمئىيەتنىڭ بىردىن ئارتۇق كەلگۈسى بولۇشى تۈپەيلى، ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى ھەر قايسى دەۋرلەرگە ئاساسەن ئېنىقسىز بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە تەخمىنىي نەتىجىلەرگە ۋە بۇ نەتىجىلەرنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىغا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئېھتىماللىق شەكلىدىكى ئوتتۇرچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى ئۈستىدە تەخمىن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شەخسلەرنىڭ ھاياتتا قېلىش كوئېففىتسېنتىنىڭ $(A_j, j = 1, 2, \dots)$ تەخمىن قىممىتىنى ھېسابلاپ چىقىش كېرەك[9]. لېكىن بەلگىلەنگەن مەزگىللەردە نوپۇس سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئېنىقسىزلىقى، قازا قىلغانلارنىڭ سانىغا ئېرىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن نوپۇسنىڭ بەلگىلەنگەن مەزگىل ئىچىدە تۆۋەنلەش سانىغا ئاساسەن، ھاياتتا قېلىش كوئېففىتسېنتىنىڭ ئورنىغا ئوتتۇرچە ئۆمۈر كوئېففىتسېنتى $(\ddot{A}_j)$ ۋەكىللىك قىلىدۇ[10].

ھايات قېلىشنىڭ ئوتتۇرچە كوئېففىتسېنتى ۋە مۆلچەردىكى ئۆلۈش ئېھتىماللىقىنى ھېسابلاش ئۈچۈن، دەۋرنىڭ ئاخىرىدا بولۇشى كېرەك بولغان نوپۇسنى چوقۇم تېپىش كېرەك. چۈنكى بىرنىڭ

قولىمىزدا بار بولغان نوپۇس سانلىق مەلۇماتلىرىدا قازا قىلغانلارنىڭ سانى يوق. بۇ سەۋەبتىن، ئالدى بىلەن بۇ دەۋردە بولۇشقا تېگىشلىك نوپۇسنى، ئاندىن قازا قىلغانلارنىڭ سانىنى ۋە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ مەزگىلدىكى ئۆلۈش نىسبىتىنى تېپىش كېرەك. نەتىجىدە، بىز ئوتتۇرىچە ئۆمۈرنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەلىرىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ فۇنكسىيەلەرگە ئاساسەن ئاخىرقى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز[11].

دەۋر (مەزگىل) بېشى $i$ ۋە دەۋر (مەزگىل) ئاخىرى $i + 1$، بەلگىلەنگەن دەۋر(مەزگىل) نى $\tau_i \sim \tau_{i+1}$ ۋە $i = 0,1,2,$ دەپ ئىپادىلەيلى. تۆۋەندە ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەلىرى كۆرسىتىلدى[12]:

$\tau_i \sim \tau_{i+1}$ : ) دەۋر-مەزگىل $i = 0,1,2, \ldots$(

$k$ : دەۋر دائىرىسى $= \tau_{i+1} - \tau_i$

$U_i$ : ئىستاتىستىكا يىلىدىكى نوپۇس

$U_{AAI}$ : يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىدىغان نوپۇس $= AAI$

$\tilde{U}_j$ : دەۋر ئاخىرىدا بولۇشى كېرەك بولغان نوپۇس

$$= \left(U_i + U_{AAI}\right) + (U_i + U_{i+1})/k) \quad i = 0,1, \ldots, j = 1,2, \ldots($$

$dU_j$ : دەۋر ئىچىدە ئازىيىدىغان نوپۇس نىسبىتى $= \tilde{U}_j - U_i$

$dR_j$ : دەۋر ئىچىدە ئازىيىدىغان نوپۇس نىسبىتى $= dU_j/U_i$

$\ddot{A}_j$ : ھايات قېلىش كوئېففىتسېنتى $= k + 1/dR_j - k/(1 - e^{-k \cdot dR_j})$

$dq_j$ : بۇ مەزگىلدە نوپۇسنىڭ تۆۋەنلەش ئېھتىماللىقى

$$= k \cdot dR_j/(1 + (k - A_j/2()dR_j$$

$E.D.P_j$ : بۇ مەزگىلدە مۆلچەردىكى ئازىيىدىغان نوپۇس $= c \cdot \tilde{U}_j \cdot dq_j$

$S.E_j$ : ھايات قېلىش ۋاقتى $= k\left(\tilde{U}_j - E.D.P_j\right) + \ddot{A}_j \cdot k \cdot E.D.P_j$

$T.S.E$ : ئومۇمىي ھايات ۋاقتى $= \sum S.E_j$

ë : مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى $= T.S.E/U_{i+1}$

بۇ يەردىكى 1,05 بىلەن c = 0,5 ,1,6 ,1,05 تەڭدۇر (قاراڭ: نوپۇس تەخمىن مېتودلىرىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئانالىزى-2، د. بارىشچى، 2021).

مەزكۇر تەتقىقات ماقالىسىدا ھەر قايسى دەۋرلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنى (مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى) ھېسابلاپ چىقىشتا، ئالدى بىلەن جەدۋەل 1 – جەدۋەل 5، جەدۋەل 2- جەدۋەل 6، جەدۋەل 3- جەدۋەل 7 ۋە جەدۋەل 4- جەدۋەل 8 قاتارلىقلاردىكى قىممەتلەر نەزەرگە ئېلىنغان ئاساستا يۇقىرىدىكى فۇنكسىيەلەرگە ئېرىشىلدى.

1) خىتاينىڭ پەرقلىق ماتېرىياللىرىدا ئېلان قىلىنغان مەنبەلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

**جەدۋەل 11: خىتاينىڭ پەرقلىق مەنبەلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى**

| 1949 | 1940 | 1931 | 1925 | 1919 | Y |
|---|---|---|---|---|---|
| 3.332.000 | 2.960.000 | 1.865.900 | 1.850.000 | 1.826.700 | $U_i$ |
| 1919-1949 | 1940-1949 | 1931-1940 | 1925-1931 | 1919-1925 | Dönem |
| 30 | 9 | 9 | 6 | 6 | k |
| 1.505.300 | 50.177 | | | | $U_{AAI}$ |
| | 3.709.288 | 2.522.288 | 2.519.494 | 2.489.660 | $\tilde{U}_j$ |
| | 749.288 | 586.388 | 669.494 | 662.960 | $dU_j$ |
| | 0,253 | 0,314 | 0,362 | 0,363 | $dR_j$ |
| | 2,93 | 2,62 | 1,99 | 1,98 | $\ddot{A}_j$ |
| | 0,783 | 0,828 | 0,772 | 0,773 | $dq_j$ |
| | 1.452.858 | 1.014.861 | 973.060 | 962.364 | $P_j$.D.E |
| | 58.527.690 | 36.836.496 | 20.903.222 | 20.646.184 | $E_j$.S |

$$T.S.E = \sum S.E_j = 136.913.592$$

$$e = \frac{136913592}{3332000} = 41,1$$

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، خىتايدا ئېلان قىلىنغان 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارغا دائىر ئومۇمىي نوپۇس سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 41.1 ياش بولۇپ، بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى ھەققىدىكى مەلۇماتىدىن ئەڭ ئاز 11.1 ياش، خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىدىن 6.1 ياش چوڭ بولغان بولسا، خەلقئارادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىگە دائىر مەنبەلەردىكى مەلۇماتىدىن ئەڭ كۆپ 6.9 ياش كىچىكتۇر.

2) خەلقئارادىكى پەرقلىق مەنبەلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

**جەدۋەل 12: خەلقئارادىكى پەرقلىق مەنبەلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى**

| 1949 | 1941 | 1935 | 1929 | 1919 | Y |
|---|---|---|---|---|---|
| 6.640.200 | 4.017.200 | 3.621.500 | 2.850.000 | 1.829.900 | $U_i$ |
| 1919-1949 | 1941-1949 | 1935-1941 | 1929-1935 | 1919-1929 | مەزگىل |

| k | 10 | 6 | 6 | 8 | 30 |
|---|---|---|---|---|---|
| $U_{AAI}$ | 160.343 | | | | 4.810.300 |
| $\tilde{U}_j$ | 2.458.233 | 4.088.926 | 5.054.960 | 5.509.718 | |
| $dU_j$ | 628.333 | 1.238.926 | 1.433.460 | 1.492.518 | |
| $dR_j$ | 0,343370 | 0,434711 | 0,395819 | 0,371532 | |
| $\ddot{A}_j$ | 2,58 | 1,82 | 1,91 | 2,26 | |
| $dq_j$ | 0,860 | 0,812 | 0,793 | 0,837 | |
| $P_j.D.E$ | 3.383.994 | 5.312.631 | 6.409.762 | 7.375.812 | |
| $E_j.S$ | 78.011.452 | 50.775.626 | 65.366.575 | 118.423.840 | |

$$T.S.E = \sum S.E_j = 312.577.493$$

$$\ddot{e} = \frac{312577493}{6640200} = 47,1$$

خەلقئارادا ئېلان قىلىنغان مەنبەلەردە 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 47.1 ياش بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسى ئېلان قىلغان ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىدىن ئەڭ ئاز 17.1 ياش، خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىدىن 12.5 ياش چوڭ بولغان بولسا، دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىگە يېقىنلاشقان.

3) خىتاينىڭ مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدىكى مەلۇماتلىرىغا ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مەنبەلىرىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ 2018 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

**جەدۋەل 13: خىتاي مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 2018 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى**

| Y | 1982 | 1990 | 2000 | 2010 | 2018 |
|---|---|---|---|---|---|
| $U_i$ | 5.963.500 | 7.214.400 | 8.399.400 | 10.171.500 | 12.718.400 |
| مەزگىل | 1982-1990 | 1990-2000 | 2000-2010 | 2010-2018 | 1982-2018 |
| k | 8 | 10 | 10 | 8 | 36 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 6.754.900 | 187.636 | | | | $U_{AAI}$ |
| | 13.105.450 | 10.433.911 | 8.963.416 | 7.798.374 | $\tilde{U}_j$ |
| | 3.036.104 | 2.034.511 | 1.749.016 | 1.834.874 | $dU_j$ |
| | 0,302 | 0,242 | 0,242 | 0,308 | $dR_j$ |
| | 2,53 | 3,15 | 3,15 | 2,50 | $\ddot{A}_j$ |
| | 0,796 | 0,797 | 0,797 | 0,800 | $dq_j$ |
| | 10.951.580 | 8.728.835 | 7.500.408 | 6.551.874 | $P_j.D.E$ |
| | 238.801.379 | 292.429.964 | 251.152.971 | 141.217.149 | $E_j.S$ |

$$T.S.E = \sum S.E_j = 923.601.463$$

$$\ddot{e} = \frac{923601463}{12718400} = 72,6$$

خىتاي مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا يىللىرىدا ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغىنىمىزدا، 2018 - يىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 72.6 ياش بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى بىلەن خەلقئارانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىگە دائىر مەلۇماتقا يېقىنلاشقانلىقىنى، خىتاي ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىدىن 4.4 ياش كىچىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

4) ئوخشىمىغان مەنبەلەردە مۆلچەرلەنگەن يەكۈن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 2018 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

**جەدۋەل 14: پەرقلىق مەنبەلەردە مۆلچەرلەنگەن يەكۈن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 2018 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى**

| 2018 | 2010 | 2000 | 1990 | 1982 | Y |
|---|---|---|---|---|---|
| 16.925.500 | 14.578.957 | 12.257.165 | 10.374.706 | 8.617.573 | $U_i$ |
| 1982-2018 | 2010-2018 | 2000-2010 | 1990-2000 | 1982-1990 | مەزگىل |
| 36 | 8 | 10 | 10 | 8 | k |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| $U_{AAI}$ | 230.776 | | | | 8.307.927 |
| $\tilde{U}_j$ | 11.222.384 | 12.868.669 | 15.171.553 | 18.747.790 | |
| $dU_j$ | 2.604.811 | 2.493.963 | 2.914.388 | 4.168.833 | |
| $dR_j$ | 0,302267 | 0,240389 | 0,237770 | 0,285949 | |
| $\ddot{A}_j$ | 2,53 | 3,17 | 3,18 | 2,59 | |
| $dq_j$ | 0,796 | 0,795 | 0,793 | 0,784 | |
| $P_j.D.E$ | 9.384.231 | 10.743.776 | 12.628.815 | 15.438.624 | |
| $E_j.S$ | 204.336.470 | 293.409.913 | 347.033.544 | 346.768.587 | |

$$T.S.E = \sum S.E_j = 1.191.548.515$$

$$\ddot{e} = \frac{1191548515}{16925500} = 70,4$$

پەرقلىق مەنبەلەردىكى مۆلچەرلەنگەن يەكۈن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، 2018 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 70.4 ياش بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى ھەققىدىكى مەلۇماتىدىن 1.6 ياش، خىتاي ئېلان قىلغان مەلۇماتتىن بولسا 2.9 ياش تېخىمۇ كىچىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

---

**جەدۋەل 15: ئۇيغۇرلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددەتلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى (2)**

| ئوتتۇرىچە \ يىل | | 1949 | 2018 |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى | خىتاي مەنبەلىرىگە ئاساسەن | yaş 41,1 | yaş 72,6 |
| | باشقا مەنبەلەرگە ئاساسەن | yaş 47,1 | yaş 70,4 |
| دۇنيا ئوتتۇرىچىسى* | | yaş 48 | yaş 73,3 |
| خىتاي ئوتتۇرىچىسى** | | yaş 35 | yaş 77 |
| ش ئۇ ئا ر سەھىيە باشقارمىسى *** | | yaş 30 > 29,9 | yaş 72 |

مەنبە: دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى -2020، **خىتاي مەملىكەتلىك سەھىيە ئىداراسى -2019، ***ش ئۇ ئا ر سەھىيە باشقارمىسى -2021

شەكىل 2: ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىچىسى ۋە خىتاي ئوتتۇرىچىسىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى -2




گرافىكنىڭ ئىزاھاتى:

U1: خىتاي مەنبەلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

U2: باشقا خەلقئارا مەنبەلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

U3: ش ئۇ ئا ر سەھىيە باشقارمىسى ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

WHO: دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئېلان قىلغان ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

PRC: خىتاي ئېلان قىلغان مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى

## 3 - يەكۈنلەر ۋە مۇلاھىزە

بىر جەمئىيەتنىڭ دېموگرافىيەلىك (نوپۇس) قۇرۇلمىسى ئۆز ئىچىدە يىللارغا ئاساسەن سېلىشتۇرۇلغىنىدا ياكى باشقا بىر جەمئىيەت بىلەن قىياسلانغىنىدا كۈچكە ئىگە ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر - مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆلچەملەردىن بىرى دەل ئۆمۈر جەدۋەللىرى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان نەتىجىلەردۇر. ئۆمۈر جەدۋەللىرى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيە ھېسابلىنىدىغان مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى بىلەن مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنىڭ قىممىتى، سېلىشتۇرما ئۇسۇللىرىدا ئىشلىتىلىدىغان باشقا ئۆلچەملەرگە ئاساسەن، شەخسنىڭ يەنە بىر نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك نەتىجە ۋە يەكۈنلەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بولۇپمۇ، تۇغۇلۇشتا مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى جەمئىيەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ۋە تەرەققىيات سەۋىيەسىنى بېكىتىش قاتارلىقلاردا مۇھىم ئۆلچەملەردىن ھېسابلىنىدۇ[13].

مەزكۇر تەتقىقات ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارغا دائىر ئوخشىمىغان مەنبەلەردىكى نوپۇسقا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، جىنسىيەت ئايرىماستىن ئۆمۈر كۆرۈش سەۋىيەسىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددەتلىرى مۆلچەرلەندى ۋە بۇ مۆلچەرلەش ئۇسۇللىرىغا ئاساسەن تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى بىلەن مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنىڭ تەخمىنىي نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە بۇ نەتىجىلەر ئارقىلىق خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان نەتىجىلەرنى سېلىشتۇرۇش مەقسەت قىلىندى.

1. ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار تۇغۇلۇشتىكى تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى:

1) خىتاينىڭ پەرقلىق مەنبەلىرىدە ۋە مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا خىزمەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھاسىل قىلىنغان تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 1949 - يىلى 38.4 ياش، 2018 - يىلى 67.5 ياشتۇر.

2) ئوخشىمىغان مەنبەلەردىكى سانلىق مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىلغان يىغى

قىممەتلەرگە ئاساسەن هاسىل بولغان تەخمىنىي ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 1949 - يىلى 49.1 ياش، 2018 - يىلى 72.4 ياشتۇر.

2. ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار تۇغۇلۇشتا مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى:

1) خىتاي مەنبەلىرىدە ۋە خىتاي مەملىكەتلىك نوپۇس ئىستاتىستىكا خىزمەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ هاسىل قىلىنغان مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 1949 - يىلى 41.1، 2018 - يىلى 72.6 ياشتۇر.

2) باشقا پەرقلىق مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىلغان يېڭى قىممەتلەرگە ئاساسەن هاسىل قىلىنغان مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 1949 - يىلى 47.1 ياش، 2018 - يىلى 70.4 ياشتۇر.

خىتاينىڭ مەنبەلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىلغان نەتىجىلەرگە قارىغاندا، 1949 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇشتا مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنىڭ 30 ياشتىن تۆۋەن بولماستىن، ئەكسىچە، ئەڭ ئاز 11.1 ياش (ياش11.1 = 30ئەڭ ئاز - 41.1) تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكى، لېكىن 2018 - يىلى 72 ياشقا (ياش0.6 = 72 - 72.6) يېقىنلاشقانلىقىنى بايقايمىز.

باشقا پەرقلىق مەنبەلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىلغان نەتىجىلەرگە ئاساسەن، 1949 - يىلى ئۇيغۇرلاردا تۇغۇلۇشتا مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 47.1 ياش بولۇپ، بۇ 30 ياشتىن تۆۋەن ئەڭ ئاز 17.1 ياش تېخىمۇ يۇقىرى (ياش17.1 = 30 ئەڭ ئاز - 47.1) ئىكەنلىكىنى، لېكىن 2018 - يىلى 70.4 ياش بولۇپ، بۇ 72 ياشتىن 1.6 ياش تۆۋەن (ياش 72 - 70.4 = 1.6) ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

خىتايلارنىڭ تۇغۇلغاندا مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 1949 - يىلدا 35 ياش بولغان بولسا، 2018 - يىلى 77 ياشقا ئۆرلەپ، ئارىلىقتا 42 ياش يۇكسەلگەن. بۇنىڭغا ماس هالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلغاندا مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 1949 - يىلى 47.1 ياش بولغان بولسا، 2018 - يىلى 70.4 ياشقا ئۆرلەپ، تەخمىنەن 23.3 ياش يۇكسەلگەن.

يۇقىرىدىكى يەكۈنلەرگە ئاساسەن، خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى نەزەرگە ئېلىنغىنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە قىسقارغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئاساس قىلىنغان ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ 1948 ~ 2018 يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىمالال دېيەلەيمىز.

يۇقىرىدىكى يەكۈنلەردە سانلىق قىممەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئايرىم ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي قاتارلىق ئومۇمىي جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق دېموگرافىيەلىك (نوپۇس) قۇرۇلمىنىڭ ئامىللىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەلىك قىممەتلىرى تېپىپ چىقىلغاندا چىققان نەتىجىلەردىكى پەرقنىڭ سەۋەبى ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدىكى يەكۈنلەر ئومۇمىي نوپۇس ئۈچۈندۇر. ئەسلىدە جىنسىيەتكە ئاساسەن مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى تېخىمۇ پايدىلىق ۋە ئۈنۈملۈك بولغانلىقتىن، ئەر - ئايال نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

مەزكۇر ماقالىمىزدە نوپۇس بوۋاق نوپۇس ۋە كېيىنكى نوپۇس (ئومۇمەن بەش ياشتىن يۇقىرى بولغانلار) دەپ ئايرىلمىدى. بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى ئادەملەر تۇغۇلغاندا مۆلچەرلىنىدىغان ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك ياشلاردا ئۆلۈم - يېتىمنىڭ كۆپ بولۇشى مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا سەۋەب بولماقتا[14]. ماقالىمىزدا ئومۇمىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغانلىقىمىزدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمۈر جەدۋەللىرىنى تۈزۈپ چىقىش ئەمەلىيەتتە دېموگرافىيەلىك ئامىللارنىڭ ئېنىق ۋە روشەن بولۇشىغا پايدىلىقتۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 1949 - يىلدىن كېيىن بولۇشقا تېگىشلىك سەۋىيەدە بولمىغان. 1949 - يىللاردا

دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 48 ياش بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى 47.1 ياش بولۇپ، بۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىگە ئاساسەن يېقىنلىشىدۇ. 2018 - يىلى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش مۇددىتى تەخمىنەن 73 ياش بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىگە نىسبەتەن 2.6 ياش تۆۋەنلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، 1949 - يىلى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 12.1 ياش چوڭ بولغان بولسا، 2018 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىدىن 6.6 ياش قىسقىراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۇستىدە تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ئۇيغۇر نوپۇس قۇرۇلمىسىنى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

## ENDNOTES


1 *Prentice, Thomson (2006). "Health, history and hard choices: Funding dilemmas in a fast-changing world". World Health Organization: Global Health Histories. 11. 2006*

2 BBC Ülke Profil: Svaziland (BM referans veri). news.bbc.co.uk 11.2009 - Wayback Machine ve *Prentice, Thomson(2006). «Health, history and hard choices: Funding dilemmas in a fast-changing world». World Health Organization: Global Health Histories*

3 Sincan Uygur Özerk Bölgesi Ulusal Sağlık Kurulu, 01.2021. https://wjw.xinjiang.gov.cn/hfpc/zcwj/202101/9bfa346e174c40dfa58c857736190f4e.shtml

4 *Galor ,Oded ;Moav ,Omer .(2005) «Natural Selection and the Evolution of Life Expectancy». Brown University Working Paper. 10.2006*

5 Reed ,L .J ,.Merrell ,M .(1939) .A short method for constructing an abridged life table .American Journal of Epidemiology. 1939.(2)30

6 Coale ,AJ .ve Demeny ,P .(1983) .Regional Model Life Tables and Stable Populations2 ,nd Edition ,New York :Academic Press

7 Preston ,S ,.Heuveline ,P & ,.Guillot ,M .(2001) .Demography :Measuring and Modeling Population Processes .Blackwell Publishers :Oxford

8 Reed ,L .J ,.Merrell ,M .(1939) .A short method for constructing an abridged life table .American Journal of Epidemiology. 1939 ,(2)30

9 Keyfitz ,N ,.Caswell ,H .(2005) .Applied mathematical demography3) .th ed .(.New York :Springer Science.

10 Coale ,AJ .ve Demeny ,P .(1983) .Regional Model Life Tables and Stable Populations2 ,nd Edition ,New York :Academic Press

11 Preston ,S ,.Heuveline ,P & ,.Guillot ,M .(2001) .Demography :Measuring and Modeling Population Processes .Blackwell Publishers :Oxford

12 Chin Long Chiang :(1984) The Life Table and Its Applications ,Shanghai Translation Publishing House) Chinese Version.(

13 Reed, L. J., Merrell, M. (1939). A short method for constructing an abridged life table. American Journal of Epidemiology. 30(2),1939

14 Coale, AJ. ve Demeny, P. (1983). Regional Model Life Tables and Stable Populations, 2nd Edition, New York: Academic Press

*Barışçı D .(2021) .Nüfus Tahmin Yöntemleri İle Doğu Türkistan Nüfusunun Analizi ,1,2-Türkiye

*ÇHC Ulusal Sağlık Kurulu ,2019-http//:www.xinhuanet.com/politics/2019-09/05/c112_4963756.htm

*WHO-2020, https://www.who.int/, 2020 and https//:en.wikipedia.org/wiki/ World_Health _Organization, 2020

# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىدىكى تىل ئويۇنلىرىغا قىسقىچە نەزەر

**تاجىگۈل سەمەت**

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى
تىلشۇناسلىق كەسپى ئاسپىرانتى
E-mail: sabatgina@gmail.com

**ئاساسىي مەزمۇنى:** تىل ئىنسان بىلەن مەۋجۇت، ئىنسانمۇ ھەم تىلسىز مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئىنسان مەيلى ئۆزىنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىسۇن، ياكى ئۇرۇشسۇن، ھەتتا جەڭ مەيداندا بولسۇن، چوقۇم تىلغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىزگە نەچچە ئون يىللاردىن بېرى زۇلۇم قىلىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان خىتايمۇ تىل ئويۇنلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە قارشى تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تېررورىست، پانئىسلامچى، ئاشقۇن ئۇنسۇر قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن تونۇتماقتا. خىتايغا قارشى تۇرۇشتا ئۇلارنىڭ بۇ تىل ئويۇنلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىكى تىل ئويۇنلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئىشلەتكەن بەزى ئاتالغۇ ۋە ئىبارىلىرىنى تىلشۇناسلىقتىكى ئاساسلىق ئۇقۇملاردىن بولغان تىل كۆرسەتكۈچى ۋە ئانافور (anaphor)[1] نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىشقا تىرىشىمىز. بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى مەقسىتىمىز بولسا خىتاينىڭ تىل ئويۇنلىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش ۋە بۇ خىل ئىزدىنىشلەرگە بىر باشلانغۇچ بولۇشتۇر.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تىل، خىتاينىڭ تىل ئويۇنلىرى، تىل كۆرسەتكۈچى، ئانافور

**Abstract:**Language exists with humankind, as humans also cannot exist without language. Whether a person expresses his most sensitive feelings, fights, or battles on the war front, he will need the help of a language. That is why China, which has been oppressing and assimilating us- the Uyghurs for years, is tarnishing our image through language games and introducing the Uyghurs who stand against them to the world using terms such as terrorists, pan-Islamists and extremists. Fighting against these language games will play a significant role in opposing China. This article briefly discusses the Chinese language games on genocide in East Turkestan and analyzes some of China's terms in introducing Uyghurs to the world from a linguistic point of view. This article emphasizes the urgency of research on Chinese language games and initiates the study in the before-mentioned field.

**Keywords**: language, Chinese language games, language indicator, anaphor

## كىرىش

شەرقىي تۈركىستان، 1949- يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋە چوڭ كوممۇنىست رۇسىيەنىڭ بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن تاكى بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خىتاي زۇلۇملىرىغا مەھكۇم بولۇشقا باشلىدى. ئەمما خىتاي بۇ ئېغىر زۇلۇم ۋە جىنايەتلىرىنى مەيلى سىرتقى دۇنياغا ياكى ئۆز خەلقىگە بولسۇن ئېتىراپ قىلماي ئۆزىنى يوللۇق كۆرسىتىشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بەلكىم مۇنداق بىر نەچچە سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن:

1. خىتاينىڭ ئۆزىنى مەركەزگە قويۇش، باشقا مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق ئىدىيەسى. خىتايلار ئۆزىنى بىز دۇنيانىڭ مەركىزىدە ياشايمىز، بىز ئەڭ ئىلغار ۋە ياشاشقا ھەقلىق مىللەت دەپ قارايدۇ[2]. ئۇلارغا نىسبەتەن دۇنيانىڭ مەركىزىدە ئۆزى بولغانلىقتىن بويسۇندۇرغۇچى ئۆزى، باشقا مىللەتلەر بولسا خىتايلارغا بويسۇنۇشى كېرەك. ھەتتا خىتايلار باشقا مىللەتلەرگە ياشاش ھوقۇقى بەرگەندىلا ئاندىن باشقا مىللەتلەر ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

2. خىتاينىڭ ھەقىقەتلەرنى ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش ئەنئەنىسى. يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك خىتايلار ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزىگە قويۇپ ياشايدۇ، بۇ تەبئىيلا ئۇلاردا شەخسىيەتچىلىكنى شەكىللەندۈردى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، رېئاللىقنىمۇ ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن، 36خىل تەدبىر، ھىيلىلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەك بولالايدۇ. مەسىلەن: -15 تەدبىر يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش. بۇ تەدبىرگە كۆرە، تەبئىي شەرت-شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش، ساختا كۆرۈنۈش ئارقىلىق دۈشمەننى ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈش كېرەك. ھۇجۇم قىلىش خەتەرلىك بولسا، دۈشمەننى قىزىقتۇرۇپ، ھۇجۇم قىلدۇرۇش كېرەك، مۇنداق قىلىش ئۆزىڭىزگە پايدىلىق.[3]

3. خىتاينىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق سىياسىي تۈزۈمى. خىتاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى يوللۇق كۆرسىتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بۇ تۈزۈمدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى بولسا باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، ئەگەر بويسۇنمىسا ئۇلارنى قىيناش ۋە زۇلۇم قىلىش. بۈگۈن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقىنى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى.

4. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك

ئورنى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى. شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق تەرىپىگە، خىتاي دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. شەرق ۋە جەنۇب تەرىپى كەنسۇ (خىتاي تىلىدا گەنسۇ)، كۆكنۇر (خىتاي تىلىدا چىڭخەي)، تىبەت قاتارلىق ئۆلكىلەر بىلەن؛ شەرقىي شىمالدىن، غەربىي جەنۇبىغىچە موڭغۇلىستان(تاشقى موڭغۇلىيە)، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن 5700 كىلومېتىرلىق مۇساپىدا چېگرىلىنىدۇ. شەرقتىن - غەرىپكە قەدەر 1900 كىلومېتىر، جەنۇبتىن -شىمالغا قەدەر 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ تۆۋەن ئويمانلىقلار، ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا، ئەڭ چوڭ قۇملۇق ۋە قەدىمى تارىخى شەھەرلەردىن شەكىللەنگەن. يەر مەيدانى 1 مىليون 828 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ھازىر خىتايلار 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دەپ ئېلان قىلماقتا4.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش سىياسىتى بولسا ئۇنىڭ غەربكە، يەنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېچىۋېتىلگەنلىكىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىستراتېگىيەلىك تەسىر دائىرىسى بەرپا قىلىشىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەتلەرنىڭ بۆشۈكى بولغان شەرقىي تۈركىستان، خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ جۇغراپىيەلىك سىياسىي زېمىنىنىڭ 1/6 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خىتاي بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پەقەتلا شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. بۇ رايون خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىش ئېغىزى ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتە ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرا رايونلىرىدىكى دۆلەتلەربىلەن بولغان مەسىلىسى خىتاينىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شەرقىي تۈركىستاننى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىياغا ئېچىلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن قىلىش ۋە ئۈرۈمچىنى ياۋرو ئاسىيانىڭ شەرقى بىلەن غەربى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى مەركەزگە ئايلاندۇرۇش خىتاينىڭ ئەڭ ئاۋال ھەل قىلىدىغان مەسىلىلىرىنىڭ بىرى.

تارىختىكى ئەڭ مۇھىم سودا يولى دەپ بىلىنگەن، يىراق شەرق ۋە ياۋروپا؛ سىبىرىيە بىلەن جەنۇبىي ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىنىڭ كېسىشىش ئېغىزى بولغان بۇ رايون قازاقىستاندىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ تۈرك جۇغراپىيەسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكى تۈرك قەۋمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەش بىلەن بىرلىكتە قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاتارلار قاتارلىق باشقا تۈرك قەۋملىرى بىلەن ياشايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ رايون قەدىمىيلىقى ۋە تارىخى ئاسارە-ئەتىقىلەر بىلەن ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى. ئىبنى سىنا، مەھمۇت قەشقىرى، فارابى، مەھمۇت غەزنەۋى، ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغرا، تىمۇر، سەلچۇق بەگ، بابۇرشاھ ۋە مەلىك شاھ قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر بۇ تۇپراقلاردا يېتىشتۈرۈلگەن.

خىتايلار ئۈچۈن يىپەك يولىنىڭ كونترول ئاستىغا ئېلىنىشى، بۇ يول ئارقىلىق غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قورۇلۇشى بىلەن تىجارەت يوللىرىنىڭ ئۆتۈش نۇقتىسى بولغان شەرقىي تۈركىستانغا ئىگە بولۇش ۋە رايون بىخەتەرلىكىنىڭ مۇقىملىقى مۇھىم ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان كۆمۈر، تەبىئىي گاز، نېفىت ۋە ئۇران زاپىسى بىلەن خىتاينىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. بۇ رايوندا كۆمۈر ۋە نېفىتنىڭ ھەم سۈپەتلىك ھەم مول ئىكەنلىكى بىر پاكىت. شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا بايلىقلىرى 20-ئەسىردىكى تەتقىقاتتا ئاشكارىلانغان بولۇپ، بۇلار قەلەي، سىماب، ئۇران، قوغۇشۇن، مىس، تۆمۈر ۋە غايەت زور نېفىت زاپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايون خىتاينىڭ يۇمشاق بېقىنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

چۈنكى، ئۇيغۇرلارغا بېرىلىدىغان مۇستەقىللىق تىبەت ۋە تەيۋەنگە ئۈلگە بولۇپ، رايوندا دومىنو ئېففېكتى يارىتىدۇ. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىلىك ۋە بىخەتەرلىك سەۋەبىدىن خىتاي ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان رايوندۇر.[5]

5. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنىدىن باشقا يەنە ئىنتايىن قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىغا ساھىپ بولۇشىمۇ ئەلۋەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى دەسلەپىدە خۇددى كۆل تېگىدىن ئابىسىدە ئېيتقاندەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە نۇرغۇن يالغان-ياۋداق، يۇمشاق گەپلەر بىلەن يېقىنلاشتى. خىتايلار خەلققە ياردەم قىلىش، شەرقىي تۈركىستاننى يۈلەش، سانائەتلەشتۈرۈش دېگەندەك قۇرۇق شوئارلارنىڭ سايىسىدە ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانغا ياخشى جايلاشتۇرىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلقنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، بويسۇنمىغانلارنى جازالاش ھەتتا ئۆلتۈرۈشكە يۈزلەندى. بارا- بارا شەرقىي تۈركىستاننى «ئەزەلدىن خىتاينىڭ زېمىنى ۋە ئايرىلماس بىر قىسمى» دەپ بىلجىرلىدى. مانا بۇگۈن يېڭى ئەۋلاد ئۇيغۇرلار مۇشۇ شوئارلارنى تۇۋلاپ چوڭ بولماقتا.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا 1992-يىلىدىن 2004-يىلىغىچە قىسمەن دەرسلەرنى خىتاي تىلىدا ئۆتۈشكە ۋە ئاستا-ئاستا خىتاي تىلىنى ئاساسىي دەرس قاتارىغا كىرگۈزۈشكە باشلىدى. 2004-يىلىدىن كېيىن ئانا تىل دەرسىدىن باشقا دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتاي تىلىدا ئۆتۈشنى يولغا قويدى. خىتاينىڭ قارىشىچە، بۇ مائارىپ سىستېمىسى ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئاسانلىشىدۇ ۋە مىللەتلەر ئارا ئالاقە كۈچىيىدۇ.[6] ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ بۇ قوش تىل مائارىپى سىياسىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىكى تىل ئويۇنلىرىدىن بىرى.

بۇ يەردە بىر چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، خىتاي شۇنچە ئېغىر جىنايەتلىرىنى قانداق قىلىپ سىرتقى دۇنياغا شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ؟ خىتاينىڭ كۆز بويامچىلىقىنىڭ سىرى نەدە؟ توختىماي تىنچلىقنىڭ شوئارىنى تۇۋلايدىغان خىتاي، بۇگۈن شەرقىي تۈركىستاننى چوڭ بىر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ ئىنسانلارنى تۈركۈم تۈركۈملەپ ئۆلتۈرمەكتە ۋە بۇنى دۇنياغا تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش دەپ ئېلان قىلماقتا. خىتاي بۇ ئويۇنلىرىنى قانداق ئىجرا قىلىۋاتىدۇ؟ بىز بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبى ۋە بۇرمىلانغان مەنا نۇقتىلىرى بويىچە تەھلىل قىلىشقا تىرىشىمىز. ئالدى بىلەن تىل كۆرسەتكۈچى ئۇقۇمىنى ئىزاھلايمىز.

## تىل كۆرسەتكۈچى،كۆرستىلگۈچى ۋە ئانافور

مەلۇم بىر تىلدا، مۇئەييەن بىر مەنىگە ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك تەركىپ تىل كۆرسەتكۈچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قەلەم، كىتاب، ئۇستەل قاتارلىق ئىسىملار، شۇنداقلا -دى، -تى ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى ۋە -لار، -لەر كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىمۇ تىل كۆرسەتكۈچىدۇر. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى تىل كۆرسەتكۈچىنى سۆز ياكى كەلىمە دېيىش خاتادۇر.[7]

چاغداش تىلشۇناسلىقنىڭ قۇرغۇچىسى فەردىناند دە سائۇسسۇر (Ferdinand de Saussure) تىل كۆرسەتكۈچىنىڭ ئىككى تەرىپى بار دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى [كۆرسەتكەن تەرىپى gösteren ] بولۇپ، بۇ ئۇقۇم قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى ياكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان كونكرېت شەكىل دەپ

قارىلىدۇ. بۇ يېزىق بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر تاۋۇش ياكى تاۋۇشلار تىزىلمىسىدۇر. مەسىلەن: گۇل دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزى ۋە گۈلنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېزىلغان ھەرپلەر تىزىسى ياكى سىزىلغان شەكىل گۈلنىڭ كۆرسەتكەن تەرىپى بولىدۇ. ئىككىنچىسى [كۆرسىتىلگەن تەرىپىgösterilen]، بۇ تىل كۆرسەتكۈچىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بولۇپ، ئەقلىمىز ۋە تەجرىبىلىرىمىز ئارقىلىق ئىدراك قىلغان ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: گۇل دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ۋە گۇل دېگەن خەت ياكى شەكىلنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، زېھنىمىزدا شەكىللەنگەن گۇل ئۇقۇمىدۇر.

كېيىن چارلېس ئوگدېن (Charles Ogden) ۋە ئىۋور رىچاردس (Ivor Richards)) فەردىناند دە سائۇسسۇرنىڭ تىل كۆرسەتكۈچى ئېنىقلىمىسىنى بېيىتقان. ئۇلارنىڭ تىل كۆرسەتكۈچى ئېنىقلىمىسىدا ئۈچ ئامىل (كۆرسەتكەن تەرىپىgösteren ، كۆرسىتىلگەن تەرىپى gösterilen ۋە ئانافور) بولۇپ بۇلار بىر- بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.[8]

ئانافور تىل سىرتىدىكى دۇنيادا بار بولغان بارلىق شەيئىلەردۇر. تىل كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تىلدىن باشقا ھەممە بولالايدۇ. مەسىلەن: ئابستراكت ياكى كونكرېت شەيئى، ئىنسان، ۋەقە، ھادىسە، سان، ئەھۋال، ئىسپات قاتارلىقلار. ھەتتا بەزىدە ھەقىقىي دۇنيا چەكلىك ۋە تار تۇيۇلغاندا فانتازىيىلىك دۇنيانىمۇ ئۆزئىچىگە ئالالايدۇ.[9]

**خۇلاسىلىسەك:**

| كۆرسەتكەن تەرىپى | كۆرستىلگەن تەرىپى | ئانافور |
|---|---|---|
| بىز كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان شەيئىلەر بولۇپ، ئىدراك قىلىشىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. | زېھنىمىزدە شەكىللەندۇرگەن شەيئىلەر بولۇپ، ئۇقۇم ياكى چۈشەنچىلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. | تىلدىن باشقا دۇنيادا بار بولغان بارلىق شەيئىلەر. تىل كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تىلدىن باشقا ھەممە بولالايدۇ. |

تۆۋەندە ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زۇلۇم قىلىش جەريانىدا ئەسلى مەنىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ياكى قەستەن كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيەنىڭ قېلىپىغا سېلىنىپ بۇرمىلىنىپ چۈشەندۇرۇلىۋاتقان بەزى سۆز ۋە ئۇقۇملارنى مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## ختاينىڭ تىل ئويۇنلىرى

ئۈچ خىل كۈچ: تېرورچى كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئاشقۇن كۈچلەر.

دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە، ھېچقانداق تىلدا بولمىغان بۇ سۆز بىرىكمىسىنى، ختايلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مىللىي، دىنىي ۋە باشقا جەھەتتىن جازالاش، بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان. ختاي شەرقىي تۈركىستان ۋە خەلقئارادا ئۆزىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن مۇشۇنىڭدەك ھەرخىل تەبىرلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ.

**تېرورچى كۈچلەر:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق تېرورىزم زوراۋانلىق ، بۇزغۇنچىلىق ، قورقۇتۇش ۋە باشقا ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ئىجتىمائىي ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان ، جامائەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان، شەخسىي مال-مۈلۈككە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ياكى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى

مەقسىتىگە يېتىشكە مەجبۇرلايدىغان تەكلىپ ۋە ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[يۇقىرىدا دېيىلگەن تېرروررچى كۈچلەر ياكى تېررورىست سۆزىنىڭ ئانافورى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بىردەك بولسىمۇ، ئەمما خىتايلار بۇ سۆزلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنىسىنى (كۆرسەتكۈچىنى) ئۆز ئىدىيەسى بويىچە بۇرمىلىغان. ئۇلار سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ۋەقەلەر ياكى ئۆزى قەستەن بەزى كىشىلەرنىڭ مىللىي ياكى دىنىي غۇرۇرىغا تېگىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىشلارنى تېرروررلۇق دەپ بېكىتىپ، ئىچكى قىسىمدا ئۆزىنىڭ «ئاز سانلىق»لارنى جازالاش، يوقىتىش، قورقۇتۇش، بويسۇندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن بولسا، تاشقى قىسىمدا بۇ «ئاز سانلىق»لارنى يامان، ناچار كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋەھىمە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قىلمىش باشتا نورمال پۇقرا، ئىشچى، دېھقانلار بىلەن چەكلەنگەن بولسا، يېقىنقى ۋاقىتلاردا مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان، پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ئېلىشقا سەرپ قىلغان زىيالىيلار ۋە ئىدارە-ئورگانلاردىكى مىللىي كادىرلارمۇ تېررورىست دەپ كۆرسىتىلدى.]

**مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق مىللىي بۆلگۈنچى ئارقىلىق بىرلىكنى پارچىلايدىغان، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان ۋە ئارىنى بۇزىدىغان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[شەرقىي تۈركىستاندا بۇ سۆز بىر جىنايەتنىڭ نامى بولۇپ ئاڭلىغانلارنى ئۈركۈتىدۇ. بۇ بىر بىرىكمە سۆز بولۇپ، بىرىنچى سۆز مىللىيدىنلا بۇ سۆزنىڭ خىتايدىن باشقا مىللەتلەرگە قوللىنىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي غورۇرى كۈچلۈك، ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن پىكىر بۆلىقى بولۇپ خەلقىگە روھى ئوزۇق بېرىۋاتقان، مەدەنىيەت ۋە مىللىي مائارىپنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇۋاتقان، يېتەكچى روھقا ئىگە ئالىم، ئۆلىما ۋە زىيالىيلارنى مىللىي بۆلگۈنچى دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتىۋاتىدۇ.]

**دىنىي ئاشقۇن كۈچلەر:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق دىنىي ئاشقۇن دېگەندە دىنىنىڭ ئەقىدە، ئەمەل ۋە ئىبادەت قىسمىدا نورمال پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا ئوتتۇرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن، ۋە ئۆز ئىدىيە-پىكرىدە ھەددىدىن زىيادە چىڭ تۇرۇپ رادىكاللىق دەرىجىسىگە بارغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[خىتاينىڭ قارىشىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ قويغان ساقىلى ياكى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ياغلىق چېگىپ ئۇزۇن كىيىم كىيىشى دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىلىرى قاتارىدىدۇر. شۇنىڭدەك، ساقال، ياغلىق مەسىلىلىرىگە ئوخشاش 75 خىل ئىش-ھەرىكەت دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ ئىپادىسى قاتارىدا تىزىپ چىقىلغان. خىتاي دىنىي ئاشقۇن دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئانافورىنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاپ، بۇ 75 خىل ئىشنىڭ ھەر قانداق بىرىنى قىلغانلارنى دىنىي ئاشقۇن دەپ كۆرسەتكەن.

پەقەت ئالما كۆرۈپ باقمىغان، ئالما توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتى يوق بىر ئادەمگە سىز ئالمىنى قانداق تەسۋىرلەپ بەرسىڭىز ئۇ ئالمىنى شۇنداق دەپ ئويلايدۇ، ھەتتا سىز ئۇنىڭغا ئامۇتنىڭ رەسمىنى سىزىپ بۇ ئالما دېسىڭىز، ئۇ ئامۇتنى ئالما دەپ بىلىدۇ. مانا بۇ مىسالدا ھەقىقىي ئالما ئانافور، ئالمىنىڭ ئۇ ئادەمگە قايسى شەكىلدە تونۇتۇلىشى بولسا تىل كۆرسەتكۈچىدۇر. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مۇشۇ ئالمىنىڭ ئورنىغا قويۇڭ. گۇناھسىز،ھېچقانداق جىنايىتى يوق خەلق(ئانافور) خىتاي تەرىپىدىن دۇنياغا تېررورىست، مىللىي بۆلگۈنچى، دىنىي ئاشقۇن (تىل كۆرسەتكۈچى) دەپ تونۇتۇلماقتا. خىتاي بۇ ئۇقۇملارنى قالايمىقان قىلىپ، تىل ئويۇنلىرى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئوبرازىغا ھۇجۇم قىلماقتا.

**زوراۋان ئۇنسۇر:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق،

زوراۋان ئۇنسۇر ئارقىلىق زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇقنى ۋاستە قىلىپ ، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلۈكلىرىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەشكىلاتلارغا ئەزا بولغان ياكى بۇ ئىشلارنى بىۋاستە قىلغۇچى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسە يۈز بەرگەندە، بۇ ھادىسىنىڭ نېمە سەۋەپتىن بولغانلىقىدىن زىيادە كىمنىڭ قانداق قىلغانلىقىغا بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق خىتايلار، ھادىسە پەيدا قىلغۇچى بىلەن مىللىي ۋە دىنىي كىملىكى ۋە رايون تەۋەلىكى ئوخشاش بولغان كىشىلەرنى باشقىلارغا زوراۋان ئۇنسۇر كۆرسىتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار خىتايدىن باشقا مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار سادىر قىلغان ھادىسىدە ئۇيغۇرلارنى زوراۋان ئۇنسۇر كۆرسىتىدۇ. ]

**ئەسەبىي ئۇنسۇر:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئەسەبىي ئۇنسۇر ئارقىلىق ئاچچىقى تېز كېلىدىغان، قانداقتۇر بىر خىل ئەسەبىي غەزەپ چىرمىۋالغان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[خىتايلار ئەسەبىي ئۇنسۇر دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى (ئانافور) ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىپ، ئۆزگە بويسۇنمىغان، كوممۇنىست سىياسەتلىرىگە ماسلاشمىغان ۋە مىللىي ۋە دىنىي تۇيغۇلىرى كۈچلۈك ئىنسانلارغا ئىشلىتىدۇ.]

**چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر ئارقىلىق چەتئەلدىكى تۇغقىنى، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن، چەت ئەلدە مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن قايتقان ياكى دائىم چەت ئەل بىلەن ئالاقىدە بولۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[بىر ئىنساننىڭ چەتئەلدە ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرى بولۇشى ياكى ئۆزى چەت ئەلگە چىققان بولۇشى ۋە ياكى شۇ دوست-يارەنلەر ۋە تۇغقانلار بىلەن ئالاقە قىلىشى جىنايەت دەپ قارىلىدىغان ئىش شەرقىي تۈركىستاندىن باشقا يەردە بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ جىنايەت دەپ قارىلىشى ئۈچۈن ھېچقانداق دەلىل-پاكىت يوق، ئەمما چەت ئەل بىلەن ئالاقە قىلغان ياكى چەتئەلگە چىققانلار شەرقى تۈركىتاندا جىنايەتچى ھېساپلىنىدۇ.]

**پانتۈركىست:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق پانتۈركىست ئارقىلىق تۈرك بۇرژۇئازلىرى ۋە پومشچىكلىرى ئارىسىدا، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەرنى تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇش، تۈرك دۆلىتىدە بىرلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدىغان بىر خىل نەزەرىيەنى ھىمايە قىلغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[ئۆزىنىڭ بىر قەۋمدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغۇچىلار ۋە شۇ قەۋمنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى قوغداپ، ھاياتىغا تەتبىقلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ياشىغۇچىلار پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىلا جىنايەتچى (كۆرسەتكۈچ) دەپ ئېلان قىلىنىدىغان بولسا كېرەك. خىتاي يەنىلا بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئۆز مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇرمىلاپ ئىشلەتمەكتە.]

**پانئىسلامىزمچى:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق پانئىسلامچى ئارقىلىق، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېقىن شەرقتە پەيدا بولغان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللەت ئايرىماي ئىتتىپاقلىشىپ، دۆلەتتىن، مىللەتتىن، رايوندىن ھالقىغان، بىرلىككە كەلگەن ئىسلام ئىمپېرىيەسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل دىنىي ۋە سىياسىي پىكىر ئېقىمىنى ھىمايە قىلغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[ئوخشاش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ، مىللەت، ئىرق، رايون ۋە باشقا پەرقلىرىگە قارىماستىن بىر-بىرى بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ياشاشقا، ھەمكارلىشىپ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەك بەرپا قىلىشقا بولغان ئۈتتەك ئىشتىياقى خىتايلار تەرىپىدىن بىر جىنايەت قىلىپ بېكىتىلگەن.]

**ئىككى يۈزلىمچى:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، بۇ، گېپىدە تۇرمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىرخىل، كەينىدە بىرخىل گەپ قىلىدىغانلارنىڭ سۈپىتى.

[ئىككى يۈزلىمچى ئارقىلىق خىتاي، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان مىللىي رەھبەر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن، كوممۇنىستىك پارتىيەگە ياخشىچاق بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ تۇرۇپ، ئاستىرتتىن مىللىي مەنپەئەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، خەلقنى مىللىي قىممەت-قاراشلارنى يېتىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە كومپارتىيەنىڭ مەنپەئەتىگە سادىق بولمىغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. گەرچە ھاياتىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇپ ئۆتكۈزگەن مىللىي رەھبەرلەرمۇ جازالاندى. مانا بۇ ئەسلى خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزلىمچى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.]

بىر مىللىي كادىرنىڭ «ئىككى يۈزلىمچى»لەرگە قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىشقا قەسەمدىكى بايانلار بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ياخشى يورۇتۇپ بېرىدۇ؛

بۇ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىغا يوشۇرۇنۇۋالغان «ئىككى يۈزلىمچى»لەر قارىماققا ماركسىزم لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئاستىرتتىن دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ۋە ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى، ھەتتا زوراۋان- تېررورچىلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنى قوللاپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئوبرازىغا ئېغىر دەرىجىدە داغ تەگكۈزۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىق تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى؛ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا يوشۇرۇنۇۋالغان «ئىككى يۈزلىمچى»لەر كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئالاھىدە سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، دۆلەتنىڭ ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل- يېزىقىنى قەستەن چەتكە قېقىپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى، «پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى ھەدەپ تارقىتىپ، رەزىل نىيىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى چوڭقۇر زەھەرلەپ، خەلق ئوقۇتقۇچىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك سىياسىي مەيدان ۋە سىياسىي ئەخلاقنى يوقاتتى؛ سىياسىي- قانۇن قوشۇنىغا يوشۇرۇنۇۋالغان «ئىككى يۈزلىمچى»لەرنىڭ زىيىنى تېخىمۇ بىۋاسىتە، ئۇلار دۆلەت گېرىبى تاقالغان شەپكىنى كىيىپ تۇرۇپ قانۇن ئىجرا قىلغىنى بىلەن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى كۆزگە ئىلمىدى، ھەتتا دەپسەندە قىلدى، ئۇلار ۋىجدانىنى ساتقۇنلۇق قىلىپ، پۇل ئېلىپ جىنايەتچىلەرنى قاماقتىن چىقىرىۋېلىشقا ئۇرۇندى، ھەتتا زوراۋان- تېررورچىلارنى قەستەن قانات ئاستىغا ئېلىپ، دېلو يېپىپ ئۈچىنى قەستەن يوشۇرۇپ، خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى؛ دىنىي زاتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان «ئىككى يۈزلىمچى»لەر قارىماققا پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، كۆڭلىدە دىنىي قائىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇلار قانۇنلۇق سالاھىيىتى ۋە قانۇنلۇق سورۇندىن پايدىلىنىپ كۆز بوياмچىلىق قىلىپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى تارقىتىپ، زوراۋان- تېررورچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىر ئېقىمدا ئاقتى، بەزىلىرى ھەتتا زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىسى ۋە غوللۇق كاتتىبېشى بولۇپ، بىگۇناھ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنى زەھەرلىدى؛ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان «ئىككى يۈزلىمچى»لەر پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايىنىپ بېيىغان تۇرۇقلۇق، ئاستىرتتىن سودا ئارقىلىق تېررورلۇقنى مەبلەغ

بىلەن تەمىنلەپ، «پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلدى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىشتا «مۇسۇلمانچە» بەلگىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، زوراۋان- تېررورچىلارنى تېخىمۇ كۈشكۈرتۈپ، ئۇلارنى سورۇن، مەبلەغ قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ مالىيە مەنبەسى ۋە قولچومىقىغا ئايلاندى.[10]

**قوشماق تۇغقان:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق قوشماق تۇغقان ئارقىلىق، نەۋرە تۇغقانلار ئىچىدە ياشلىرى تەڭتۇش بولغانلار، يىراق تۇغقان ياكى تۇغقان بولمىسىمۇ ئۆز-ئارا مىجەزلىرى كېلىشكەن سەۋەپلىك تۇققانلاردەك يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[بۇ ئاتالغۇنى خىتاي، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان بولۇپ، خىتايغا كۆرە بۇ، ھەربىر ئائىلە، ياكى ھەربىر ئائىلە ئەزاسىغا بىردىن خىتاي «كادىر»نىڭ ھەممە ئىشتا «ياردەم»لىشىدىغان، شۇ ئائىلىدە قونۇپ تۇرمۇشىغا «يېتەكچىلىك» قىلىدىغان سىياسىتىگە(كۆرسەتكۈچى) بېرىلگەن نامدۇر.]

**ئاپتونومىيە:**

ئانافور نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق ئاپتونومىيە ئارقىلىق، بىر مىللەت ۋە رايون خەلقىنىڭ ئۆزى قاراشلىق دۆلەت، ھۆكۈمەت ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئىشىدا مەلۇم ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشى، ئۆز ئانا تىل يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتى قاتارلىق مىللىي ۋە رايون خاراكتېرلىك ھەرقانداق ئىشتا ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كومپارتىيە-سىنىڭ ئىشغالىدىن بۈگۈنگە قەدەر ھېچقاچان بۇ ئاتالغۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بويىچە سىياسەت ئېلىپ بېرىلمىدى. ئەكسىچە، شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىنىڭ ئۆز تىل يېزىقىنى ھەرقانداق يەردە راھەت ئىشلىتەلمەسلىك، رەھبەرلىك ئورۇندۇقلىرىدا ئۇيغۇر كادىرلار ئولتۇرغان بولسىمۇ ھوقۇق ئۇلارنىڭ قولىدا بولماسلىق، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلالماسلىق، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلالماسلىق، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە كاپالەت قىلالماسلىق، مىللىي كەمسىتىش ۋە ئېزىشكە ئۇچراش، ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالماسلىق، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالماسلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىقتىسادىي قوللاش سىياسىتىدىن باراۋەر بەھرىمان بولالماسلىق، ئۆز تەبىئىي بايلىقلىرىدىن ئۆزى پايدىلىنالماسلىقتەك ئاپتونومىيەنىڭ مەنىسى بىلەن زىت نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. خىتاي بۇ سىياسىي ئاتالغۇنىڭ ئانافورىنى ئۆز خاھىشى بويىچە قالايمىقان قىلىپ ئەمەلىيەتتە تەتبىقلىغاندەك كۆرسەتكەن بىلەن، ئاپتونومىيەنىڭ تىلدىكى كۆرسەتكۈچىنى ئۆز مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرماقتا. مانا بۇ خىتاينىڭ تىل ئويۇنلىرىنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرى. ]

## خۇلاسە

خىتايلارنىڭ دۈشمەن ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئۇلارنىڭ تىلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. خىتايلارنىڭ قەدىمكى زېھنىيىتىدە، تىل دۇنيانى بىلىشنىڭ ئاچقۇچىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەرتىپكە سېلىشنىڭمۇ قورالىدۇر. چۈنكى، تىل ئارقىلىق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە رېئاللىقنى

قايتا قۇرۇپ چىقىدۇ، ئىجتىمائىيلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇقۇملاشتۇرىدۇ. خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ ئۇل سالغۇچىلىرىدىن كوڭزىنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق دۇنيانى ئىدراكلاش، چۈشىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى مەغلۇبىيەتتىن كېلىپ چىقىدۇ. ماھىيەتتىن ئالغاندا، مەغلۇبىيەت نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ مۇۋاپىق خاس ئىسمى بىلەن ئاتىماسلىقتا بىرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، بۇنى ئوڭشاشنىڭ چارىسى، ئىسىملارنىڭ توغرىلىنىشىدۇر. (正名) <ئىسىملارنىڭ توغرىلىنىشى> نوقۇل ھالدا تاشقى دۇنيادىكى نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭلا ئەمەس، بەلكى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىسىم قويغۇچى بىلەن ئىسىملانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭمۇ توغرىلىنىشىدۇر – ئۇنىڭ قايتىدىن قۇراشتۇرۇلۇشى ۋە يېڭى تەرتىپكە كىرگۈزۈلۈشىدۇر. شۇ سەۋەپتىن، ئىسىم قويۇش يېڭى بىر ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ – تىل ئۆزىنىڭ دۇنيانى كۆرسىتىدىغان بەلگە بولۇشتەك ئىجتىمائىي كۈچى ئارقىلىق، ئۇنى ئىشلىتىۋاتقان ئادەمگە ئۇنى قايتا قۇراشتۇرۇپ چىقىشتەك نوپۇزنى ئاتا قىلىدۇ.

دېمەك، كىمكى تىلنى كونترول قىلىدىكەن، شەيئىلەرنى كونترول قىلىدۇ; كىمكى شەيئىلەرنى كونترول قىلىدىكەن، دۇنيانى كونترول قىلىدۇ.[11]

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بېرى بىزگە قىلىۋاتقان زۇلۇملىرى مىللىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە كۆرۈلمەكتە. خىتاي ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تىلىمىزنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. جۈملىدىن، تىل ئويۇنلىرى ئارقىلىق، تىل كۆرسەتكۈچى ۋە ئاناۋور ئۇقۇملىرىنى قالايمىقان قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشى پەقەت بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىر مىسال. بىز بۇ ماقالىدە بۇ تىل ئويۇنلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق. بىزچە، مىللىتىمىز خىتاينىڭ بۇ ئىشغالىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىشغالنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى ئىدراك قىلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئىزدىنىشلەر پەرقلىق ساھەلەردە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە خەلقىمىزگە سۇنۇلىشى لازىم.

## ENDNOTES

1 ئانافور تىل كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تىل- سىرتىدىكى رېئاللىق، يەنى بىز كۆرۈۋاتقان دۇنيانىڭ ئۆزىدۇر. مەسىلەن: گۈل، كىتاب، ئادەم، بوۋاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئانافوردۇر.

2 ھېنرى كىسسىنگىر، دۇنيا تەرتىپى (ئۇيغۇرچە، ئىستانبۇل: تەكلىماكان نەشرىياتى، 2020)، -317بەت

3 قادىر راخمان، 36 تەدبىرنىڭ يېڭى بايانى، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،1999) 69 – بەت

2 ھېنرى كىسسىنگىر، دۇنيا تەرتىپى (ئۇيغۇرچە، مەۋلان تەڭرىقۇت -ت، ئىستانبۇل: تەكلىماكان نەشرىياتى، 2020)، -317 بەت

4 2 سىدىقھاجى روزى، ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تارىخى ۋە سىياسەت ئاساسلىرى، (ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى،2016)، -95بەت

5 دوكتور يەلدا دەمىرئاغ،1755-1949 يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان،ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى، -2020يىلى -11دېكابىر، كۆرۈش 2021-يىلى 23- ئىيۇن،

**160459=p?/ug/org.akademiye.www//:https**

6 https://wenku.baidu.com/view/505a8ef2b5daa58da0116c175f0e7cd185251806.html

7 Prof. Dr. Zeynel KIRAN ve Prof. Dr. Ayşe Eziler KIRAN, *Dilbilime Giriş,* (Ankara, seçkin Yayınları, 2018), 154

8 KIRAN, KIRAN, *Dilbilime Giriş,* 154,155

9 KIRAN, KIRAN, *Dilbilime Giriş,* 156

10 ئەيساجان ئەخەت، تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى زىممەمگە ئېلىپ، «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرگە قارشى ئاداققىچە كۆرەش قىلىشقا قەسەم بېرىمەن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تورى، -2017يىلى -15سىنتەبىر، كۆرۈش -2021يىلى -23 ئىيۇن،

http://uyg.xjbz.gov.cn/?p=262

11 مەمتىمىن ئەلا، ئۇيغۇرلار پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتا، (شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى، 2018) 18

# رافائېل لەمكىن: مەدەنىيەت ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق ئۇقۇمى

بۇ ماقالە دونالد بىلوكھام (Donald Bloxham) ۋە دېرك موزېس (Drik Moses) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، 2010 - يىلى (بىرىنچى نەشرى) ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئوكسفورد ئىرقى قىرغىنچىلىق قوللانمىسى» (The Oxford Handbook of Genocide Studies) ناملىق كىتابنىڭ 1 - بابىدىن تەرجىمە قىلىندى.

**ئا.دېرك موزېس**
ئابدۇرېھىم دۆلەت تەرجىمىسى
سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورانتى
E-mail: abdurehim@gmail.com

## كىرىش سۆز

سۆزنى رافائېل لەمكىندىن باشلاش، ئىرقى قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنى ئۇنۇملۇك چۈشەندۈرۈشنىڭ ياخشى باشلىنىشى بولالايدۇ. ئۇ «ئىرقى قىرغىنچىلىق-Genocide» سۆزىنىڭ ئىجاتچىسى ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق چۈشەنچىسىنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىمۇ ئىرقى قىرغىنچىلىق ئۇقۇمى بىلەن دەۋرداشلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى بولسا بىر قېتىملىق قەھرىمانلىق ئۆرۈشىغا ئوخشاش بولۇپ، 1948- يىلى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىقنى جازالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش نىزامنامىسى» نىڭ يېزىلىشى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن، ھەم شۇنداقلا ئۇنىڭ 1959-يىلىدىكى قەھرىمانلارچە ئۆلۈمىگىچە بولغان قان، تەر بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر ھاياتىنىڭ كارتىنىسىدۇر. ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ غۇۋالىشىشى بولسا ئۇنى ھەم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قايتىدىن قېزىشنىڭ تەقەززاسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى[1]. ھازىر مەخسۇس ئۇنىڭغا قىزىققۇچىلار خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەم ئۇنىڭ نامى بىلەن تەسىس قىلىنغان كىتاب مۇكاپاتى بار. 2005-يىلى پولشا ئۆزىنىڭ يوقىتىپ قويغان بۇ ئوغلانىنى ئەسلەش ئۈچۈن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ يىغىن زالىنى لەمكىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان، ھەمدە ئۇنىڭ ۋارشاۋادىكى تۇرالغۇسىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە تاختايىنى ئېسىپ قويغان[2].

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لەمكىن ھەققىدىكى تەتقىقاتلار يەنىلا باشلانغۇچ ھالەتتە، خەلقئارا قانۇن تارىخىدىمۇ ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىلگىنى يوق. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان يىغىنلارغا دائىم جىنايەت گۇماندارلىرىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ، تارىخ ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار ئاساسى ئېقىم مېدىيالار ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، ئىرقى قىرغىنچىلىقنى تەتقىق قىلىشنى تېخىچە دەسلەپكى سەۋىيەدىن ئاشالمىغان دېيىش مۇمكىن[3]. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولسا لەمكىننىڭ ئېلان قىلىنمىغان بىباھا قول يازمىلىرى نيۇيورك ۋە سىنسىناتىدا باستۇرۇلۇپ قويۇلغان ھەمدە تېخىچە ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلمىگەن[4]. مەسىلىنىڭ يەنە بىرتەرىپى بولسا، 1980-1990- يىللاردا ئۆزىنى ئىرقى قىرغىنچىلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى دەپ ئاتىۋالغان بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلار لەمكىننى يۈزەكى ھالدا تىلغا ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقى ئىدىيەسى يېتەرلىك يورۇتۇلمىغان بىر قاتار ماقالىلەرنى يازغان. ئۆزىنى ھازىرقى زاماندىكى ئىرقى قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ پائالىيەتچىلىرى چاغلىۋالغانلار بولسا، ئىدىيەگە تارىخى نۇقتىئىنەزەردىن كىرىشتىن كۆرە، نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىشقا بەكرەك قىزىققان[5].

كۆرۈش مۇمكىنكى، لەمكىننىڭ ئىدىيەسى مەيلى ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ياكى ئۇنى تەنقىد قىلغۇچىلار تەرىپىدىن بولسۇن، دائىم تولۇق چۈشىنىلمىگەن. بەزى خولوكوس (Holocaust) مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، لەمكىننىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىق چۈشەنچىسى تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، لەمكىن خولوكوستنى باشقا جىنايەتلەر بىلەن بىر يەرگە قويۇش ئۇنى كىچىكلەشتۈرۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىرقى قىرغىنچىلىق خاتا كاتېگورىيەلەشتۈرۈلۈپ قالىدۇ دەپ قارىغان. باشقىلار زىددىيەتلىك ھالدا، لەمكىننىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت بۇ يېڭى سۆزى خولوكوستنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇ چوقۇم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارنى يوقىتىشىنىلا كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ خاتا ئويلىۋالغان[6]. يۇقىرىقى قايسى قاراش بولسۇن، ئىرقى قىرغىنچىلىق دىگەن بۇ سۆزنى لەمكىن ئىجاد قىلغان ھەم چۈشەندۈرۈشتە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارغا ئۇچرىغان تۇرۇقلۇق، لەمكىننى يەنە ئىرقى قىرغىنچىلىقنى توغرا چۈشىنەلمىگەن دەپ قارىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇتلەق كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلار لەمكىن ئىرقى قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا قەتلىئام (mass murder) ئۇقۇمىنى ئىشلەتكەن بولسىكەن دەپ ئويلىغان. نەتىجىدە، ھەتتا ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىمۇ كېسىۋېتىلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەنىسىنى قەتلىئام ۋە ياكى خولوكوستقا ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ ساھەدە يېڭىدىن پارلاۋاتقان بىر زات لەمكىننىڭ ئۆز قەلىمىدىكى ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ ماھىيىتى «گۇرۇپپىلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ» نى، «گۇرۇپپىلارنى پۈتۈنلەي ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت» دەپ ئۆزگەرتىپ نەقىل ئالغان[7]. بۇ خىلدىكى ئۇقۇملارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى ئىرقى قىرغىنچىلىقنى چۈشەندۈرۈشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەن، چۈنكى يۇقىرىقى ئۆرنەك ئېلىنغان بەتتە لەمكىن ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئىرقى قىرغىنچىلىقتا پۈتۈنلەي يوقىتىشنىڭ يۈز بېرىشى شەرت ئەمەس دەپ يازغان:

ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ ئىككى باسقۇچى بار: بىرى، ئېزىلىۋاتقان گۇرۇپپىنىڭ مىللىي ئەندىزىسىنى (national pattern) ۋەيران قىلىۋېتىش؛ يەنە بىرى، ئېزىۋاتقان گۇرۇپپىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئەندىزىسىنى (national pattern) ئېزىلىۋاتقان گۇرۇپپىغا زورلاپ تېڭىشى. بۇ خىلدىكى زورلاپ تېڭىش، بەلكىم ئېزىلىۋاتقان خەلقتىن ساقلىنىپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان نوپۇس ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىشىمۇ، ۋە ياكى خەلقى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈۋېتىلگەن، تۇپرىقى مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە ئەزگۈچى گۇرۇپپىنىڭ خەلقى ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان جۇغراپىيەلىك بىر تېررىتورىيە ئۈستىدە ئېلىپ

بېرىلىشىمۇ مۇمكىن.[8] .

شۇ سەۋەپتىن، لەمكىن «يوقىتىش» (extermination) سۆزىنىڭ ئورنىغا «ۋەيران قىلىۋېتىش» (destruction) نى ئىشلىتىشنى بەكرەك توغرا تاپقان، ئۇ بىر گۇرۇپپىنى «مېيىپ» (crippling) قىلىۋېتىشنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن. 1946-يىلى ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگىنىمىز «بىر گۇرۇپپىنى مەڭگۈلۈك ۋەيران قىلىۋېتىش ياكى مېيىپ قىلىۋېتىشتەك جىنايى غەرەزدۇر» دەپ يازغان.

لەمكىننىڭ ئەسلى ئىدىيەسىنى يۇقىرىقىدەك ئىزچىل ھالدا خاتا ئۆرنەك قىلىش ۋە خاتا ئېنىقلىما بېرىشتىن خۇلاسىلىگەن ساۋاقلاردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەتقىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. يۇقىرىقى سەۋەپتىن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولسا ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارالىق ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇن سىستېمىسىدا بىر غەلىتە ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق چۈشەنچىسى سىياسىي تالاش-تارتىشتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۇرۇپپا ھوقۇقلىرىدىن بەكرەك، شەخسلەرنى ئاساس قىلغان كىشىلىك ھوقۇقنى تەرغىپ قىلىدىغان دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ (The League of Nations) ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش بەلگىلىمىلىرىگە مەركەزلىشىپ قالدى[10]. كېيىنكى بۆلەكلەردە ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولسا «گۇرۇپپىزىم» (groupism) نىڭ ئىجتىمائىي ئونتولوگىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يەككە شەخسنى ئەمەس، بەلكى گۇرۇپپىلارنى ۋەيران قىلىۋېتىش توغرىسىدىكى ئۇقۇمدۇر. گەرچە بىزدە بار بولغان ئۆز ئارا رىقابەتلىك ئىنسانپەرۋەرچىلىك (humanitarianism) تىللىرى ئادەتتە بىر-بىرىگە باغلانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دائىم مۈشكۈل. گۇرۇپپا ھوقۇقىنىڭ تىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز لەمكىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدىكى تەپەككۇرىنى ھەر خىل تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە قويۇپ قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

## ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىككى ئاساسى مەنبەسى

ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، پولشالىق يەھۇدى قانۇنشۇناس رافائىل لەمكىن (1900-1959) 1943-يىلى يازغان ناتسىستلار جاھانگىرلىكى ھەققىدىكى «ئىشغالىيەت ئاستىدىكى ياۋروپا رايونىدىكى ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ھاكىمىيىتى» (Axis Rule in Occupied Europe) ناملىق كىتابىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن سۆزنى ئىجاد قىلغان[11]. ئەمما، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى خېلىلا بۇرۇنغا بېرىپ تاقىلىدۇ. مېنىڭچە، ئىككى ئامىل بۇ ئۇقۇمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن. بىرى، لەمكىن ئۆسۈپ يېتىلگەن شەرقىي ياۋروپادا كەڭ تارقالغان «گۇرۇپپىزىم» نىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى. ئىككىنچى، دۆلەتلەرنىڭ بويسۇندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە پۇقرالارنى نىشان قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى تەنقىد قىلىدىغان غەربنىڭ خەلقئارا قانۇن ئەنئەنىسى.

### «گۇرۇپپىزىم» (groupism)

لەمكىن جەمئىيەتشۇناس روگېرس برۇباكېر (Rogers Brubaker)نىڭ «گۇرۇپپىزىم» ئاتالغۇسىنىڭ تەشەببۇسچىسىدۇر. گۇرۇپپىزىم بولسا «ئېتنىك توپ، ئۇلۇس ۋە ئىرقلارنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان گەۋدىلەر دەپ قاراش خاھىشىدۇر، يەنە گۇرۇپپىچىزىمنى ئىچكى جەھەتتە بىردەكلەشكەن، سىرتقا نىسبەتەن چېگرىسى ئېنىق، ھەتتا ئورتاق مەقسەتتى ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن بىر قانچە گۇرۇپپىلارنىڭ يىغىندىسى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ[12]. بەزىلەر لەمكىن ئۆز ئانالىزلىرىدا گۇرۇپپىلارنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىزچىل ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قاراشلىرىنى

تېخىچە «ئېپىدائىي» سەۋىيەدە دەپ قارىشى مۇمكىن[13]. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى لەمكىننىڭ ھەرقانداق ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ئىدىيەسىنى «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئورگانىك تەسۋىر» ياكى نېگىزلىك قايمۇقۇش دەيدىغان ئامېرىكىلىق لىبېرالىزمچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويىدى[14]. ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە كۆزەتكىنىمىزدە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ باشتىن ئاخىرى بىردەك بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

لەمكىننىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟ لەمكىننىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئاڭلىغان رىم ئىمپېراتورى نېروننىڭ پۈتۈن خرىستىئانلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان ھېكايىسىنىڭ، بىر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تۈپىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ بايانى ئىكەنلىكىدىن چۆچۈگەن. ئۇ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مىللەتلەرنىڭ - فىرانسىيەنىڭ خۇگېنوتلىرى، ياپونىيەدىكى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى، ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار دۇچار بولغان ئېغىر زۇلۇم، مۇشەققەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئېتنىك ۋەيرانچىلىقنىڭ دۇنياۋى ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەسىلە ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىققان. يەھۇدىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئوبدان بىلەتتى. 1906-يىلى ئۇنىڭ يۇرتى بىيالىستوك ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى يەھۇدىيلار قەتلىئام (pogrom)غا دۇچار بولغان ئىدى.

لەمكىن نېمىشقا شەخسىي ياكى كىشىلىك ھوقۇققا زىت ھالدا گۇرۇپپا ھوقۇقىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؟ ئۇ شەرقىي ياۋروپادەك كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىسى ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە ئالاھىدە ئىدى. ئۇ 19-ئەسىردىكى پولشالىق رومانتىك مىللەتچىلەرگە ئوخشاش، خېردېر (Herder) نىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان ۋە ماززىنى (Mazzini) نىڭ ھەر بىر مىللەتنىڭ «مىللەتلەر سىمفونىيىسى» دىكى ئۆزگىچە رولىغا ئىشىنىدىغان كۆپ مىللەت ئىناقلىقىنى ئورتاق ھالدا قوللىدى:[15]

«خەلقئارالىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جەمئىيىتى» (Genocide Convention) نىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى بولسا ئىنسانلار ئالىمىنىڭ فورمىلاسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئالەم ئۇلۇس (nation)، ئىرق، دىن ۋە مىللەتتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي گۇرۇپپىدىن تەركىب تاپقان. بۇ تۆت گۇرۇپپا ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت تەرىپىدىن قوغدىلىپ قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىنىڭ خوراپ كېتىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ.[16]

بىر گۇرۇپپىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەسلى ئاساسى بولسا بىر مىللەت ياكى مىللەت بولۇشنىڭ ئىچ قىممەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان كوللېكتىپچىلىق ئېڭىدۇر. بۇ باشقا سىياسىي پارتىيە ياكى توپلارغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى مىللىي توپلار مەدەنىيەت بەرپا قىلىدۇ، شەخس ھاياتىنى مەنە بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتلىشىشىدىكى تۈپ بىرلىكنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئېنىقكى، لەمكىننىڭ يەھۇدىي دىنىنى ئېتىقادىدا تەربىيىلىنىشى ئۇنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئەمما زادى قايسى دەرىجىدە؟ كۆپ ئۇچرايدىغان يىددىش جۈمىلىلىرى ئۇنىڭ جەمئىيەت چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۇردىمۇ؟ لەمكىننىڭ «ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ئەسلىمىسى ئۆچۈرۈلسۇن» دېگەندەك دۈشمەن توغرىسىدىكى دېيىلىدىغان تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشى ئىنجىلدىكى «مەن ئەمالىقەلەرنى(Amalek) ئەسلەشنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىمەن» (مىسىردىن چىقىش 17: 14؛ تەۋرات 25: 19 كە قاراڭ) دىن ئۆرنەك ئالغىنىمۇ؟ ئەمالىقىلەر بولسا قەدىمكى يەھۇدىيلارنىڭ تۇغما دۈشمىنى. يەھۇدىيلارنىڭ پاسخا بايرىمى ۋە پۇرىم بايرىمى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قۇللۇق ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارس پادىشاھى ھامان يەنى ئەمالىقنىڭ ئەزباسارى ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ. بىز بۇ ھېكايىلەرنىڭ لەمكىنغا قانداق تەسىر قىلغانلىقى

ھەققىدە پەقەت پەرەزلا يۈرگۈزەلەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىشتە بۇ ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ئېنىق. مىڭ يىللار مابەينىدە يەھۇدىيلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئەنئەنىسىنىڭ ئاساسى، گۈللەنگەن مەدەنىيەتلىرى يەھۇدىيلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشىغان سابىق پولشا-لىتۋا ئورتاق گەۋدىسى زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن، ئوخشاشلا، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىملىرى يەنە شۇ زېمىندا پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن - بۇلار لەمكىننىڭ دۇنيا قارىشىنى تىكلەشكە ئاساس بولغان مەدەنىيەت مۇھىتى ھېسابلىنىدۇ.

قىزىقارلىق يېرى، لەمكىن ئەزەلدىن زىئونىست بولغان ئەمەس. ئۇ باندىستلارنىڭ(Bundist) مەدەنىيەت ئاپتونومىيە چۈشەنچىسىگە قىزىقىپ قالغان، چۈنكى پولشادا ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان باندىستلارغا ئوخشاش، ئۇ بەزى يەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان يەككە مەدەنىيەت دۆلەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغدايدىغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرگە ئىشەنگەن. ئەگەر ئۇ خېردېرنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى توغرىسىدىكى رومانتىك چۈشەنچىسىگە قىزىققان بولسا، ئۇ يەنە پۈتۈن مىللەتچىلىكتىن integral nationalism)) ئېھتىيات قىلغان بولاتتى. لەمكىن بەلكىم يەھۇدىي بولمىغان ئاۋستىرىيەلىك-ماركسىزمچى كارل رېننېرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، لەمكىن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆزىگە ئىلھام بولغانلىقىدىن كارل رېننېرغا تەسىرلىك مەدھىيە خېتى يازغان. باندىسىزىم رېننېرنىڭ پىكىرلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى بولغان ئىدى.[17]

لەمكىن دۇنيانىڭ بىر ئائىلە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر ۋەتەنپەرۋەر پولشالىق ئىكەنلىكى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يەھۇدىي مىراسلىرىدىن ياكى مەدەنىيەت يىلتىزىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيتتى. ئۇنىڭ يەھۇدىي كىملىكى ھەرگىزمۇ دائىم نۆلگە تەڭ بولىدىغان قوشۇش ئويۇنىغا ئوخشاش شەكىللەنگەن ئەمەس. ئۇ كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈلگەن پولشا خىرىستىئانلىرى، رىملىقلار ۋە باشقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى، ناتسىستلار تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ يادرولۇق ئىدىيەسى «مەنىۋى مىللەتداشلىق»(spiritual nationality) ئۇقۇمىغا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەھۇدىي دىنى مەنبەلىرى ۋە خېردېرنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ بەلكىم رۇسىيەلىك يەھۇدىي تارىخچىسى سىمون دۇبنوۋنىڭ «ئاپتونومىيە»(Autonomism) ئىدىيەسى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، دۇبنوۋ مۇنداق يازىدۇ: «مەنىۋى ياكى تارىخىي مەدەنىيەت دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سىياسىي غەلىبىگە ئېرىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان، زېمىنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋېلىنغان ياكى باشقا دۆلەتلەر مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋالغان يەھۇدى دۆلىتى پەقەت بىرلا ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك: مىللىي خاسلىقىنى قوغداش ۋە دىئاسپورادا ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش»[18] لەمكىن پولشادىن ئۇچقان ئايروپىلان سەپىرىدە بۇ ئۇلۇغ تارىخچى بىلەن كۆرۈشكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ لەمكىندەك ناتسىستلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان ئىدى.

لەمكىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىدا مەدەنىيەت نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم ئىدى؟ ئۇرۇشتىن كېيىن، لەمكىن سىر جامېس فرازېر ۋە برونېسلاۋ مالىنوۋسكىنىڭ ئىنسانشۇناسلىق ئىدىيەلىرىنى خۇلاسىلىگەن ئاساستا ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مالىنوۋسكىنىڭ ئىدىيىسىگە ئالاھىدە يېقىن ئىدى. مالىنوۋسكى لەمكىننىڭ خىزمەتدىشى بولۇپ، ئۇنىڭ فۇنكسىيەچىلىك ئىنسانشۇناسلىق نەزەرىيەسى(functionalist anthropology) ئەنگلىيەدە ئالاھىدە ئىنقىلاۋى تەسىرگە كۈچكە ئىگە ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئېرنىست گېلنېرنىڭ «مىللەتچىلىككە خىزمەت قىلىش» تا كەشىپ قىلغان «شەرقىي ياۋروپادىكى پوپۇلىست ئېتنوگرافىيىسى(populist ethnography)» نى

قايتىدىن ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلغان ئىدى.[19] مالىنوۋسكىنىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيىسى لەمكىننىڭ شەرقىي ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي تۇيغۇلىرىنى زامانىۋى ئىجتىمائىي پەن تىلىدا ئوتتۇرىغا قويۇشىغا تۈرتكە بولغان.

ئۇ فرازېر ۋە مالىنوۋسكىغا ئوخشاش مەدەنىيەت بولسا ھاياتلىقنىڭ مەدەنىيەتتىن بۇرۇنقى بىئولوگىيەلىك ئېھتىياجىدىن كەلگەن دېگەن تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇنى «كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئېھتىياج» ياكى « مەدەنىيەت زۆرۈرىيىتى» دەپ ئاتىغان، ئەمما ئۇ ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى (يەنى «تۈپ ئېھتىياج») غا ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە. مەدەنىيەت جەمئىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپلا قالماي شەخسنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ كۆپ خىل ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئورگان، پائالىيەت ۋە ئېتىقاد قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق ھالدا تەشكىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت جەمئىيەتنىڭ ئىچكى تەكشۈرۈلۈق ۋە مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. لەمكىن مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ يەردە دېيىلگەن ئېھتىياجلار» ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن خۇددى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجلارغا ئوخشاشلا زۆرۈردۇر».ئۇ بۇ نۇقتىنى مۇنداق شەرھلىگەن ئىدى:

بۇ ئېھتىياجلار ئىجتىمائىي قائىدە-يوسۇنلاردا، ياكى ئىنسانشۇناسلىق ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، مىللىي مەدەنىيەت روھىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەگەر بىر توپنىڭ مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىنسا، بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۆزى پارچىلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى باشقا مەدەنىيەتلەرگە سىڭىپ كېتىدۇ، بۇ بىر ئېچىنىشلىق ۋە ئازابلىق جەريان بولۇپ، شەخسنى چۈۋۈۋېتىدۇ، ھەتتاكى جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ھالاك قىلىۋېتىشى مۇمكىن.[20]

نەتىجىدە، لەمكىن «مەدەنىيەت سىمۋوللىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ خۇلاسە چىقارغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى يوقىتىش «ئورتاق مەدەنىيەت سەۋەبىدىن مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سالىدۇ». مانا بۇ ساپ مالىنوۋسكىچە ئىدىيە ئىدى.[21]

مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى ئۆزگە مۆجەسسەملىگەن بولغاچقا، لەمكىن دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر شەرتنامىسىنىڭ قوللىغۇچىسى ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايتتى. تۆۋەندە كۆرگىنىمىزدەك، لەمكىن مەدەنىيەت مەسىلىسىنى مۇستەملىكچىلىك ۋە جاھانگىرلىك بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار دەپ مەركەزلىك نۇقتا قىلغان ئىدى.

## بويسۇندۇرۇش، بېسىۋېلىش ۋە مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىش

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمى بولسا ياۋروپانىڭ قانۇن ۋە سىياسىي نۇقتىدىن جاھانگىرلىك ۋە پۇقرالارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ھەققىدىكى ئۇزۇندىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى تەنقىدىنىڭ خۇلاسىسى ئىدى. لەمكىن دۇنيا ئىرقىي قىرغىنچىلىق تارىخى ئۈچۈن يازغان مىساللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمپېرىيە مۇھىتىدا يۈز بەرگەنلىكىنى ياكى پۇقرالارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن تەتقىقاتى قۇرۇقلۇقتىكى چوڭ ئىمپېرىيەلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان، يەنى: رىم ئىمپېرىيىسى، موڭغۇللار، ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى، چارلېماگنى ۋە گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ شەرققە كېڭىيىشى قاتارلىقلار[22]. تۆۋەندە ئۇنىڭ 1948-يىلى خرىستىئان ئىلىم-پەن كۆزەتكۈچىسى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىكى بايانغا قاراپ باقايلى:

كارتاجا، ئالبىگېنسىس ۋە ۋالدېنسىسنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرى، تيۇتونىك چەۋەندازلىرىنىڭ يۈرۈشلىرى، ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى خرىستىيانلارنىڭ

يوقىتىلىشى، ئافرىقىدىكى ھېرېرو قىرغىنچىلىقى، ئەرمەنلەرنىڭ قىرغىن قىلىنىشى، 1933-يىلى ئىراقتىكى خىرىستىيان ئاسسۇرىيانلىرى، مارونلارنىڭ يوقىتىلىشى، چار روسىيە ۋە رۇمىنىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ پاجىئەسى - بۇلارنىڭ ھەممىسى كىلاسسىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېيىلىدۇ.[23]

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەزەلدىن بويسۇندۇرۇلغان ۋە بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىچىدە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، لەمكىن تەبىئىيلا بۇ سوئالغا قانۇن نۇقتىسىدىن بەكرەك قىزىققان.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۇزۇن شەجەرىسى بار بولۇپ، تارىخشۇناس ئاندرېۋ فىتزماۋرىسنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ياۋروپا ئىلاھىيەتشۇناسلىرى، پەيلاسوپلىرى ۋە ئادۋوكاتلىرى 16-ئەسىردە ئىسپانىيەنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى بويسۇندۇرغىنىدىن بۇيانقى چەتئەل ئىشغالىيىتى ئەخلاقى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشكەن. بولۇپمۇ ئىسپانىيەلىك زىيالىيلاردىن بارتولوموۋ لاس كاساس ۋە فىرانسىسكو دې ۋىتورىيا - يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئاساس قىلغان قانۇننى ئوتتۇرىغا قويغان. خۇگو، گروتىئوس، سامۇۋېل، پۇفېندورف، ئەمرىك دى ۋاتتېل، ھەمدە كىرىستىيان ۋولف قاتارلىقلار بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان. 19-ۋە 20-ئەسىرلەردىكى ئىنسانشۇناسلارمۇ مۇستەملىكىچىلەر ۋە كېڭەيمىچىلەرنىڭ «يەرلىك خەلق» قە قىلغان ناچار قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن.24

20-ئەسىردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدىغان قانۇنشۇناسلاردىن چارلىز سولومون ۋە گاستون جېيېزلار ۋىتورىيەنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لەمكىنمۇ ھەم شۇنداق قىلغان، بەلكىم 1920-يىللاردا ئۇ جېيېزنى تونۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما لاس كاساس ئۇنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمانى ئىدى: ئۇنىڭ ئىسمى ئەسىرلەر بويى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا تونۇلغان ئەڭ قايىل قىلارلىق ۋە جاسارەتلىك ئەھلى سەلىبلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن. لەمكىن «دۇنيا ئىرقى قىرغىنچىلىق تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىسپانىيە مۇستەملىكىسىدە قىرغىنچىلىق دېگەن بابىدا لاس كاساسنىڭ قاراشلىرىنى ئالاھىدە ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن. ئۇ ناتسىستلار ئىمپېرىيەسى ھەققىدىكى «ئىشغالىيەت ئاستىدىكى ياۋروپا رايونىدىكى ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ھاكىمىيىتى» دېگەن كىتابىنىڭ ئىسمىنى دەل ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن قويغان. قىرغىنچىلىق لەمكىنگە نىسبەتەن، چەتئەلنى بويسۇندۇرۇش، ئىشغال قىلىش ۋە دائىم ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئالاھىدە شەكلى ئىدى. بۇ قىرغىنچلىق ئىمپېرىيالىستىك ۋە مۇستەملىكىچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق نوپۇس تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشغالچىغا پايدىلىق يۆنىلىشكە ماس بۇزۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. لەمكىن ناتسىستلار ھەققىدە«گەرچە ئۇرۇشنىڭ ئۆزى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان يېڭى ئىشغالىيەت تېخنىكىسى» دەپ يازغان.[26] ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنىڭ يىلتىزى تەبىئەت قانۇنىنى ئاساس قىلغان بەش يۈز يىللىق جاھانگىرلىكنى تەنقىت قىلىش ئەنئەنىسىدە ئەمەس، بەلكى پەقەت لەمكىنىنىڭ ئەرمەنلەر قىرغىنچىلىقى ياكى يەھۇدى خولوكوستىغا قارشى ئىنكاسىدىدۇر دەيدىغان شۈبھىلەرنى، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇچۇق رەت قىلىدۇ:

ئىرقىي قىرغىنچىلىق تارىخى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئويغىنىشىنىڭ نۇرغۇن مىساللىرىنى ئۆز ئىچىگە بولۇپ، بۇلار تەدرىجى ھالدا خەلقئارا قانۇن فورمۇلالىرىغا ئايلىنىش بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دۇنيا ۋىجدانىنىڭ ئويغىنىشى دۇنيا جامائىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشكە دۇچكەلگەن مەلۇم ئىنسانلار گۇرۇپپىسىنى قوغداشتا بىرلىشەلىگەن ۋاقىتلىرىغا تۇتىشىدۇ. بارتولومې لاس كاساس، ۋىتورىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق

بولسا خەلقئارالىق جىنايەتتۇر دەپ ئېلان قىلىنىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولغان بىر قاتار ئامىللار دەپ قارىلىدۇ.[27]

لەمكىن لاس كاساسقا ئوخشاش مۇستەملىكىچىلىك ياكى ئىمپېرىيىگە قارشى تۇرمىدى. ئۇ 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ج.ئا.خوبسونغا ئوخشاش دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا ھوقۇق بېرىش سىستېمىسىنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولغان لىبېراللارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىدى. ئىمپېرىيە «مەدەنىيەت» نىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلسا بەلكىم ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىغا ئېرىشىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىمپېرىيە گەرچە بەزىدە رەھىمسىز بولسىمۇ، لەمكىننىڭ قارىشىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇشىنىڭ مەركىزى مەدەنىيەت قورالى بولغان خەلقئارا قانۇننىڭ تارقىلىشىغىمۇ سەۋەب بولىدۇ.

مالىنوۋسكىنىڭ قاراشلىرى بۇ يەردىمۇ پايدىلىنىشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئۇ لىبېرال ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلايدىغان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ قارىشىچە ئىنسانىيلىق بىلەن ئىدارە قىلىنىغان ئىمپېرىيەلەر «سىڭىشىش» ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۆھپە قوشتى. سىڭىشىش مەدەنىيەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇشقا باراۋەر بولۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش نەزەرىيىسىگە بىرىكىپ كەتكەن. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئىچىگە ئالىدۇ:

مەدەنىيەتنىڭ يېڭى مۇھىتقا ئۇزلۇكسىز ۋە قەدەممۇ - قەدەم ماسلىشىشى نەتىجىسىدە بەزى تەدرىجىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. يېڭىچە ئەھۋاللار ماددى ئۆزگىرىش، مەدەنىيەت ئىچىدىكى ئىجادىي كۈچ ۋە تاشقى تەسىرلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئامىللار بولمىسا مەدەنىيەت ئىلگىرىلىمەي تۇراقلىق ھالەتتە قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر بۇلار بولسا، ھالبۇكى پۈتكۈل مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ ماسلىشىشىغا ئۇيغۇنلىشالمىسا، ئوخشاشلا مەدەنىيەتتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەدەنىيەت كۈچلۈك تاشقى تەسىرگە ئۇچرىغاندا پۈتۈنلەي پارچىلىنىشى مۇمكىن. مەدەنىيەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ياكى زاۋال تېپىشىنى يۇقىرىقى بايانلار ئاساسىدا چۈشىنىشكە بولىدۇ.[28]

لەمكىن مالىنوۋسكىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى تاشقى تەسىر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى ئاجىز جەمئىيەتلەر تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم، سىستېمىلارنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇلار ئاجىز جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرىدۇ. مالىنوۋسكى[29] بىر ئىمپېرىيەنى بولسا «ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق» (indirect rule)ئارقىلىق سىڭىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھۆكۈمەت دەپ قارىغان، چۈنكى بۇ يەرلىكلەرنىڭ ياۋروپانىڭ تۈزۈم-قائىدىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئاكتىپ قوبۇل قىلىشىغا شارائىت ھازىرلىغان.[30] سىڭىشىش (diffusion) بولسا ياۋروپانىڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلايدىغان مەدەنىيەتلەر ئارا ئۆگىنىش جەريانى نەزەرىيىسى بولۇپ قالغان.

لەمكىن بۇ قارىشى بىلەن يېڭى ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا تېررىتورىيەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىغا بولغان قارشىلىقىنى قانداق بىردەكلەشتۈردى؟ لەمكىن مۇنداق يازىدۇ: «سىڭىشىش بولسا ئاستا-ئاستا ۋە ئۆزلۈكىدىن يۈز بېرىدۇ، ئەمما ئۇ ئاخىرىدا ئاجىز مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.»[31] مەسىلە بولسا مەجبۇرلاشتا دەپ قارىغان. ئۇ يەنە «ئاجىز» مەدەنىيەتلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېمىگەن، ئەمما ئۇ يەنىلا ھەر قانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشىنى پاجىئە دەپ قارىغان:

ئېنىقكى، تارىختىن بۇيان بىز مىللەتلەر ۋە ئىرقلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىگە شاھىت بولدۇق. بىز كەلگۈسىدە بۇ خىل ھادىسىلەرنى ھەم ئۇچرىتىمىز، ئەمما مىللەتلەر ياكى ئىرقلارنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يوقىلىپ كېتىشى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر ئەھۋالدۇر، ئۇلارنىڭ «دۇنيا تارىخى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشقىنلىقىدا» ھەرخىل كۈتۈلمىگەن

ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ۋە ياكى ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرى ۋە نۇقسانلىرى سەۋەبىدىن يوقىلىپ كېتىشىمۇ باشقا ئەھۋال، ئەمما ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولسا جىنايەتتۇر.[32]

لەمكىن 1904-يىلدىن 1907-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گېرمانىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا ۋە شەرقىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئاخىرلاشقان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن بەكلا بىئارام بولغان. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يوقىتىلىشى بولسا سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان.[33] ئۇ مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئوخشاش دەيدىغان قاراشقا قوشۇلمىغان، بۇ سەۋەپلىك، ئۇ نۇرېمبېرگ تەپتىش ئورگانلىرىنى قەتلىئام (mass murder) بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويماسلىققا چاقىرغان:

جاۋابكارلارنىڭ پۈتكۈل مىللەتنى، ئىرق ۋە دىنىي گۇرۇھلارنى يوقىتىش، مېيىپ قىلىش ياكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بۇ دەلىل-ئىسپاتلارغا قارىغاندا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن سۆز توغرا ئىشلىتىلگەن. ھازىرغا قەدەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسەن قەتلىئام ياكى كەڭ كۆلەملىك يوقىتىش (mass extermination) ئاتالغۇلىرى يېتەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار جىنايەتنىڭ ئىرقىي ۋە مىللىي مۇددىئاسى بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. كەڭ كۆلەملىك ئۆلتۈرۈش ياكى يوقىتىش مىللەت ئىچىدىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى زىيانلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ.

لەمكىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنى تولۇق بولمىغان ياكى خاتا دەپ تەنقىد قىلىدىغانلار قەتلىئامنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەركىزى يادروسى بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان بولۇپ، ئۇلار لەمكىننىڭ يادرولۇق كۆز قارىشىنى تولۇق چۈشەنمىگەن. ئەلۋەتتە، لەمكىننىڭ نەزەرىيەسىنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەرنى قارىغۇلارچە يوققا چىقىرىشقىمۇ بولمايدۇ. لەمكىننىڭ دەسلەپكى قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ماسلىشىشىنى چۈشىنىشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۇقۇملىرى يا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيەگە مەركەزلىشىپ قالغاندەك تەسىر بېرىدۇ.[36] بۇ قاراشقا ئاساسەن، ئۇ ياۋروپا بىلەن يەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېغىر دەرىجىدە سىممېترىك ئەمەس دەپ قارىغاچقا، ياۋروپانىڭ يەرلىكلەرنى مۇستەملىكە قىلىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەرلىك ئورگان ۋە سىستېمىلارنىڭ ئوينىغان رولىنى تۆۋەن چاغلاپ قالغان. مەسىلەن: غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىدا، ئۇ گېرمانىيە ۋالىسىنىڭ دەسلەپتە يەرلىك ئاقساقاللارغا تايىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل تايىنىش بەلكىم نورمال ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى يەرلىك سەرخىللار بىلەن ھەمكارلىشىش ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چىقىمىنى تۆۋەنلەتكەن ھەمدە قولايلاشتۇرغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىمپېرىيە خوجايىنلىرى يەرلىك مەدەنىيەتنى ياۋروپالاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن كۆرە، ئۇلارنىڭ سەرخىللىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. ئۇلار مۇشۇنداق ۋاستىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي ئاكتورلارنى قۇربان قىلىۋەتكەن ۋە دائىم ئېتنىك پەرقلەرنى كۆپتۈرۈش ئارقىلىق توپلار ئارىسىدا پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىپ يەرلىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرغان.[37]

لەمكىننىڭ ھايات قېلىش ۋە ماسلىشىش مەسىلىسىنى كۆرمەسلىكى، ئۇنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئالاھىدە تونۇشىدىن كەلگەن. گەرچە ئۆزى شەرقىي ياۋروپا دېھقانلار مەدەنىيىتىنى يېقىندىن تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، (مالىنوۋسكىمۇ يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا «دالا تەتقىقات» چىقىشقا ئايلانغان)، ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنى ئۈستۈن (مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن-تەھرىردىن) مەدەنىيەت بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە

قانداق قارايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى:

بىز يەھۇدىيلارغا ئوخشاش گېرمانىيە تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىشقا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئىنجىلنى خاتىرىلىگەنلىكى ۋە ياكى ئېينىشتېيىن ۋە سىپىنوزالاردەك كىشىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدا، مەدەنىيىتىمىزنىڭ نەقەدەر نامراتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ چاغدا ئاندىن بىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. شۇنىڭدەك ئەگەر پولشالىقلاردىن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن كوپېرنىك، چوپىن ، كىيوري خانىم قاتارلىقلار، گرېتسىيەلىكلەردىن ئەپلاتون ۋە سوقرات، ئىنگلىز-لاردىن شېكىسپىر، رۇسلاردىن تولستوي ۋە شوستاكوۋىچ، ئامېرىكىلىقلاردىن ئېمېرسون ۋە جېففېرسون، فرانسىيەلىكلەر رېنان ۋە رودىنلار چىقمىغان بولسا دۇنيا قانداق بولۇپ كەتكەن بولاتتى؟[38]

بۇ باياندا مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنىڭ بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت سەرخىللىرىغا باغلىق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. كۈتۈپخانىلار، ئىبادەتخانىلار ۋە مەدەنىيەت تارقىتىدىغان باشقا سەرخىل ئورگانلارنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنىڭ ئۆزى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر، ھەتتا كىشىلەر توپى ھايات قالغان ۋە بىر قىسىم ئەبجەش ئاممىباپ (popular) مەدەنىيەت داۋاملاشتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. لەمكىن 20-ئەسىردە مېكسىكىدا ياشىغان مايالارنىڭ ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ قولىدا ئۇچرىغان ۋەيرانچىلىقىدىن نەچچە ئەسىر كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

شۇنىڭدىن كېيىن مېكسىكىنىڭ بىر قەدەر ئىلغار باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىندىئانلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى يەنىلا جاپالىق، ھەمدە مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بىر مىليون ئىندىئان بۈگۈنمۇ مايا تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ. ئۇلار ھازىرمۇ ئەجداتلىرىدەك تىرىقچىلىق قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەدەنىيەت ئادەتلىرى، ئاجايىپ ماھارەتلىرى ۋە ئۆزگىچە خاس بىلىملىرىنى خېلى بۇرۇنلا يوقىتىپ قويغان ئىدى.[39]

ياۋروپالىقلار ئىندىئانلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى باشقىلارنىڭكىگە ماسلاشتۇرغانلىقى، ۋە باشقىلار بىلەن تويلاشقان تەقدىردىمۇ «ئىندىئانلىق» نىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىدەك قاراشنى ساقلاپ كەلگەن. ئېنىقكى، بۇ قاراش بۈگۈن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. لەمكىن مەدەنىيەت ماسلىشىشى مەيدانغا كېلىۋاتقان بىر ھالدىمۇ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە چوڭ ۋەيرانچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ ھەر زامان مۇمكىن ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك ئويلاشمىغاندەك قىلىدۇ.

## ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى فورمۇللاشتۇرۇش

لەمكىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن دۇنيا ئىرقىي قىرغىنچىلىق تارىخىغا قىزىقىشقا باشلىغان، بۇرۇن ئۇ پولشا ئەركىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىيلىشتۇرما قانۇن ئوقۇتقۇچىسى، ۋارشاۋا رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن تەپتىشى بولغان. 1920-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ پولشا خەلقئارا قانۇنچىلىق ھەمكارلىق كومىتېتىغا قاتناشقان، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى ئېمىل س.راپپاپورت دۆلەتلەر ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ جىنايى قىلمىش شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ سۇنغان. لەمكىن بۇ پېشقەدەم خىزمەتدىشىنىڭ بۇ تەكلىپىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان، بۇ تەكلىپكە ئاساسلانغاندا، دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپ بولغان ۋە خەلقئارالىق تەرتىپكە تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغانمەلۇم تۆردىكى جىنايەتلەرنى، قەيەردە سادىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىۋېرسال ئەدلىيە پرىنسىپلىرى ئاساسىدا جازاغا تارتىش كېرەك. 1927-يىلى تۇنجى قېتىم ۋارشاۋادا

ئېچىلغان خەلقئارا قانۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈش خەلقئارا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ جىنايەتلەر بولسا دېڭىز قاراقچىلىرى، ساختا تەڭگە ياساش، خەلق ئاممىسىغا خەتەر يەتكۈزۈش، ئاياللار ۋە بالىلار سودىسى، زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى ۋە شەھۋانىي نەشىر بۇيۇملىرى ئېلىپ-سېتىش قاتارلىقلار. كېيىنكى يىللاردا، تېرورلۇق مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا ئاممىۋى تەرتىپكە خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىقى مۇنازىرە قىلىنغان. لەمكىن 1933-يىلى مادرىد يىغىنىدا بۇ ئىشنى ئويلىشىش ۋە دوكلات بېرىش ھەيئىتىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئۇ تېرورلۇقنى ئالاھىدە جىنايەت دەپ قارىمىغان بولۇپ، بەلكىم ئاممىۋى خەتەرنى شەكىللەندۈرىدىغان تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارغا تەۋە دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ تىزىملىككە ۋەھشىيلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى، خەلقئارا ئالاقىنى ئۈزۈش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تارقىتىش قىلمىشلىرىنى قوشۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان.[40] ئۇ يەنە «ئاممىۋى خەتەر» قانۇنىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى، يەنى بۇ خەتەرنىڭ نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر رايوندىكى ئېنىقلانمىغان شەخسلەر ياكى مالنىڭ مىقدارىغىلا قارىتىلغان تەھدىتلا بولماسلىقى، ئۇنىڭ دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلىشىنى ئويلىغان. ئۇنىڭ ئورنىدا، ئۇ بىر قانچە دۆلەت ۋە ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە تەھدىت سالىدىغان «ئومۇمىي (دۆلەت ھالقىغان) خەتەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، ئۇ بۇ دائىرىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنىمۇ كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان، يەنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تەركىبلىرىنىڭ ئاللىقاچان جىنايەت شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دۆلەت ھالقىغان تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

«ۋەھشىيلىك» (barbarity) ۋە «بۇلاڭ - تالاڭچىلىق» (vandalism) مۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، چۈنكى بۇ قىلمىشلار ئىنسان توپلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ تۈرك جىنايەتچىلىرىنىڭ ئەرمەنلەرنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشى ۋە قىرغىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىنايەتلىرىگە كېلىدىغان ئەيىبلەشتىن قېچىپ قۇتۇلالىغانلىقىغا ئاچچىقلانغان، ئىراقتىكى ئاسسۇرىيان خىرىستىئانلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سوراققا تارتىدىغان پەيت كەلدى. «ۋەھشىيلىك» مەيلى شەخسلەر ۋە ياكى كوللېكتىپلارغا قارىتىلغان بولسۇن كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ:

ئەمەلىيەتتە، شەخسكە قارىتىلغان بۇ ھۇجۇملار شۇ شەخس تەۋە بولغان كوللېكتىپقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان. جىنايەتچىنىڭ [جىنايەتنىڭ] مەقسىتى شەخسكە زىيان يەتكۈزۈش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ شەخس تەۋە كوللىكتىپقا زىيان يەتكۈزۈشتۇر. بۇ خىلدىكى جىنايەتلەر كىشىلىك ھوقۇققا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ تۈپ ئاساسىنى ۋەيران قىلىدۇ.

بۇ خىل قىلمىشلار «قەتلىئام، قاتىللىق، توپ ئەزالىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە بۇنىڭغا يوقىتىلىش مەقسەت قىلىنغان توپقا تەۋە شەخسلەرنىڭ ئار-نومۇسىغا قارىتىلغان ھەر قانداق ۋەھشىيانە قىلمىشلارنىمۇ قوشقان. بۇ جىنايەتلەرگە ئايرىم قارىغاندا، بۇلار مەدەنىيەتلەشكەن مىللەتلەردىكى جىنايەت ئۆلچىمىنى بۇزۇۋېتىدۇ، ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا بولسا، بىر پۈتۈن جەمىيەتنىڭ تەرتىپىگە ئېغىر تەھدىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «كوللېكتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىناقلىقنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ». بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار دۆلەت ھالقىغان خەتەر ھېسابلىنىدۇ.[43]

مۇشۇ مەنىتىقنى «بۇلاڭ - تالاڭچىلىق» شەكىللەندۈرىدىغان باشقا قىلمىشلارغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن. ئۆز نۆۋىتىدە كوللېكتىپنى نىشان قىلغان، مۇئەييەن توپنىڭ ئىلىم-پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدە مەيدانغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سىستېمىلىق، تەشكىللىك يوقىتىش شەكلىدە

ئىپادىلەنگەن قىلمىشلارنىمۇ بۇ كاتېگورىيەگە تەۋە قىلىشقا بولىدۇ. لەمكىن بۇ بۆلەك-تالاشچىلىق قارىماقتا مەلۇم شەخسلەرنى بىۋاسىتە نىشان قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر كوللېكتىپنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ۋە ئالىبۇرۇن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلىنىپ بولغان تۆھپىلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان بولۇپ، بۇنداق بۆلەك-تالاشچىلىقنى ماھىيەتتە «دۇنيا مەدەنىيىتى» نى ۋەيران قىلىش بىلەن باراۋەر دەپ قارىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بولغان كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۆلەك-تالاشچىلىقنىڭ «ئىدىيەنىڭ تەرەققىياتىنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇ دەۋرىگە قايتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى»، «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلايدىغانلىقىنى» نى تەكىتلىگەن. لەمكىن ئۆزىنىڭ دەسلەپكى كەسپى ھاياتىدا، مەدەنىيەتنىڭ بىر گۇرۇپپىنىڭ ھاياتىغا بولغان مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن، شۇنداقلا ھەممىشە بۇنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان.

ئاخىرىدا، ئۇنىڭ دوكلاتى ھەتتا تېررورىزمنى ئاساسى تېما قىلغان مادرىد يىغىنىدا تىلغىمۇ ئېلىپ قويۇلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ تەكلىپلىرىمۇ تېزلا ئۇنتۇپ قېلىندى.[45] ئەمما لەمكىن بۇلارنى ئون يىلدىن كېيىن مەشھۇر كىتابى «ئىشغالىيەت ئاستىدىكى ياۋروپا رايونىدا ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى» گە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن مۇھىملىقى ئېتىراپ قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ نېمىشقا بۇ كىتاپنى يازغان؟ لەمكىن 1941-يىلى سۈرگۈن سۈپىتىدە ئامېرىكىغا كەلدى ۋە بۇ يەردە ھەم ئاكادېمىك ھەم ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى بولدى، ئۇ بۇ جەرياندا خىزمەتداشلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا ناتسىستلارنىڭ ياۋروپا يەھۇدىلىرىنى نىشان قىلغان يوقىتىش مۇددىئاسى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئۇ يېتەرلىك بولمىغان گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنلىرىدىن كېيىن، ئۆزى تويلىغان گېرمانىيە ئىشغالىيىتى ھەققىدىكى خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلىدۇ ۋە گېرمانىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىنكى قىلمىشلىرى ھەققىدە، ۋىنستون چېرچىل كېيىن «نامسىز جىنايەت» دەپ ئاتىغان «پۈتۈن مەھەللىلەرنى يوقىتىش» دەپ بىر ئاتالغۇ ياراتتى. چېرچىل خۇددى لەمكىنغا ئوخشاش، ناتسىستلارنىڭ تاجاۋۇزىنى «16-ئەسىردىكى موڭغۇللارنىڭ ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىشى» بىلەن سېلىشتۇرغان ئىدى. ناتسىستلار ياۋۇزلارچە ئۆرۈشقا يۈزلەنگەن ئىدى.[46] ئادەتلەنگەن قاراشنىڭ ئەكسىچە، لەمكىنمۇ، چېرچىلمۇ نوقۇل ھالدا ياۋروپا يەھۇدىيلىرى ئۇچرىغان خولوكوستنىلا كۆزدە تۇتمىغان بولۇپ، ئۇلار گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى بارلىق قىلمىشلىرىنى نەزەرگە ئالغان ئىدى.

1943-يىلى تاماملانغان، ئەمما 1944-يىلى 11-ئايدا نەشىر قىلىنغان 674 بەتلىك يۇقىرىقى كىتابىدا لەمكىن تۇنجى قېتىم ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاتالغۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقى بەزى تالاش-تارتىشلارنىڭ تېمىسىغا ئايلانغان. قەتلىئام ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېسابلىنامدۇ؟ دەرۋەقە، نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق دېدى ۋە خولوكوستنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تىپىك مىسالى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.لەمكىننىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىز چوقۇم ئۇنىڭ كىتاۋىدىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي يېزىلغان ماقالىلىرىنى ئىنچىكە ئوقۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، لەمكىن بۇ كىتابىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بۆلەكلىرىدىكى يىگىرمە ئالتە بابىنىڭ پەقەت بىرىنىلا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بېغىشلىغان. كىتابىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچىنچى بۆلىكىدە، گېرمانىيەنىڭ ياۋروپادىكى ئىشغالىيىتى ئۈستىدە توختالغان. بىرىنچى بۆلۈمدىكى توققۇز بابىنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئىشغالىيەت تېئوسۇلىغا بېغىشلانغان يەنى: باشقۇرۇش، ساقچى، قانۇن، سوت، مال-مۈلۈك، مالىيە، ئەمگەك، يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق. بۇ قۇرۇلما شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بۇ كىتاب ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ

نوقۇل ئانالىزىلا بولماستىن، بەلكى گېرمانىيەنىڭ ئىشغالىيەت رايونلىرىدا يۈرگۈزگەن ھۆكۈمدارلىقىنىڭ ئالاھىدە قورالى بولغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتتۇر. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگىنىمىز ئۆزىنىڭ ئۆزىدە مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئىشغالىيەتنىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان يېڭى تېخنىكىسىدۇر».[49] شۇنداقتىمۇ مۇقەددىمە سۆزىدە، يۇقىرىقى ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرى ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ، بۇلار ئۇنىڭ كىتاۋىنىڭ ئۇقۇم يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ:

گېرمانىيەنىڭ ئىشغالىيەت جەريانى ۋە بۇ جەرياندا ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىلغان بىر پۈتۈن سىياسەت، ئۇسۇللىرىدىن شۇنى خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، گېرمانىيە بېسىۋېلىغان خەلقلەر بىلەن بولغان بىئولوگىيەلىك كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى كەلگۈسىدىكى بىر قانچە يىلدا گېرمانىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان غايەت زور بىر قۇرۇلۇشنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ مەقسىتى ئىشغالىيەتتىكى خەلقنىڭ تەرەققىياتىنى ۋەيران قىلىش ياكى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈشتۇر، بۇنداق بولغاندا، گېرمانىيە كېيىن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن نوپۇس، ماددىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئۈستۈن ھالەتتە قالالايدۇ. لەمكىن بۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى بىر جۈملىدىن كېيىن، ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەنىسىنى مەلۇم دائىرىدە چەكلەيدۇ ۋە ئۇنى باشقا ئىشغالىيەت سىياسەتلىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ.

تاجاۋۇزچىلار ئېلىپ بارغان مىللەت ۋە ئېتنىڭ گۇرۇپپىلارنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى ئاپتور «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز گىرېكچە گېنوس-genos (قەبىلە، ئىرق) ۋە لاتىنچە cide سۆزلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئاپتور (تېخىمۇ sic], homocide چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن fratricide قاتارلىق كەلىمىلەرگە سېلىشتۇرۇڭ) ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن ئايرىم باپتا بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىي توختىلىدۇ. (IX باب).

ئۇنداقتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىر خەلقنى يوقىتىش ياكى «مېيىپ قىلىش» دېگەنلىكمۇ؟ ئۇ توققۇزىنچى بابنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ «بىر مىللەت ياكى بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنى ۋەيران قىلىش» ئىكەنلىكىنى جاكارلاش بىلەن باشلايدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى ۋەيران قىلىش دېگەن نېمە؟ بىزگە مەلۇمكى، لەمكىن بۇنى بىر توپنىڭ پۈتۈن بىر گەۋدە سۈپىتىدە بىئولوگىيەلىك يوقىتىلىشى دەپ قارىمىغان. ۋەيران قىلىش دېگەنلىك مېيىپ قىلىۋېتىشتىن باشلاپ، ئىشغالىيەت ئاستىدىكى خەلققە قارىتىلغان ئۆلتۈرۈشنىلا ئاساس قىلمىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىگە قەدەر ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لەمكىن كىتابىدا بۇنىڭ ئۈچۈن ناتسىستلارنىڭ ئىشغال رايونلىرىدا ئېلىپ بارغان نۇرغۇن ھەرىكەتلىرىدىن مىساللارنى كۆرسەتكەن.

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، لەمكىن ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىرىگە ۋەھشىيلىك ۋە بۇلاڭ-تالاڭچىلىقنى قوشۇپ، يېڭى، تېخىمۇ ئەتراپلىق بىر ئۇقۇم شەكىللەندۈردى. بۇلاڭ-تالاڭچىلىق - مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى ۋەيران قىلىش- گۇرۇپپىلارنى يوقىتىشنىڭ بىر تېخنىكىسىغا ئايلانغانىدى. 52 ئەمما ئىرقىي قىرغىنچىلىق بېسىۋېلىنغان خەلقنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش بىلەن ئوخشاش مەنىدىمۇ؟ لەمكىننىڭ قارىشىچە ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ «مىللىيسىزلەشتۈرۈش» (denationlization) ياكى «گېرمانلاشتۇرۇش» (germanization) - ئىشغالىيەتچىنىڭ «مىللىي ئەندىزىسى» نى مەھكۇم خەلققە تېڭىشقا ئوخشاش ئاتالغۇلار قانائەتلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى بۇلار «بىر ئومۇمىي ئۇقۇمغا ئورتاق بولغان ئامىللارنى ئىپادە قىلالمايدۇ، بۇ ئاتالغۇلار ئاساسلىقى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرىگىلا مەركەزلىشىپ قېلىپ، مەھكۇم خەلقنىڭ جىسمانىي گۇمرانلىقى ھەتتا ھالاكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىئولوگىيىلىك

تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلدى دەيدۇ.[53] ئۇ بۇ ئۇقۇملارنى چۈشىنىشتە قايمۇقۇپ قالغانمۇ؟

20 مىللەتلەر سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، تىل، دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە فىزىكىلىق / بىئولوگىيىلىك نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆزىز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىق «ئوخشىمىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلغان پىلانى» بولۇپ، «گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ». يوقىتىش ئۇقۇمىنى قەتلىئامغىلا تارايتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈلىشىدىن(mass killing) باشقا، دەرھال ۋەيران قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ».[54] شۇنداقتىمۇ مىللەتداشلىقنىڭ مۇھىم تەرىپى فىزىكىلىق / بىئولوگىيىلىك تەرەپتۇر. ئۇ پولشالىقلارنى «گېرمانلاشتۇرۇش» دېگەن ئىبارىنى يېتەرلىك ئەمەس دەپ ئويلىدى، چۈنكى بۇ پولشالىقلارنىڭ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇتلۇقىنىڭ ساقلانغانلىقىنى، ئۇلارغا پەقەت گېرمانلارنىڭ مىللىي ئەندىزىسىنىڭ تېڭىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل ئاتالغۇ مەھكۇم مىللەت نوپۇسىنىڭ ھاكىم مىللەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى، ئۆز تۇپرىقىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى ۋە ھاكىم مىللەت نوپۇسىنىڭ مەھكۇم مىللەت نوپۇسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىشىگە ئوخشاش بىر جەرياننى تەسۋىرلەشكە مەنە جەھەتتىن تار كېلىپ قالىدۇ.

بۇ مۇلاھىزىلەر بىلەن بىز يەنىلا ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىدۇق، ئەمما سەۋىيىسىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرالىدۇق.

ئۇنىڭ يازمىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ گۇرۇپپا ھاياتى ئۇقۇمىغا ئوخشاش، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنى بىر گۇرۇپپىنىڭ فىزىكىلىق ۋە بىئولوگىيىلىك ئامىللىرىغا قىلىنغان ھۇجۇمدىن ئايرىپ قارىمىغانلىقى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. مەدەنىيەت بىر توپنىڭ بىر پۈتۈن مەۋجۇتلۇقىغا قىلىنغان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم بىلەن ئىچ-ئىچىگە كىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ: «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى، گۇرۇپپىنىڭ مەدەنىيەت سىمۋوللىرىغا ھۇجۇم قىلىش، دىنىي ياكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە زورلۇق كۈچى بىلەن ئارىلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر دائىم فىزىكىلىق ۋە بىئولوگىيىلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن بالدۇر يۈز بېرىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ئۇنۇملۈك تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم جىنايەت باشلانغان ۋاقىتتىلا ئارىلىشىش كېرەك.[56] ناتسىستلارنىڭ قەتلىئامى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتكە قىلغان ھۇجۇمىدىن ئايرىلالمايدۇ. «ئارزۇ قىلىنسا بولمايدىغان» (undesirables) لارنى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەنئەت ئەسەرلىرى، كىتابلار، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە باشقا مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ تاقىلىشى، مىللىي يادىكارلىقلارنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، سىستېمىلىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىشى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى.

لەمكىننىڭ ئۇقۇمىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق گۇرۇپپا ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەسىر قىلىدۇ. ئۇ كېيىن مۇنداق يازىدۇ: «بارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ مۇرەككەپ بىرىكىشىدۇر.»[58] شۇڭا، ئۇ «كۆپ خىل تەسىر ۋە نەتىجىلەرنىڭ ئورگانىك بىرىكىم ئۇقۇمى» ئىدى.[59] ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت سۈپىتىدە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق گۇرۇپپىلارنى ۋەيران قىلىشنىڭ ھەر خىل تېخنىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ھاكىمىيىتى» دە ئۇ ناتسىستلار قوللانغان سەككىز خىل ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى لەمكىننىڭ پۈتۈنچىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنى تولىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا قەتلىئامنىڭ پەقەت گۇرۇپپىلارنى ۋەيران قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە لەمكىن ئوتتۇرىغا قويغان تەرتىپ بويىچە قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.[60]

### سىياسىي ئۇسۇل:

بۇ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ۋە يەرلىك

هاكىمىيەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تاجاۋۇزچىلارنىڭ هاكىمىيىتىنىڭ دەسسى-تىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىلگىركى مىللەتداشلىقنى ئەسلىتىپ قويىدىغان هەر قانداق بەلگە، سىمۋول يوق قىلىنىدۇ».

**ئىجتىمائىي ئۇسۇل:**

بۇ مىللەتنىڭ ئاقىللار قاتلىمىغا هۇجۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، «چۈنكى بۇ گۇرۇپپا ئاساسەن مىللىي رەهبەرلىك ۋە ناتسىستلارغا قارشى هەرىكەتلەرنىڭ تەشكىللەش كۈچ مەنبەسى هېسابلىنىدۇ.» بۇ خىل هۇجۇملارنىڭ مەقسىتى «مىللىي، مەنىۋى بايلىقلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە خورىتىشتۇر».

**مەدەنىيەت ئۇسۇلى:**

ئانا تىلنى مائارىپتا ئىشلىتىشتىن چەكلەيدۇ، ياشلارنى كەڭ كۆلەملىك پىروپاگاندا ئاستىغا ئالىدۇ.

**ئىقتىسادىي ئۇسۇل:**

ئىقتىسادىي بايلىقنى ئىشغال قىلىنغۇچىدىن ئىشغالىيەتچىگە يۆتكەيدۇ. گېرمانلار لېيۇكسېمبورگ ۋە ئالساس-لورراييندىكى كىشىلەرگە ئوخشاش «ئۇرۇق - تۇغقان» دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ بۇ تۇغقاندارچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئىلهام تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە: «ئەگەر ئۇلار بۇ «پۇرسەت»تىن پايدىلانمىسا، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى تارتىۋېلىنىپ، گېرمانچىلىقنى تەشۋىق قىلىشنى خالايدىغان باشقىلارغا بېرىلىدۇ» دېدى.

**بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل:**

ئىشغال قىلىنغان نوپۇسنىڭ تۇغۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. «قوشۇۋېلىنغان پولشا تۇپرىقىدا پولشالىقلارنىڭ شۇ رايوندىكى ۋالىينىڭ ئالاهىدە رۇخسىتىسىز ئۆز-ئارا توي قىلىششى چەكلەندى. . ۋە بۇ پولشالىقلارنىڭ ئۆز-ئارا تويلىششىنى چەكلەيدىغان بىر ئومۇمىي پىرىنسىپقا ئايلاندى».

**فىزىكىلىق (بىئولوگىيەلىك) ئۇسۇل:**

بۇ «ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەردىكى مىللىي گۇرۇپپىلارنىڭ جىسمانى جەهەتتىن ئاجىزلىششى، هەتتا يوقىتىلىشى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېمەكلىكلەرنى تەرتىپكە سېلىش، سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزۈش ۋە كەڭ كۆلەملىك ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

**دىنىي ئۇسۇل:**

بۇنىڭدا ئىشغال قىلىنغان كىشىلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن: لېيۇكسېمبورگدا بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق باللار «ناتسىستلارنى قوللايدىغان ياشلار تەشكىلاتى» غا كىرگۈزۈلۈپ، رىم كاتولىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى تەسىرى ئاجىزلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق ئاسسىمىلياتسىيە پولشادا مۇمكىن بولمايدىغان بولغاچقا، گېرمانلار «پولشا مىللىتىنىڭ دىنىي رەهبەرلىك قاتلىمىنى يوقىتىش» ئۈچۈن، «چېركاۋنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى سىستېمىلىق بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى ۋە ۋە دىنىي زاتلارنى جازالىدى».

**ئەخلاق ساهەسىدىكى ئۇسۇل:**

بۇ «مىللىي تۇپنىڭ مەنىۋى قارشىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش» سىياسەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئەخلاقنى پەسلەشتۈرۈش ئۇسۇلى «تۇپنىڭ ئەقلىي ئېنېرگىيەسى» نى «ئەخلاقىي ۋە مىللىي تەپەككۇر» دىن «ئىپتىدائىي ئىستەك» (base instinct)لارغا قارىتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت «كىشىلەردىكى چاكىنا شەخسىي هۇزۇرلىنىش ئىستىكىنى ئېخىمۇ ئالىي ئەخلاقنى ئاساس قىلغان كوللېكتىپ هېسسىيات ۋە غايىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتۇر». لەمكىن پولشادىكى شەهۋانىيلىق ۋە هاراقكەشلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ.[61]

يەهۇدىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ بۇ چوڭ پىلاندىكى ئورنى زادى نېمە؟ بۇ بىر مۇهىم سوئالدۇر، چۈنكى بەزى ئالىملار لەمكىن كىتابىنى يازغان ۋاقىتتا «ياۋروپادىكى يەهۇدىيلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، پىلانلىق يوقىتىلىشىنى تېخى تولۇق چۈشىنەلمىگەن» دەپ

قارايدۇ. ئۇلار لەمكىن ناتسىستلار يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان يەھۇدلار بىلەن، ئۇلار مەجبۇرىي مىللىيسىزلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويغان دەپ قارايدۇ. بۇلاردىن كېيىنكىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئەمما بۇ چوقۇم يەھۇدلار ئۇچرىغان ئوقۇبەتلەردىن، يەنى خولوكوستتىن پەرقلىنىشى كېرەك. لەمكىننىڭ يازغانلىرىدىن ئۇنىڭ ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان رادىكال پىلانىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. ئۇ يەھۇدىيلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجراتقان بولۇپ، ئىشغال قىلغۇچىلارنىڭ ئىشغال قىلغان ھەر بىر دۆلەتتە يەھۇدلار ئۈچۈن ياراتقان «ئالاھىدە سالاھىيەت» (special status) نى بايان قىلدى. ئۇنىڭ جازا لاگېرلىرىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى، «ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇسى بىرى ئاجرلاشتۇرۇش ۋە ئاچارچىلىق ئارقىلىق، ئىككىنچىسى، لاگېرلاردىكى قىرغىنچىلىقلار بىلەن سۈيۈلدۈرۈلۈۋاتىدۇ (liquidation). «يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ قىسمى لاگېرلاردا ياكى مەنزىلى ئېنىق بولمىغان يويىزلاردا يوق سۈيۈلدۈرۈلۈۋاتىدۇ».63 ئەمەلىيەتتە، لەمكىن يەھۇدلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلماقچى بولغانلىقىنى ئوبدان بىلگەن ئىدى.

ۋەھالەنكى، ئۇ يەھۇدلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى «ئومۇمىي ئېنىقلىمىسى»غا كىرگۈزدى. ئۇ نېمىشقا يەھۇدىيلار مەسىلىسىنى گېرمانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان باشقا مىللەتلەر بىلەن پەرقلەندۈرمەيدۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭچە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بارلىق شەكىللىرى مىللەتداشلىق ياكى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىدەك ئورتاق بىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. پولشالىقلار پۈتۈنلەي يوقىتىلمىغان تەقدىردىمۇ، پولشا مەدەنىيىتى يوق بولاتتى، بۇ پاكىت يەھۇدى مەدەنىيىتى ئۈچۈن قانداق يوقىتىش ھېسابلانسا، ئىنسانىيەت ئۈچۈنمۇ شۇنداق يوقىتىش ھېسابلىناتتى. مانا بۇ لەمكىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاتالغۇسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر.

## نۈرنبېرگ سوتلىرىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگىچە

ناتسىستلار سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەخلاقىي سىلكىنىش، خەلقئارا قانۇندا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا مۇناسىۋەتلىك تەبرىكلەشكە ئەرزىگىدەك تەرەققىياتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. ئەمما نۈرنبېرگ سوتلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلەشنىڭ پەلەمپىيى بولۇشنىڭ ئەكسىچە، نىشانىنى بۇرۇۋەتتى. 1945-يىلى، ئامېرىكىلىقلار ئۇرۇش جىنايىتى ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» نى ئەيىبلەشنى قوللىدى، بۇ «قاتىللىق، يوقىتىش، قۇل قىلىش، چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە باشقا پۇقرالارغا قىلىنغان باشقا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلار» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لەمكىننىڭ توختىماي لوبىچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، خەلقئارا ھەربىي سوتنىڭ ئەيىبنامىسىگە «مەقسەتلىك ۋە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق، مەلۇم ئىرق ۋە مىللىي گۇرۇپپىلارنىڭ، بولۇپمۇ يەھۇدىيلار، پولشالىقلار ۋە سىگانلارغا قارىتىلغان يوقىتىش ھەرىكەتلىرى كىرگۈزۈلدى». ئەنگلىيە تەپتىش ئەمەلدارى سىر خارتلېي شاۋكروس يەنە لەمكىنگە ئەگىشىپ مۇنداق دېدى: «ئىرقىي قىرغىنچىلىق پەقەت يەھۇدىي خەلقى ياكى سىگانلارنى يوقىتىش بىلەنلا چەكلەنمىگەن، يۇگوسلاۋىيە، ئالساس-لوررايىنىدىكى گېرمان بولمىغان ئاھالىلەر، بېنىلۇكس يېزىلىرى (غەربىي شىمالىي ياۋروپانىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە نورۋېگىيە خەلقىگە قارشىمۇ ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلغان.[64] ئەمما دونالد بلوكخام كۆرسەتكەندەك، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئەنگلىيەلىكلەر ناتسىستلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ ئىرقىي خاراكتېرىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە مايىل ئىدى.[65] ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئەڭ مۇھىم نۇقتا گېرمانىيە رەھبەرلىرىنى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى

(«تىنچلىققا قارشى جىنايەت») بىلەن ئەيىبلەش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىگە قارشى سادىر قىلغان جىنايەتلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا باغلانغانلىقى ئۈچۈنلا گەۋدىلىك ئورۇنغا چىقىپ قالغان ئىدى.[66]

نەتىجىدە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق پەقەت ھاياجانلىق نۇتۇق ئىچىدىلا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتتى، ناتسىستلارنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى جىنايەتلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلار ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنمىدى، لەمكىن بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئۈمىتسىزلەندى. 67 بۇ سەۋەبتىن تۇنجى نۇرېمبېرگ سوتىنىڭ ھۆكۈمى 1946- يىلى 30- سېنتەبىردىن 1- ئۆكتەبىرگىچە چىقىرىلغاندا، ب د ت نىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بېرىلگەن ئېنىقلىمىنىڭ تىنچلىق دەۋرىدىمۇ سادىر قىلىنغان جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكى قارار قىلىندى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق «نۇرېمبېرگ پىرىنسىپى» نى ئاساس قىلىش كېرەك دېگەن تەكلىپىنى رەت قىلدى.

1946-يىلى 12-ئايدا، ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى «ئىنسانلار توپىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھوقۇقى» نى ئىنكار قىلىدىغان، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ خىلمۇ-خىل مەدەنىيەت ۋە باشقا شەكىلدىكى تۆھپىلىرىدىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان جىنايەت دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان بىر قارار ماقۇللىدى.[69] بۇ تېپىك لەمكىنچە ئېنىقلىما بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ ب د ت ۋەكىللىرىگە ھارماي-تالماي لوبچىلىق قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى لەمكىن ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن يېقىندىن تونۇشلۇق ئىدى، ئۇنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ ۋەكىلى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرتتى، ئەگەر ئۇنىڭ تەكلىپلىرى 1933-يىلى مادرىدتا قوبۇل قىلىنغان بولسا، نۇرېمبېرگ سوتى قانۇن جەھەتتىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان بولاتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن سۆزنىڭ يوقىتىش مەنىسى كۈچلۈكرەك بولۇپ، مىللىي ۋەيران قىلىشنىڭ قەتلىئام بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغان.[70] ئاندىن ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامە لايىھىسىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان مۇتەخەسسىس قىلىپ تەيىنلەنگەن (1947-يىلدىكى «كاتىبات باشقارمىسى»). ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا مۇئەييەن «ئىنسانلار توپى» نى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشى ياكى تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەيدىغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر دەپ تەبىر بەردى. ئۇنىڭ بۇ تەبىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى.[71] لەمكىنىنىڭ بۇ باسقۇچنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئامىللىرىدىن ئەمەس دەيدىغان ئېتىرازلارغا قارشى ھالدا ئېنىقلىمىغا كىرگۈزگەنلىكى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەنگەن.[72] ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى(cultural genocide) ئەھدىنامىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى». 73 «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» دېگەن بۇ سۆز كېيىنكى Ad Hoc كومىتېتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى لايىھىسىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن .[74]

لەمكىن ئۇنى مەدەنىيەت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنى قوللىمايدۇ دەپ قارايدىغان ئىرقى قىرغىنچىلىق تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن تۈپتىن خاتا چۈشىنىلگەن.[75] ئەمما ئۇ يەنىلا بىر پىراگماتىست (ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگۈچى) بولۇپ، مۇرەسسە قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇ 1946-يىلى 11-ئايدىلا «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» گە يازغان خېتىدە، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقنىڭ ب د ت ۋەكىللىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى يازغان، بىر ئايدىن كېيىنكى ئومۇمىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى قارارىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بۇ ۋەكىللەرگە نىسبەتەن پەقەت قەتلىئاملا «ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى سىلكىيتتى». گەرچە لەمكىن ئىنسانلار توپى «ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىي مەنبەلىرىدىن ئايرىۋېتىلىش ئارقىلىقمۇ يوقىتىلىدۇ» دېگەن بولسىمۇ، ئۇ خەلقئارالىق قانۇن چىقىرىشقا قولاي بولۇش مەقسىتىدە، ئېنىقلىمىنىڭ چوقۇم ئۆلتۈرۈش، قەستەن يارىلاندۇرۇش ۋە بىئولوگىيىلىك ئۇسكۇنىلەر ئارقىلىق تۇغماسلاشتۇرۇش دېگەندەك

تېخىمۇ كونكېرت ۋە ئېنىق ئۇقۇملارغا مەركەزلىشىشى كېرەكلىكىنىمۇ تىلغا ئالغان. بۇ يەنە پەقەت خەلقئارا كۆڭۈل بۆلىدىغان دەرىجىدە ئېغىر بولغان قىلمىشلار بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك، ھەمدە يەنە ئادەتلەنگەن، سىستېمىلىق، تەشكىللىك، پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.[76]

كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەرلىك خەلق ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلماقچى بولغانلىقىدەك قانۇنى ئاسسىمىلياتسىيە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئەمەس. لەمكىننىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنلىرىنىڭ مەنبەسى دەپ قارىشىمۇ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنى تار ئۇقۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە ئىلھام بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئاخىرىدا، ھەتتا مەدەنىيەت ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ مەنىسىنى بۇنداق رامكىلاشمۇ كۆپ قىسىم ب د ت ۋەكىللىرىنى قانائەتلەندۇرەلمىدى. ئۇلار كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىق ئەھدىنامە لايىھەسى كۇتۇپخانىلارنىڭ تاقىلىشى بىلەن قەتلىئامنى باراۋەر قىلىپ قويىدى دەپ چۈشەندى. نۇرغۇن ۋەكىللەر دانىيەنىڭ بۇ لايىھەدە «لوگىكا يېتەرسىز، بۇنداق بىر ئەھدىنامىدە گاز ئۆيلىرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن كۇتۇپخانىلارنى تاقاشنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇشى قاملاشمىغان تەڭپۇڭسىزلىق» دېگەن شىكايىتىگە قايىل بولۇشتى. ئاخىرى، مەدەنىيەت ئىرقى قىرغىنچىلىقى ئەھدىنامىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلمىدى.

شۇنداقتىمۇ، ب د ت قەتلىئامنى گۇرۇپپىلارنى ۋەيران قىلىشنىڭ ئەڭ توپ شەكلى دەپ قوبۇل قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەھدىنامە Ad Hoc لايىھەسىنىڭ 2-ماددىسىنى ساقلاپ قالدى، ئۇنىڭدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى كۆرسىتىلگەن: (1) مەلۇم توپ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛ (2) جىسمانىي بىجىرىملىقىنى(physical integrity) بۇزۇۋېتىش (يارىلاندۇرۇش، پالەچ ياكى مېيىپ قىلىپ قويۇش دېگەندەك)؛ (3) ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قىيىنغۇچى تەدبىرلەر؛ (4) تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش.[78] ئاخىرقى ئەھدىنامە مۇنۇ بەشىنچى ئامىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بالىلارنى مەجبۇرىي ھالدا بىر گۇرۇپپىدىن يەنە بىر گۇرۇپپىغا يۆتكىۋېتىش، ئەسلىدە كاتىبات باشقارمىسى لايىھىسىدىكى مەدەنىيەت سىياسىتىنىڭ تارماق قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان ئىدى، ئەمما ھازىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇسۇللىرىنىڭ فىزىكىلىق / بىئولوگىيىلىك ئاقىۋىتىگە تېخىمۇ كۈچلۈك ئەھمىيەت بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.[79] قەتلىئام، بەش ئۇسۇلنىڭ پەقەت بىرىلا بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئومۇمىي يىغىن بىر گۇرۇپپىنى بىر پۈتۈن ياكى قىسمەن مەڭگۈلۈك ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلىش ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەننى كىرگۈزۈش بىلەن لەمكىننىڭ بىر گۇرۇپپىنى مەڭگۈلۈك مېيىپ قىلىۋېتىش ئىرقى قىرغىنچىلىقتۇر دېگەن قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئېنىقكى، ب د ت نىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىق ئېنىقلىمىسى لەمكىننىڭ 1933-يىلىدىكى تەكلىۋىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى، يەنى ۋەھشىيلىكنى(barbarity) ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئەمما ئىككىنچى بۆلىكى بۇلاڭ-تالاڭچىلىقنى (vandalism) چىقىرىۋەتتى.

## خۇلاسە

لەمكىن ناتسىستلارنىڭ سىياسىتى تۈپتىن يېڭى، پەقەت زامانىۋى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە يۈز بەردى دەپ قارىدى. يوقىتىش ئۇرۇشلىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە تاكى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى ھازىرقى زامان ياۋروپاسىنىڭ دىنىي توقۇنۇشلىرىغىچە بولغان پۈتۈن دەۋرلەردە يۈز بېرىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشلارنىڭ نوپۇسقا ئەمەس، بەلكى دۆلەتلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنغان بىر ئۆلچەمگە ئايلانغان.[80] ناتسىستلار بىردىنلا ياۋايىلىقنى

مەدەنىيەتكە ئېلىپ كىردى ۋە «ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ مەقسەتلىك، ئەڭ ئۇزۇل-كېسىل، ئەڭ ھەيران قالدۇرارلىق»ئىرقى قىرغىنچىلىق جاھانگىرلىرىگە ئايلاندى. «ئۇلار ياۋروپادىكى يەھۇدىيلار ۋە سىگانلارنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى ئاز قالدى». [81] يەھۇدىيلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى زىيادە ئاشقۇنلۇقى بىلەن پەرقلىق، ھەم تېخىمۇ كەڭ بىر ئەندىزىنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قىرىق توققۇز ئەزاسىنىڭ خولوكوستتا قازا قىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە بولغان ئالەمشۇمۇل قايغۇسى ئالاھىدە ھەيران قالارلىق ۋە ئۈلگىلىكتۇر.

ئۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۇقۇمىنىڭ مەركىزى بولغان مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مىراسلىرىچۇ؟ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىغا مۇنداقلا قارىغىنىمىزدا، بۇ ھەقتە بىر مۇجمەللىك كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. گەرچە يەرلىك كىشىلەر ئاسسىمىلياتسىيە ۋە تەرەققىيات سىياسىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ياكى ھېچ بولمىغاندا مەدەنىيەت ئىرقىي قىرغىنچىلىقى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى بىلەن ئۆزلىرىنى قانۇن ئاساسىدا قوغدىيالمايدۇ. ئەھدىنامىدە «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» پەقەت رېتورىك خىتاب شەكلىدىلا تىلغا ئېلىنغان، خالاس.[82]

باشقا قانۇن قوراللىرى بىر قىسىم بوشلۇقلارنى تولدۇرىدۇ. خەلقئارالىق ئەمگەك تەشكىلاتى «مۇستەقىل دۆلەتلەردىكى يەرلىك ۋە قەبىلە خەلقلىرى توغرىسىدىكى ئەھدىنامە» (169-نومۇر) بۇ خىل كىشىلەرنىڭ شەخسىي ۋە كوللېكتىپ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيەدىن قوغدايدىغان خەلقئارا پۇقرالار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسىنىڭ (1966) 27-ماددىسىمۇ شۇنداق:

ئاز سانلىق مىللەت، ئېتنىك توپ، پەرقلىق دىن ياكى تىللارغا ئىگە ئازسانلىق خەلقلەر بار دۆلەتلەردە، بۇ ئاز سانلىقلارغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىدىن ھۇزۇرلىنىش، ئىپادىلەش، ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش، ئۆز تىلىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى رەت قىلىنمايدۇ.

گەرچە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ خىتابنامىسى» (2007) دىكى «ئېتنىك قىرغىنچىلىق» ھەققىدىكى ئىزاھات ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردىكى بىر قاتار ماقالىلەر، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ئائىت ھەرقانداق ئوچۇق بىر ماقالە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىگە قارشى ئۆزىنى قوغداشنى قانۇنىي جەھەتتىن مۇمكىن قىلىدۇ. 7-ماددا:

1) يەرلىك شەخسلەرنىڭ ياشاش، جىسمانىي ۋە روھىي پۈتۈنلۈك ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىك ھوقۇقى بار.

2) يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئايرىم خەلق سۈپىتىدە ئەركىن، تىنچ ۋە بىخەتەر ياشاش ھوقۇقى بار، ئۇلار ئىرقى قىرغىنچىلىق ياكى توپقا مەنسۇپ بالىلارنى باشقا توپلارغا يۆتكەشكە ئوخشاش باشقا زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

8-ماددىدا مەجبۇرىي نوپۇس يۆتكەش، مىللىي كەمسىتىش، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە يەر ئىگەللىۋېلىش قاتارلىق چەكلەنگەن كونكېرت ھەرىكەتلەر ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىلدى.

ۋەھالەنكى، ب د ت يېڭى خىتابنامىنى «يەرلىك خەلقلەرگە مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى» دېسە، شۈبھىسىزكى، بۇ يەر شارىدىكى 370 مىليون يەرلىك خەلققە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تۈگىتىش ۋە ئۇلارنىڭ كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىشقا قارشى تۇرۇشىدىكى مۇھىم قورال بولۇپ قالىدۇ. ‹ئۇ قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە قورال ئەمەس، ئۇ ئامېرىكا، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋىستىرالىيە ۋە كانادانىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەت تاشلاشتىن ۋاز كەچتى. [84] زور مىقداردا يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشاۋاتقان بۇ كىلاسسىك كۆچمەنلەر جەمئىيىتى ئاز سانلىقلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش،

ئەسلى زېمىنىدىكى بايلىقلارنى كونترول قىلىش، دۆلەتكە قارشى رەت قىلىش ھوقۇقى، «يەرلىك» نىڭ ئېنىقسىز ئېنىقلىمىسى، يەرلىكنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىنىڭ ئورنى ۋە بەزى ئالاھىدە ئېتىبار سىياسىتى قاتارلىقلارغا قوشۇلالمىدى. ئەنگلىيە خىتابنامىنىڭ «گۇرۇپپىزىم» نىغا قارشى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ۋەكالىتەن سۆز قىلدى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى.

ئەنگلىيە خىتابنامىدىكى يەرلىك شەخسلەرنىڭ خەلقئارا قانۇندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكىنى تولۇق قوغداشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ماددىلارنى تولۇق قوللىدى. كىشىلىك ھوقۇق ھەممىباب بولۇپ، ھەممە ئادەمگە باراۋەر ئىدى. ئەنگلىيە جەمئىيەتتىكى بەزى گۇرۇپپىلارنىڭ باشقىلار ئېرىشەلمىگەن ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشىنى كېرەكلىكىنى قوبۇل قىلمىدى.[85]

تېخىمۇ مۇھىمى، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ «ئۇزۇندىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتىغا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەپ كەلگەنلىكىنى» تەكىتلىدى. چاغداش دۆلەتلەر تەبىئىتىدىن تەرەققىيات خاراكتېرىگە ئىگە گەۋدىلەردۇر، يەرلىك خەلقلەر بەزىدە «ئىلگىرىلەش» ۋە «زامانىۋىلىشىش» يولىدا توسالغۇ بولىدۇ. ئۇلار بەزىدە تەرەققىياتنى- ھېچ بولمىغاندا بەزى ئەھۋاللاردا - مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا باراۋەر دەپ قارايدۇ، ھالبۇكى چاغداش دۆلەت بۇنى رەت قىلىدۇ.

بۇ قانۇنىي قوراللار ۋە خىتابنامىلەرنىڭ يەرلىك كىشىلەرنى تەرەققىياتقا قارشى قوغدىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانىيەتكە قارشى كىرىزىسلارنىڭ «ئالتۇن ئۆلچىمى» ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان ھەر قانداق ئىش خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىتابنامىدە كۆرۈلىدىغان «تەرەققىيات» قا بولغان ئومۇمىي ۋەدىلەر-ئەلۋەتتە، قانداق تەرەققىياتلىقىنى يەرلىك خەلقلەر بىللە قارار قىلىدۇ- قانۇنلۇق بېكىتىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشاش «ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى زىلزىلىگە سالالىشى» مۇمكىن ئەمەس. لەمكىن يەرلىك خەلقنى «مەدەنىيەتلەر سىڭىشىشى» ئارقىلىق «سۈمۈرۈلۈشى» مۇمكىن بولغان ئاجىز مەدەنىيەت دەپ قارىشى مۇمكىن. ئۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشىغا قارشى تۇرمىدى. ئەمەلىيەتتە، لەمكىن ئۆزى ئاۋانگارتى بولغان خەلقئارا قانۇن ساھەسىنى، ئۆزى ياۋايىلىق دەپ تەسۋىرلىگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى كۈچلۈك قورال دەپ قارىدى. گەرچە ئۇنىڭ تىلى تولىمۇ قەدىمىيدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يەرلىكلەرنىڭ كىملىكى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ۋە دەۋالىرى نوقۇل كىشىلىك ھوقۇق تىلىنىڭ 1948-يىلىدىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەردە ھەقىقىي قانائەت ھاسىل قىلالمىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

---

## SELECT BIBLIOGRAPHY


Clavero, Bartolome´, Genocide or Ethnocide, 1933–2007: How to Mark, Unmake and Remake Law with Words (Milan: Giuffre´ Editore, 2008)

Cooper, John, Raphael Lemkin and the Struggle for the Genocide Convention (Houndmills: Palgrave MacMillan, 2008)

Korey, William, An Epitaph for Raphael Lemkin (New York: Blaustein Institute for the Advancement of Human Rights, 2002)

Kuper, Leo, Genocide: Its Political Use in the Twentieth Century (New Haven: Yale University Press, 1981)

Lemkin, Raphael, Axis Rule in Occupied Europe: Laws of Occupation, Analysis of Govern- ment, Proposals of Redress (Washington, DC: Carnegie Endowment for International Peace, 1944)

’ ——Key Writings of Raphael Lemkin on Genocide ,‘ed. James T. Fussell, http://www. preventgenocide.org/lemkin/index.htm

Power, Samantha’ ,A Problem from Hell :‘America and the Age of Genocide (New York: Basic Books, 2002)

Schabas, William A., Genocide in International Law: The Crime of Crimes (Cambridge: Cambridge University Press, 2000)

Shaw, Martin, What is Genocide? (Cambridge: Polity, 2007.)

Zimmerer, Jürgen, and Dominik Schaller (eds), The Origins of Genocide: Raphael Lemkin as a Historian of Mass Violence (London: Routledge, 2009)

**End Notes**

1 Samantha Power ',AProblem from Hell:' America and the Ageof Genocide (NewYork:Basic Books, 2002); William Korey, An Epitaph for Raphael Lemkin (New York: Blaustein Institute for the Advancement of Human Rights, 2002); John Cooper, Raphael Lemkin and the Struggle for the Genocide Convention (Houndmills: Palgrave MacMillan, 2008.)

2 In his speech dedicating the conference room in 2005, the Polish academic representing the Foreign Ministry identified Lemkin as a Pole and an American, but did not mention his Jewish identity: http://poland.usembassy.gov/poland/rotfeld_hall.html; http://www.msz.gov.pl/Address, by, Profesor,Adam,Daniel,Rotfeld,the,Ministry,of,Foreign,Affairs,in,honor,of,Raphael,Lemkin.,(Warsaw,, October,18,,2005),2410.html. The plays are Catherine Filloux, Lemkin's House (New York: Playscripts, 2005), and Robert Skloot, If the Whole Body Dies: Raphael Lemkin and the Treaty against Genocide (Madison, WI: Parallel Press, 2006)

3 The only critical examinations of his work are Jürgen Zimmerer and Dominik Schaller (eds), The Origins of Genocide: Raphael Lemkin as a Historian of Mass Violence (London: Routledge, 2009); Bartolomé Clavero, Genocide or Ethnocide, 1933–2007: How to Mark, Unmake and Remake Law with Words (Milan: Giuffré Editore, 2008); Ann Curthoys and John Docker' ,Defining Genocide ,' in Dan Stone (ed.), The Historiography of Genocide (Houndmills: Palgrave MacMillan, 2008), 9–41; Martin Shaw, What is Genocide? (Cambridge: Polity, 2007); Anson Rabinbach' ,The Challenge of the Unprecedented: Raphael Lemkin and the Concept of Genocide,' Simon Dubnow Institute Yearbook 4 (2005), 397–420. The German historian of Polish legal thought, Claudia Kraft, has also written lucidly about Lemkin; see note 45 below. In terms of international law scholarship, there is no mention of Lemkin in the much-cited Martti Koskenniemi, The Gentle Civilizer of Nations: The Rise and Fall of International Law (Cambridge: Cambridge University Press, 2002)

4 Steven L. Jacobs of the University of Alabama has been cataloguing and editing 20,000 pages of Lemkin's papers for decades, but hardly any of it has been published. Most of Lemkin's papers are contained in three places: the Manuscripts and Archive Division of the New York Public Library (NYPL), 42nd Street, New York; the American Jewish Historical Society (AHJS), 15 West 16th Street, New York; and the Jacob Rader Marcus Center of the American Jewish Archives (JRMCAJA), 3101 Clifton Avenue, Cincinnati, Ohio. I have corrected his spelling in the quotations from the unpublished manuscripts.

5 SamuelTottenandStevenL.Jacobs(eds),PioneersofGenocideStudies:ConfrontingMassDeathin the Century of Genocide (Westport, CT: Greenwood Press, 2002). An important exception is Leo Kuper, who took Lemkin seriously in his Genocide: Its Political Use in the Twentieth Century (New Haven: Yale University Press, 1981.(

6 Yehuda Bauer' ,The Place of the Holocaust in History ,' Holocaust and Genocide Studies 2 (1987), 211–15. According to Anton Weiss-Wendt, Lemkin' incorporated a great many of offences in his, rather inclusive, interpretation of genocide) 'personal communication, 20 November 2007)

7 Scott Straus' ,Contested Meanings and Conflicting Imperatives: A Conceptual Analysis of Genocide ,' Journal of Genocide Research 3:3 (2001), 360. Emphasis in original. I am not suggesting such mistranscriptions are consciously committed. I am suggesting that they occur unconsciously because Lemkin's (mis)interpreters think that he must have intended genocide to mean total mass murder of an ethnic group.

8 Raphael Lemkin, Axis Rule in Occupied Europe: Laws of Occupation, Analysis of Government, Proposals of Redress (Washington, DC: Carnegie Endowment for International Peace, 1944), 79. Emphasis added.

9 Raphael Lemkin' ,Genocide as a Crime under International Law ,' American Journal of International Law 41:1 (1947), 147; cf. Caroline Fournet, The Crime of Destruction and the Law of Genocide: Their Impact on Collective Memory (Aldershot: Ashgate, 2007)

10 Mark Mazower' ,The Strange Triumph of Human Rights, 1933–1950 ,' Historical Journal 47:2 (2004), 379–98.

11 Lemkin,AxisRule.Hecoinedthetermin1943,butthebookwasdelayedforayearbycontractual negotiations with the publisher.

12 Rogers Brubaker' ,Ethnicity without Groups ,' in Andreas Wimmer et al (eds), Facing Ethnic Conflicts: Towards a New Realism (Lanham, MD, 2004), 35.

13 Lars Cederman' ,Nationalism and Ethnicity ,'in Walte Carlnaes, Thomas Risse, and Beth A. Simmons (eds), Handbook of International Relations (London: Sage, 2002), 412.

14 Steven Holmes' ,Looking Away ,'London Review of Books, 14 November 2002, and Michael Ignatieff' ,The Danger of a World without Enemies: Lemkin's Word ,'The New Republic, 21 February 2001.

15 Andrzej Walicki, Philosophy and Romantic Nationalism: The Case of Poland (Oxford: Clarendon Press, 1982)

16 Raphael Lemkin' ,Description of the Project ,'NYPL, Reel 3, Box 2, Folder 1.

17 Cooper thinks Lemkin was a Zionist, but the evidence he presents suggests he was a Bundist: Cooper, Raphael Lemkin and the Struggle for the Genocide Convention, 93.

18 Simon Dubnow, Nationalism and History: Essays on Old and New Judaism, ed. and intro Koppel S. Pinson (Philadelphia: Jewish Publication Society of America, 1958), 97; Simon Rabinovitch' ,The Dawn of a New Diaspora: Simon Dubnow's Autonomism, from St. Petersburg to Berlin ,'Leo Baeck Institute Yearbook 50 (2005), 267–88.

19 Ernst Gellner, Language and Solitude: Wittgenstein, Malinowski and the Habsburg Dilemma (Cambridge: Cambridge University Press, 1998), 120.

20 Raphael Lemkin' ,The Concept of Genocide in Anthropology ,'NYPL, Box 2, Folder 2.

21 Ibid.; Bronislaw Malinowski, The Scientific Theory of Culture and Other Essays (Chapel Hill: University of North Carolina Press, 1944), 36, 72–3.

22 E.g. Raphael Lemkin' ,Charlemagne ,'AJHS, P-154, Box 8, Folder 6. On the Mongols: JRMCAJA, Collection 60, Box 7, Folder 6. On Pan-German interest in colonizing Poland in the nineteenth century: JRMCAJA, Collection 60, Box 6, Folder 13.

23 Raphael Lemkin' ,War against Genocide ,'Christian Science Monitor, 31 January 1948, 2. On the relationship between genocide and warfare, see Shaw, What is Genocide.?

24 Andrew Fitzmaurice' ,Anti-Colonialism in Western Political Thought: The Colonial Origins of the Concept of Genocide ,'in A. Dirk Moses (ed.), Empire, Colony, Genocide: Conquest, Occupation and Subaltern Resistance in World History (New York: Berghahn Books, 2008), 55–80.

25 Raphael Lemkin' ,Spain Colonial Genocide ,'AJHS, P-154, Box 8, Folder 12. 26 Lemkin, Axis Rule, 81.

27 Raphael Lemkin' ,Proposal for Introduction to the Study of Genocide ,'NYPL, Reel 3, Box 2,Folder 1.

28 Lemkin' ,The Concept of Genocide in Anthropology .'He cites Malinowski, A Scientific Theory of Culture and Other Essays; Arthur Toynbee, A Study of History (London: Oxford University Press, 1947)

Ruth Benedict, Patterns of Culture (London: Routledge and Kegan Paul, 1935); Leo Louis Snyder, Race: A History of Modern Ethnic Theories (New York: Longmans, Green, 1939); Herbert Seligmann, Race against Man (New York: G. P. Putnam's Sons, 1939.(

29 Malinowski, A Scientific Theory of Culture and Other Essays, 61' :the conveyance of a cultural reality from one culture to another 'means that' new needs are created 'in the subject society.

30 Paul T. Cocks' ,The King and I: Bronislaw Malinowski, King Sobhuza II of Swaziland and the Vision of Culture Change in Africa ,'History of the Human Sciences 13:4 (2000), 25–47.

31 Lemkin' ,The Concept of Genocide in Anthropology.'

32 Raphael Lemkin' ,The Principle of Diversity of Cultures ,'JRMCAJA, Collection 60, Box 7, Folder7/12 .Part 1, Chapter 2, Sec. I. II, II, 3. Emphasis added.

33 Raphael Lemkin' ,The Germans in Africa ,'JRMCAJA, Collection 60, Box 6, Folder 9.

34 Memorandum from Raphael Lemkin to R. Kempner, 5 June 1946. United States Holocaust Memorial Museum, R. Kempner Papers (RS 71.001)

35 E.g. Stuart D. Stein' ,Conceptions and Terms: Templates for Analysis of Holocausts and Genocide ,'Journal of Genocide Research 7:2 (2005), 171.

36 A cognitive theory of ethnicity, by contrast, would show how that category is a perspective on the world rather than a primordial, fixed, entity that engages in zero-sum relations with other ethnicities:

37 Mahmood Mamdani' ,Historicizing Power and Responses to Power: Indirect Rule and Its Reform ,'Social Research 66:3 (1999), 859–86.

38 Memorandum from Lemkin to Kempner, 5 June 1946. See fn. 34.

39 Raphael Lemkin' ,Yucatan ,'AJHS, P-154, Box 8, Folder 12. Emphasis added.




# سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتكە دائىر ئاساسىي ئۇقۇملار

## سىياسىي ئۇقۇملارنىڭ ئىستىمالى ۋە سۈيىئىستىمالى

ئۇقۇملار سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. سىياسىي دە-تالاشلارنى كۆپىنچە ئاتالغۇلارنىڭ يوللۇق (legitimate) مەنىسى ئۈستىدىكى كۈرەش دېسەك قىلچىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن بولمايمىز. دۈشمەن تەرەپلەرنىڭ ھەر بىرى «ئەركىنلىكنى قوغداۋاتقانلىقىنى»، «دېموكراتىيەگە رىئايە قىلىۋاتقانلىقىنى» ياكى «ئادالەتنى ياقىلاۋاتقانلىقىنى» دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، بىر-بىرى بىلەن دە-تالاش قىلىدۇ، تۇقۇنۇشىدۇ، ھەتتا ئۇرۇشىدۇ. مەسىلە «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە» ۋە «ئادالەت»... دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئوخشىمىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان مەنالارغا ئىگە بولغانلىقىدا بولۇپ، قارىماققا بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئۆزىدىمۇ چاتاق باردەك قىلىدۇ.

مەيلى دۆلەت ئىچى ياكى خەلقئارالىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بولسۇن، سىياسىي تەھلىللەردە ئۇقۇملارنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىملىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ سەۋەب كۆرسىتىش مۇمكىن. بىرىنچىدىن، سىياسىي تەھلىللەر ئادەتتە ئۇمۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. سىياسەت بىلەن تارىخنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرقىنى ئويلاشقاندا بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ نامايەن قىلغىلى بولىدۇ. بىر تارىخچى مۇئەييەن بىر ۋەقەگە (مەسىلەن: فرانسىيە ئىنقىلابى، روسىيە

**ئاندىرىۋ ھېيۋۇد**

مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا تەرجىمىسى

(مۇستەقىل تەتقىقاتچى)

E-mail: memet.atawulla@gmail.com

ئىنقىلابى ياكى 1989-91- يىللىرىدىكى شەرقىي ياۋروپا ئىنقىلابلىرى) كۆڭۈل بۆلسە؛ بىر سىياسىي ئانالىزچى بۇنداق ۋەقەلەرنى تېخىمۇ چوڭ ياكى تېخىمۇ ئومۇمىي بىر ھادىسىنىڭ، بۇ مىسالدا ئىنقىلاب ھادىسىسىنىڭ ئەھمىيىتى نوقتىسىدىن تەتقىق قىلىشى مۇمكىن. تارىخشۇناسلار ئۈچۈن، «ئىنقىلاپ» ئۇقۇمى ئۈستىدە ئالاھىدە ئىزدىنىشنىڭ بەك ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى ئۇلار ئاساسەن مۇئەييەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى پەرقلىق، ھەتتا تەڭداشسىز نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. ئەمما سىياسىي ئانالىزچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئىنقىلاپ» ئۇقۇمى ئۈستىدە ئىزدىنىش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ سىياسىي تەتقىقاتنىڭ جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە، سىياسەت ئۆگەنگۈچىلەر بىلەن، سىياسەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، بولۇپمۇ كەسپىي سىياسىئونلارنىڭ ئىشلىتىدىغان تىلى زور دەرىجىدە ئوخشايدۇ. سىياسەتچىلەر سىياسىي چۈشەنچىدىن بەكرەك سىياسىي تەشەببۇسقا قىزىقىدىغان بولغاچقا، ئۇلاردا تىلنى كونترول قىلىش، بەزىدە قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىش خاھىشى كۈچلۈك. نەتىجىدە بۇ، سىياسەت ئۆگەنگۈچىلەرنى تىل ئىشلىتىشتە ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇشقا زورلايدۇ. ئۇلار، كۈندىلىك سىياسىي مۇنازىرىلەردە ھەمىشە كۆرۈلىدىغان سۈيئىستېمالدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئاتالغۇلارغا روشەن ئېنىقلىما بېرىشى، ئۇقۇملارنى دەل جايىدا بىكىتىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، سىياسىي ئۇقۇملار ھەر دائىم ئىدېئولوگىيەلىك ئېتىقادلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. زامانىۋى سىياسىي ئىدېئولوگىيەلەر 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققاندىن بۇيان، يالغۇز يېڭى بىر سىياسىي خىتاب تىلى مەيدانغا كەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە، سىياسىي مۇنازىرىدىكى ئاتالغۇ ۋە ئۇقۇملارمۇ چېگىش، كۆپىنچە قارمۇ-قارشى مەنالارغا تولۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا، سىياسىي ئۇقۇملار خىرىسقا تولغان مەخلۇقلاردۇر: ئۇلار ھەمىشە مۇجمەل بولۇپ، دائىم رىقابەت ۋە مۇنازىرە تېمىسى بولىدۇ؛ ھەمدە ئۇلارغا ئىشلەتكۈچىلەردىن بىخەۋەر قىممەت قاراش ھۆكۈملىرى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك تەسىرلەر «يۈكلەنگەن» بولۇشى مۇمكىن.

## ئۇقۇم (concept) دېگەن نېمە؟

ئۇقۇم دېگىنىمىز ئادەتتە تاق سۆز ياكى قىسقا سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، مەلۇم نەرسە ھەققىدىكى ئومۇمىي بىر ئىدىيەدۇر. ئۇقۇمنىڭ مەنا دائىرىسى مەلۇم بىر خاس ئىسىم ياكى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ نامىدىن تېخىمۇ كەڭ. مەسىلەن: بىر مۈشۈك (مۇئەييەن، ئۆزگىچە بىر مۈشۈك) ھەققىدە پاراڭ قىلىش بىلەن «مۈشۈك» ئۇقۇمى (مۈشۈك ھەققىدىكى ئىدىيە)گە ئىگە بولۇش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. مۈشۈك ئۇقۇمى مەلۇم بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى بىر ئىدىيە، يەنى مۈشۈككە «تۈكلۈك ھايۋان»، «كىچىك»، «ئۆي ھايۋىنى»، «چاشقان تۇتىدۇ»... دېگەندەك ئۆزگىچە خارەكتېر ئاتا قىلىدىغان تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلەردىن تەركىپ تاپقان بىر ئىدىيە. ئوخشاشلا «پىرېزىدېنتلىق» دېگەن ئۇقۇممۇ مەلۇم بىر پىرېزىدېنتنى ئەمەس، بەلكى ئىجرائىيە ھوقۇقىنىڭ تەشكىللىنىشى ھەققىدىكى بىر قاتار ئىدىيەلەرنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇقۇملار زور دەرىجىدە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى، تېخىمۇ توغرىسى ئومۇمىي ئىدىيەگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەر بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا، ئۇقۇملارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئۇقۇم ھاسىل قىلىش پىكىر قىلىش مۇساپىسىدىكى نىگىزلىك بىر قەدەمدۇر. ئۇقۇملار بىر يۈرۈش قۇراللار بولۇپ، بىز پىكىر، تەنقىد، مۇنازىرە، بايان ۋە تەھلىل قىلىشتا ئۇلارغا تايىنىمىز. تاشقى دۇنيانى ھېس قىلىشنىڭ ئۆزىلا بىزنى دۇنيا ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە قىلمايدۇ. دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن مەلۇم جەھەتتىن بىز ئۇنىڭغا مەنا يۈكلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ ۋەزىپىنى ئۇقۇم شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ئورۇنلايمىز. ئاددىيلا قىلىپ ئېيتقاندا، بىر مۈشۈككە مۈشۈك سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن، بىز ئالدى

بىلەن ئۇنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە ئۇقۇم ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ سىياسىي ئەقىل يۇرگۈزۈش جەريانىغىمۇ دەل چۈشىدۇ: بىز سىياسىي دۇنيا ھەققىدىكى مەلۇماتىمىزنى نۆقۇل ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ ئەمەس، بەلكى دۇنيانى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئۇقۇملارنى ئىجاد قىلىش ۋە پۇختىلاش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان. ئۇقۇملار بۇ جەھەتتىن ئىنسان بىلىمىنىڭ قۇرغۇچى كىسەكلىرىدۇر. ئۇقۇملار يەنە تېپىلغاق بولۇپ، سىياسىي ئۇقۇملاردا بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. سىياسىي ئۇقۇملاردىكى ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، ئۇلارغا ھەر قاچان قىممەت قاراش سىڭگەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىش تېمىسى بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەزىدە ئۇلارنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ئەسلىدىكىدىن بەكرەك مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلىدۇ.

## ئۆلچەمچىل (normative) ۋە تەسۋىرچىل (descriptive) ئۇقۇملار

ئۆلچەمچىل ئۇقۇملار ئادەتتە «قىممەتلەر» (values) سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ ۋە «كېرەك، شەرت، لازىم»... دېگەندەك ئەخلاقىي پرىنسىپلار ۋە غايىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا، «ئەركىنلىك» (liberty)، «ھەقلەر» (rights)، «ئادالەت» (justice)، «باراۋەرلىك» (equality)، «سىغدۇرۇش» (toleration)... دېگەندەك كۆپلىگەن سىياسىي ئۇقۇملارغا قىممەت قاراشلار يۈكلەنگەن. شۇڭلاشقا، قىممەت قاراشلار ياكى ئۆلچەمچىل ئۇقۇملار مەلۇم ھادىسە ياكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەشتىن بەكرەك، مۇئەييەن ھەرىكەت شەكلىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بەزى چاغلاردا، سىياسىي قىممەت قاراشلار بىلەن ئۇلارنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلارنىڭ ئەخلاقىي، پەلسەپۋى ۋە ئىدىيىۋى ئەقىدىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش تەس. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، تەسۋىرچىل ياكى ئېنىقچىل (positive) ئۇقۇملار ئوبيېكتىپ ۋە كۆرسەتكىلى بولىدىغان مەۋجۇت «ئەمەلىيەتلەر»نى (facts)، يەنى ئۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نوقتىدىن، «كۈچ» (power)، «ھوقۇق» (authority)، «تەرتىپ» (order) ۋە «قانۇن» (law)... دېگەندەك ئۇقۇملار ئۆلچەمچىل بولۇشتىن بەكرەك، تەسۋىرچىللىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. چۈنكى ئۇلارنىڭ بار-يوقلۇقىغا سوئال قويغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەت بىلەن قىممەت ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئادەتتە يارقىن تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارىلىدۇ. قىممەتلەر كۆز قاراش ھېسابلىنىشى مۇمكىن، لېكىن ئەمەلىيەتلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تەسۋىرچىل ئۇقۇملار «بىتەرەپ» (neutral) ۋە قىممەتتىن خالىي دەپ قارىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ زىللىقىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ئېنىقچىلىق (positivism) نىڭ تەسىرى ئاستىدە، سىياسەت ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش چاقىرىقى 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۆلچەمچىل ئۇقۇملارنىڭ «مېتافىزىكىلىق» دەپ قارىلىدىغانلىقى، شۇڭا قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. قانداقلا بولمىسۇن، سىياسىي ئۇقۇملاردىكى مەسىلە ئەمەلىيەتلەر بىلەن قىممەتلەرنىڭ ھەر دائىم ئۆز-ئارا كىرىشىپ كەتكەنلىكىدە بولۇپ، قارىماققا تەسۋىرچىل كۆرۈنگەن ئۇقۇملارغىمۇ بىر قاتار ئەخلاقىي ۋە ئىدىيىۋى ئىما-ئىشارەتلەر سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ. مىسالغا ئېيتساق، «ھوقۇق» (authority) دېگەن ئۇقۇمدىن بۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ناۋادا ھوقۇققا «باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىش ھەققى» دەپ ئېنىقلىما بېرىلسە، ئۇ چاغدا، ھوقۇققا كىملەرنىڭ ئىگە بولۇپ-بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭ نېمىگە ئاساسەن يۈرگۈزۈلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بۇ ئۇقۇمنى تەسۋىرچىل شەكىلدە قوللىنىش تامامەن مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ ئۇقۇمنى ھوقۇقنى قاچان، قانداق ۋە نېمىشقا يۈرگۈزۈش كېرەك... دېگەندەك قىممەتچىل ھۆكۈملەردىن تامامەن ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، ھوقۇققا نىسبەتەن ھېچكىم بىتەرەپ ئەمەس. ئالايلۇق، يۇقۇرىدىن بۇيرۇق

چۈشۈرۈشكە ئېھتىياج بارلىقىنى تەكىتلەيدىغان كونسېرۋاتىپلار (conservatives) ھوقۇقىنى توغرا ۋە ساغلام دەپ قاراشقا مايىل بولسا، ھۆكۈمەت ۋە قانۇننىڭ رەزىللىكىگە ئىشىنىدىغان ئانارخىستلار (anarchists)غا نىسبەتەن ھوقۇق قىپيالىڭاچ زۇلۇمدۇر. شۇڭلاشقا، مەيلى ئۆلچەمچىل بولسۇن ياكى تەسۋىرچىل بولسۇن، پۈتۈن سىياسىي ئۇقۇملارنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى نوقتىئىنەزىرىگە قاراپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان سىياسىي ئۇقۇملارنىڭ قىممەت يۈكلۈك خاراكتېرىگە بېرىلگەن بىر جاۋاب بولسا تىل ئىشلىتىشتە «سىياسىي كوررېكتورلۇق» (political correctness) تا چىڭ تۇرۇش ھەرىكىتى بولدى. سىياسىي كوررېكتورلۇق ئۇمۇمەن تىلنى ئىرقچى، جىنسچى ۋە باشقا كەمسىتكۈچى ياكى يەكلىگۈچى ئىما-ئىشارەتلەردىن تازىلاشنى ئۈمىد قىلىدىغان فېمىنىستلار، پۇقرالار ھوقۇقى پائالىيەتچىلىرى ۋە ئاز سانلىق گۇرۇپ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنىپ كەلدى. بۇ تەشەببۇس، تىل زور دەرىجىدە بىر جەمئىيەتتىكى كۈچ قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، ھۆكۈمران گۇرۇپپىلارغا خىزمەت قىلىپ، تارماق گۇرۇپپىلارنى يەكلەيدۇ، دېگەن چۈشەنچىگە ئاساسلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان تۈرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئادەم (man) (ئەر مەنىسىدە)، ئازسانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن نېگىرلار (negroes) ياكى رەڭلىكلەر (coloureds)، تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن «ئۈچىنچى دۇنيا» (world third) ياكى «كەينىدە قالغان» (underdeveloped)... دېگەندەك سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش بۇنىڭ روشەن ئىپادىلىرى ھېسابلىنىدۇ. سىياسىي كوررېكتورلۇقنىڭ نىشانى بولسا سىياسىي مۇنازىرىنى كەمسىتىشتىن خالىي تىل بىلەن ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشتۇر. ھالبۇكى، تەرەپسىز ۋە ئوبيېكتىپ بىر سىياسىي خىتاب تىلى بەرپا قىلىش ئارزۇسى خام خىيالدۇر. ئەڭ قالالىغاندا، «مەنپىي» (negative) ئاتالغۇلارنى ئىجابىي (positive) ئاتالغۇلارغا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ، مەسىلەن: «ئىقتىدارسىز» (disabled) (مېيىپ مەنىسىدە) كىشىلەرنى «پەرقلىق ئىقتىدارلىق» (differently abled) كىشىلەر، «نېگىرلار» (negroes) نى «قارىلار» (black) دېيىش مۇمكىن. بىراق، سىياسىي كوررېكتورلۇقنى تەنقىد قىلغۇچىلار بۇنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك چەكلىمە پەيدا قىلىپ، تىلنى نامراتلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقى ۋە «خاتا» قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### ئىختىلاپلىق (contested) ئۇقۇملار

تېخىمۇ چوڭ مەسىلە شۇكى، سىياسىي ئۇقۇملار ھەمىشە ئىلمىي ۋە ئىدىيىۋى تالاش-تارتىشلارنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئوخشاش پرىنسىپ ياكى ئىدىيەنى ياقلايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا دە-تالاش يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئۇقۇم ئىختىلاپىنىڭ ئۆزىمۇ سىياسەتنىڭ جەڭگاھلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ خىل ئەھۋال «ھەقىقىي» دېموكراتىيە ، «ھەقىقىي» ئەركىنلىك، «ھەقىقىي» ئادالەت.. دېگەندەك، بىر ئۇقۇم ھەققىدىكى مەلۇم بىر چۈشەنچىنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن توغرا دەپ بېكىتىشكە ئۇرۇنۇشتا ئەكس ئېتىدۇ. بۇ خىل ئارىسالدىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ۋ. ب. گاللىي (W. B. Gallie) (6-1955) كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، «كۈچ»، «ئادالەت» ۋە «ئەركىنلىك»... دېگەندەك ئۇقۇملاردا ئىختىلاپ شۇ قەدەر ئېغىركى، بۇ خىل ئۇقۇملارغا بىتەرەپ ياكى مۇقىم ئېنىقلىما بېرىش ھېچقاچان مۇمكىن بولمايدۇ، شۇڭا بۇخىل ئۇقۇملارنى «ماھىيىتىدىن ئىختىلاپلىق ئۇقۇملار» (essentially contested concepts) سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك. ماھىيەتتە، ھەر بىر ئاتالغۇ كۆپلىگەن قارىمۇ-قارشى ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئاتالغۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بىر ئۇقۇمنىڭ «ماھىيىتىدىن ئىختىلاپلىق» ئىكەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلغانلىق ئۇنى چۈشىنىشكە تېرىشىشتىن ۋاز كەچكەنلىك ئەمەس، بەلكى شۇ ئۇقۇمنىڭ قارمۇ-قارشى نۇسخىلىرىنىڭ باراۋەر ھالدا كۈچكە ئىگە بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر.

ھەممىسى بولمىغاندىمۇ، نۇرغۇن ئۇقۇملار كۆپ تەرەپلىملىك ياكى «ماھىيىتىدىن ئىختىلاپىلىق»، دېگەن قاراش كۆپلىگەن كىشىلەر تەرىپىدىن، خۇسۇسەن تېرېنس بال (Terence Ball) (1988) تەرىپىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان. بۇ ھەقتە ئىككى لىنىيەلىك بىر مۇنازىرە ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىرىنچى لىنىيە، گاللىينىڭ قاراشلىرىنى تەتبىقلاشقا ئورۇنغان كۆپلىگەن نەزەرىيەچىلەرنىڭ (لۇكس (Lukes) نىڭ «كۈچ»كە قارىتا قىلغىنىدەك) ھەر دائىم مەلۇم بىر ئۇقۇمنىڭ ئۆزلىرىگە ياققان چۈشەندۈرۈلۈشىنى ياقىلاپ، باشقىلىرىنى يەكلەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. بىر ئۇقۇمنىڭ بارلىق نۇسخىلىرىنىڭ باراۋەر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلماسلىق مەۋجۇت دە-تالاش ۋە مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بۇ خىل مۇنازىرە كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر باسقۇچتا يالغۇز ۋە مەقبۇل بىر ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېچبىر ئۇقۇم تەبىئىتىدىن قارمۇ-قارشى ۋە زىت ئەمەس. مۇنازىرىنىڭ ئىككىنچى لىنىيەسى بولسا، گاللىينىڭ تەھلىلىنىڭ تارىخىي ئاساسىي يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، ھازىر ئىختىلاپلىق بولغان بىر قىسىم ئۇقۇملار بۇرۇن كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۈگۈن دېموكراتىيەنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەڭ ۋە چوڭقۇر تالاش-تارتىشلار پەقەت 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىملار بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرىغا چىققان. شۇڭلاشقا، ئىختىلاپلىق ئۇقۇملارغا «ھازىرچە» ئىختىلاپلىق ئۇقۇملار (بېرچ (Birch)، 2007) ياكى «ئەھۋالغا قاراپ» ئىختىلاپلىق ئۇقۇملار (بال (Ball)، 1997) دېگەن تۈزۈك.

## كەلىمىلەر ۋە شەيئىلەر

ئۇقۇملارغا دائىر ئاخىرقى مەسىلە بولسا ئۇقۇملارغا چۈقۇنۇشتۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئۇقۇملارغا گويا ئۇلارنى قوللىنىۋاتقان ئىنسانلاردىن ئايرىم، كونكېرت بىر مەۋجۇتلۇقتەك مۇئامىلە قىلغاندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كەلىمىلەرگە شەيئىلەرنى چۈشىنىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ماكس ۋېبېر (Max Weber) (1864–1920) بۇ مەسىلىنى مەلۇم ئۇقۇملارنى «ئىدېئال (كۆڭۈلدىكىدەك) تىپلار» (ideal types) سۈپىتىدە تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئورۇنغان. ئىدېئال تىپ دېگىنىمىز بىر خىل ئەقلىي رامكا بولۇپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە مەنتىقىلىق چۈقىغا يېتىش ئارقىلىق چەكسىز ۋە مۇرەككەپ رېئاللىقتىن كونكېرت مەنا چىقىرىلىدۇ. يەنى ئىدېئال تىپلار رېئاللىقنىڭ تەقلىدى ئەمەس، بەلكى چۈشەندۈرگۈچى قۇراللاردۇر؛ ئۇلار يا رېئاللىقنى خوراتمايدۇ، يا بىر ئەخلاقىي غايە بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. شۇڭا، «دېموكراتىيە»، «ئىنسان ھەقلىرى» ۋە «كاپىتالىزم»... دېگەندەك ئۇقۇملار ئۆزلىرى تەسۋىرلىمەكچى بولغان شەكىلسىز رېئاللىققا قارىغاندا تېخىمۇ يۇملاق ۋە بىردەكلىككە ئىگە. ۋېبېرنىڭ ئۆزىمۇ ھوقۇق (authority) ۋە بيۇروكراتىيە (bureaucracy) گە ئىدېئال تىپلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان. مەلۇم ئۇقۇملارنى ئىدېئال تىپلار سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بولسا ئۇقۇملارنىڭ پەقەتلا ئانالىز قۇراللىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇقۇملارنى ياكى ئىدېئال تىپلارنى نۇقۇل ھالدا «ھەقىقىي» ياكى «ساختا» دەپ ئويلىغاندىن، «قوللىنىشچانلىقى» (useful) تۆۋەن ياكى يۇقۇرى دەپ ئويلىغان ياخشى.

سىياسىي ئۇقۇملارنىڭ ئېھتىماللىق تەبىئىتى ئاتالمىش كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەچىلىرى تەرىپىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلەندى. ئۇلار ھەممە كىشى قوبۇل قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال قىممەتلەرنى تېپىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان «ئەنئەنىۋىي» ئىزدىنىشكە، بۇ بارچە قىممەتلەر ۋە ئىددىيىلەرگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغان يۈكسەك بىر نوقتا بارلىقىنى پەرەز قىلغانلىق، دەپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ يۈكسەك نوقتىنىڭ ئورنى ھەققىدە نىگىزلىك

ئىختىلاپلارنىڭ ھېچ توختىماي ۋاتقانلىقى يوللۇق سىياسىي ۋە ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى، تىلىمىزنىڭ ۋە سىياسىي ئۇقۇملىرىمىزنىڭ پەقەتلا ئۇلار ئىجاد قىلىنغان ۋە ئىشلىتىلگەن مۇھىت ئىچىدە كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇقۇملار ھەققىدىكى ئەڭ رادىكال تەنقىد ماھايانا بۇددىزم (Mahayana Buddhism) پەلسەپىسىدە شەكىللەنگەندەك قىلىدۇ. بۇ پەلسەپە، ئۇقۇملارنى مەلۇم شەكىلدە قوللىنىش ئۈچۈن ئاۋامنىڭ رازىلىقىغا تايىنىپ رەسمىي بىر توختامنى شەكىللەندۈرىدىغان «توختاملىق» ھەققەت بىلەن بىۋاستە تەجرىبە ئارقىلىق رېئاللىققا سىڭىپ كىرىش ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇقۇملاشتۇرۇشتىن ھالقىشقا دائىر «مۇتلەق» ھەقىقەتنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق تەپەككۇر رېئاللىققا چۈشۈرۈلگەن شولىغا باراۋەر بولۇپ، بىر خىل خىيالىي تۈيغۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. خۇددى زېننىڭ (Zen) ئېيتقىنى بويىچە، ئايغا ئىشارەت قىلغان بارماقنى ئاينىڭ ئۆزى دەپ ئويلاپ قالغاندەك، ناۋادا بىزمۇ كەلىمىلەرنى شەيئىلەر دەپ ئويلاپ قالساق، خەتەرگە يولۇقىمىز.

## ئاساسىي ئۇقۇملار: مەنىلىرى ۋە ئەھمىيەتلىرى

### مۇتلەقچىلىك (Absolutism)

مۇتلەقچىلىك مۇتلەق ھۆكۈمەت (Absolute government) نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆر-سىتىدىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت چەكلىمىسىز كۈچ (power)كە ئىگە بولۇش جەھەتتە مۇتلەقتۇر، يەنى ھۆكۈمەت سىرتقى بىر گەۋدىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مۇتلەق پادىشاھلىق (Absolute monarchy) مۇتلەق ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ يارقىن نەمۇنىسىدۇر. شۇنداقتىمۇ، مۇتلەق ھۆكۈمەت بىلەن پادىشاھلىق ئوتتۇرىسىدا زۆرۈر بىر باغلىنىش يوق. چەكلىمىسىز كۈچنى بىر پادىشاھنىڭ قولىغا تۇتقۇزغىلى بولغاندەك، ئالىي كېڭەشكە ئوخشاش بىرەر كوللېكتىپ ئورگانغا تاپشۇرغىلىمۇ بولىدۇ. بىراق، مۇتلەقچىلىك ھازىرقى زاماندىكى دىكتاتورلۇق (dictatorship)، بولۇپمۇ ھاكىممۇتلەقلىق (totalitarianism)تىن پەرقلىقتۇر. مۇتلەقچىل ھاكىمىيەتلەر ئادەتتە ئاممىنى سىياسەتكە ئارىلاشتۇرماسلىق يولى بىلەن سىياسىي كۈچنى مونوپول قىلسا، ھاكىممۇتلەقلىق ئىجتىمائىي ۋە خۇسۇسىي ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى سىياسىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق «مۇتلەق كۈچ» (total power) بەرپا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭدەك، مۇتلەقچىلىك فاشىزم (fascism)دىنمۇ ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

### ئەھمىيىتى

مۇتلەقچىلىك 17- ۋە 18-ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى ئاساسلىق سىياسىي شەكىل ئىدى. ئۇ ئادەتتە دەخلى-تەرۇزسىز ۋە ئايرىلماس قانۇنىي ھوقۇق (authority)قا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىگىدارلىق (ئىگىلىك ھوقۇق، sovereignty) پادىشاھلىققا تەۋە دېگەن قاراشقا باغلىناتتى. مۇتلەقچىل ھۆكۈمرانلىق راتسىئونالىست (بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ ئەقلچىل دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، بەزىدە ئەقلچىل دېگەن مەنانى ئىپادىلىمەيدۇ) (rationalist) ۋە ئىلاھىيەتچىل (theological) نەزەرىيەلەرنىڭ بىرەدەك قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. ژان بودىن (Jean Bodin) (1530–96) ۋە توماس خوببىس (Thomas Hobbes) (1588–1679)لارنىڭكىگە ئوخشاش مۇتلەقچىلىكنى ياقىلىغۇچى راتسىئونال نەزەرىيەلەر پەقەت مۇتلەق ھۆكۈمەتلەرلا تەرتىپ (order) ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭلاشقا، ئۇلارغا نىسبەتەن پارچىلانغان ئىگىدارلىق (sovereignty) ۋە دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرايدىغان كۈچ (power) قالايمىقانچىلىق

ۋە تەرتىپسىزلىكنىڭ مەنبەسىدۇر. مۇتلەقچىلىكنى ياقىلايدىغان ئىلاھىيەتچىل نەزەرىيەلەر بولسا مۇقەددەس ھەق تەلىماتى (doctrine of divine right) غا ئاساسلىناتتى. بۇ تەلىمات بويىچە، بىر پادىشاھنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھەققى تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بولۇپ، خۇددى تەڭرىنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدىكى ھەققىگە ئوخشايتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، مۇتلەقچىل نەزەرىيەلەر نۆۋەتتە ئۇمۇمىيۈزلۈك ھالدا سىياسىي جەھەتتىن كېرەكسىز، ئىدىيىۋى جەھەتتىن ناخۇش دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن كېرەكسىز، چۈنكى دەستۇرچىلىق (ئاساسىي قانۇنچىلىق، constitutionalism) بىلەن ۋەكىللىك (representation)نىڭ تەرەققىياتى ئاللىقاچان كۆچنى پارچىلاپ، مۇۋازىنەت ۋە تەڭپۇڭلۇقنىڭ كۆچىيىنىشى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە بىرگە ئۇلار دىكتاتورلۇق ساقلىنىپ قالغان يەرلەردە، ئىنتايىن پەرقلىق بىر سىياسىي رولنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار ئىدىيىۋى جەھەتتىن ناخۇش، چۈنكى مۇتلەقچىلىك مۇتتەھەم ۋە زوراۋان ھۆكۈمەتلەر ئۈچۈن چاپانچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ، خۇسۇسىي ھەقلەر (individual rights)، دېموكراتىك جاۋابكارلىق (accountability) دېگەندەك ئىدىيەلەر بىلەن ئەسلا چىقىشالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، پارلامېنتچىل ئىگىدارلىق (Parliamentary sovereignty also called parliamentary supremacy or legislative supremacy) پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا بەرپا قىلىنغان سىياسىي تۈزۈملەر (political systems)دە بىر خىل دەستۇرچىمۇتلەقچىلىك (constitutional absolutism) نىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### جاۋابكارلىق (Accountability)

جاۋابكارلىق دېمەك ھېساب بېرەلەيدىغان بولۇش دېمەكتۇر. ئۇ بىراۋنىڭ ئۆز ئىش-ھەرىكىتىگە قارىتا چۈشەنچە بېرىشى ۋە باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچۇق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. جاۋابكارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت، ھوقۇق ۋە فونكسىيەلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ، باھالاپ چىقىلالايدىغان شەكىلدە ئېنىق بەلگىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن، جاۋابكارلىق پەقەت دەستۇرچىلىق (constitutionalism) مۇھىتى ئاستىدىلا ئاندىن ئىشقا يارايدۇ؛ جاۋابكار بولۇش ھەرگىزمۇ زوراۋان ھوقۇق (authority) ياكى قارىغۇلارغا جازا (punishment) غا يولۇقۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىراق، جاۋابكارلىق بىراۋغا ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلەپ، جىنايەت ۋە جازانى ئۈستىگە ئېلىشنى مۇقەررەرلەشتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر خىل زەئىپ مەسئۇلىيەتچانلىق (responsibility) شەكلىگە باراۋەر بولۇشى مۇمكىن.

### ئەھمىيىتى

جاۋابكارلىق چەكلىك ھۆكۈمەت (limited government)، ئۈنۈملۈك قارار ئېلىش ۋە دېموكراتىيە (democracy)نىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇ سىياسىي كونترول مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى (power)نى چەكلەيدۇ. بۇ خىل مېخانىزمدا ئورگانلار بىر-بىرىنى نازارەت قىلىدۇ. جاۋابكارلىق سىياسىي تەكلىپلەرنىڭ ئەستايىدىل كۆزدىن كەچۈرۈلۈشى ۋە سىياسىي نەتىجىنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئاممىۋىي سىياسەت (public policy)نىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قەرەللىك ۋە رىقابەتلىك سايلاملار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقاندا، جاۋابكارلىق دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ ئەمەلىي يۈزى سۈپىتىدە ئاممىۋىي باشقۇرۇش ۋە ئاممىۋىي جاۋابكارلىق سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، جاۋابكارلىق پەقەت مۇئەييەن شارائىت ئاستىدىلا كارغا كېلىدۇ. بۇ شەرتلەر نازارەت قىلىش مېخانىزمىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، مۇھىم ۋە سەۋىيىلىك ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن يۇقىرى ئورگانلارنىڭ يېتەرلىك ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيدىغان

بولۇشى، خاتالىق ياكى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە مۇناسىپ جازا بېرەلەيدىغان بولۇش... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جاۋابكارلىقنىڭ ئاساسلىق كەمچىللىكى بولسا، ئۇنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم ۋە ھەرىكەت قىلىشنى بوغۇپ قويىدىغانلىقىدۇر. ئالايلۇق، دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ مىنىستىرلار ئالدىدىكى جاۋابكارلىقى بيۇروكراتىك كۈچنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا ۋە مەۋجۇت ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجلىرىغا بويسۇندۇرۇشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

## ئانارخىزم ياكى ھۆكۈمەتسىزلىك (Anarchism)

ئانارخىزم بارلىق شەكىللەردىكى، بولۇپمۇ دۆلەت (state) شەكلىدىكى سىياسىي ھاكىمىيەت (authority) ھەم رەزىل، ھەم زۆرۈرىيەتسىز دېگەن ئەقىدىگە ئاساسلىنىدىغان بىر ئىدېئولوگىيە (ideology)دۇر. ئانارخىيە (anarchy)نىڭ ئەينەن مەنىسى «ھۆكۈمەتسىزلىك، without rule» دېگەنلىك بولىدۇ. ئانارخىستلارنىڭ ئېتىقادىدا، دۆلەت رەزىلدۇر. چۈنكى ئۇ ئىگىدارلىقنىڭ ۋە زورلىغۇچى ھوقۇقنىڭ بارگاھى سۈپىتىدە ئەركىنلىك (freedom) ۋە باراۋەرلىك (equality)كە دەخلى قىلىدۇ. ئانارخىزمنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى چەكلىمىسىز خۇسۇسىي ئۆزئەركىلىك (autonomy) بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار، ھۆكۈمەت (government) ۋە قانۇن (law)...قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چىرىكلىك ۋە چىرىكلىشىش دەپ رەت قىلىنىدۇ. بىراق، دۆلەت زۆرۈرىيەتسىز دېگەن ئېتىقادنىڭ ئانارخىزمدىكى ئورنىمۇ بەك تۆۋەن ئەمەس. گەرچە ئانارخىستلار سىياسىي تەرتىپ (political order)نى رەت قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ «تەبىئىي تەرتىپ» (natural order)ۋە ئىجتىمائىي ئىناقلىقنىڭ ئۆزلىكىدىن شەكىللىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى خېلىلا كۈچلۈك بولۇپ، بۇ خىل ئىشەنچ ئىنسان تەبىئىتى (human nature) ھەققىدىكى ئۈمىدۋار پەرەزلەر تەرىپىدىن مۇستەھكەملەنگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت تەرتىپسىزلىكنى ھەل قىلىدىغان چارە ئەمەس، ئەكسىچە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبتۇر.

ھالبۇكى، ئانارخىستلارنىڭ شەخسلەر ئۆز رازىلىقى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئەركىن-ئازادە ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلالايدىغان دۆلەتسىز بىر جەمئىيەتنى ئەۋزەل كۆرۈشى سوتسىيالىست كومۇناچىلىق (communitarianism) بىلەن لىبېرال شەخسچىلىك (individualism)تىن ئىبارەت قارمۇ-قارشى ئىككى ئەنئەنە ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ جەھەتتىن، ئانارخىزمنى سوتسىيالىزم (socialism) بىلەن لىبېرالىزم (liberalism)نىڭ ئەكسىلدۆلەتچىل (anti-statist) خۇلاسىلىرىنىڭ كېسىشمە نوقتىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئانارخىزم نىسپىي ھالدا كوللېكتىپچىل (collectivist) ئانارخىزم ۋە شەخسچىل (individualist) ئانارخىزم شەكلىدە «چەكتىن ئاشقان سوتسىيالىزم» (ultra-socialism) بىلەن «چەكتىن ئاشقان لىبېرالىزم» (ultra-liberalism)نىڭ بىرىكمىسى دەپ قارىلىپ كەلدى. كوللېكتىپچىل ئانارخىزم (بەزىدە «كلاسسىك» (classical) ئانارخىزم ياكى «سوتسىيال» (social) ئانارخىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىجتىمائىي سەپداشلىق (solidarity) پىكرى، يەنى كىشىلەر ئارىسىدىكى تەبىئىي ۋە خاس مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزى ھېسداشلىق، مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئىناقلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر دېگەن ئىدىيەگە يىلتىز تارتقان بولۇپ، پيوتر كروپوتكىن (Kropotkin Pyotr) (1921–1842) بۇ خىل ئىدىيەنى «ئۆزئارا ياردەم» دەپ ئاتىغان. كوللېكتىپچىل ئانارخىستلار ئانارخىيە-كومىنىزم (anarcho-communism) شەكلىدە ئەڭ رادىكال ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن پېير جوسېف پرودون (Pierre-Proudhon Joseph) (1809–65) نىڭ «مال-مۈلك ئوغرىلىقتۇر» (Property is theft) دېگەن مەشھۇر سۆزىنى قوللاپ، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ۋە ئورتاق ئىگىلىكنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شەخسچىل ئانارخىزم بولسا ئىگىدار شەخس (sovereign individual) پىكرى، يەنى شەخسنىڭ ۋىجدانى ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشى

ھېچقانداق بىر كوللېكتىپ گەۋدىنىڭ ياكى ئاممىۋىي نۇپۇزنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك دېگەن ئېتىقادقا ئاساسلىنىدۇ. شەخسچىل ئانارخىزم ئازاتچىلىق (libertarianism) بىلەن كېسىشىدىغان بولۇپ، ئادەتتە بازار (market)نىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش مېخانىزمىغا بولغان چوڭقۇر ئىشەنچكە باغلىنىدۇ ۋە ئانارخىيە-كاپىتالىزم (anarcho-capitalism) شەكلىدە ئەڭ يارقىن نامايەن بولىدۇ.

## ئەھمىيىتى

ئانارخىزم سىياسىي ئىدېئولوگىيەلەر ئىچىدە ھېچبولمىغاندا بىرەر دۆلەتتە بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كۈچكە ئىگە بولۇپ باقمىغان غەلىتە بىر ئىدېئولوگىيەدۇر. ھېچبىر جەمئىيەت ياكى ئۇلۇس (nation) ئانارخىزمنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە قايتا شەكىللىنىپ باقمىغاچقا، ئانارخىزمنى ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر ئىدېئولوگىيە دەپ قاراش خاھىشى كۈچلۈك. بىر سىياسىي ھەرىكەت سۈپىتىدە ئانارخىزمنىڭ نىگىزلىك ئۈچ نوقسانى بار. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ دۆلەت ۋە سىياسىي ھوقۇقنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىشانى ئادەتتە رېئاللىققا پەقەتلا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. ئانارخىزمغا قارىتىلغان ئەڭ كۆپ تەنقىد ئۇنىڭ تەرتىپ ۋە مۇقىملىقنى ساقلاشتا «ئىنساننىڭ ياخشىلىقى» (human goodness) ۋە بازار ياكى ئورتاق ئىگىلىك دېگەندەك ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر (institutions)نىڭ ئىقتىدارىغا زىيادە ئىشىنىش جەھەتتە ئۇتوپىيەچىلىك (utopianism)نىڭ بىر نەمۇنىسى ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان. ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەتنى چىرىكلىك ۋە چىرىكلىشىش دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئانارخىستلار سىياسىي پارتىيە (political party) قۇرۇش، سايلام (election) ئېلىپ بېرىش، مەنسەپ تەلەپ قىلىش... دېگەندەك سىياسىي پائالىيەتچىلىكنىڭ پۈتۈن ئەنئەنىۋىي يوللىرىنى بىردەك رەت قىلىپ، بۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىكىدىن قوزغىلاڭ قىلىش ئۈچۈن ئامminنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ كەلدى. ئۈچىنچىدىن، ئانارخىزم ئۆزگىچە ۋە ئۇيۇشقان بىر يۈرۈش سىياسىي ئىدىيەلەرگە ئىگە ئەمەس: ئەكسىلدۆلەتچىلىك (anti-statism)تىن باشقا، ھۆكۈمەتسىز جەمئىيەتنىڭ تەبىئىتى، بولۇپمۇ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي تەشكىللىنىشكە قارىتا ئانارخىستلار ئارىسىدا چوڭقۇر ئىختىلاپ بار.

نېمىلا بولمىسۇن، ئانارخىزمنىڭ ئەھمىيىتى سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىدىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئازراق؛ باشقا سىياسىي ئەقىدىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزۈقلاندۇرۇش جەھەتتە كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. ئانارخىستلار سىياسىي كۈچنىڭ زورلىغۇچى ۋە ۋەيران قىلغۇچى تەبىئىتىنى يورۇتۇش ئارقىلىق، باشقا ئىدېئولوگىيەلەردە، بولۇپمۇ لىبېرالىزم، سوتسىيالىزم ۋە كونسېرۋاتىزم (conservatism)دا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان دۆلەتچىل خاھىشلارغا قارشى تۇرۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتە، ئانارخىستلار ھازىرقى زامان سىياسىي ئىدىيەسىگە بارغانسېرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئالايلۇق، يېڭى سول (New Left) ۋە يېڭى ئوڭ (New Right)نىڭ ھەر ئىككىسىدىن ئانارخىست چۈشەنچىنىڭ ئىزلىرى تېپىلىدىغان ئازاتچىل (libertarian) خاھىشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەسلىدە، ئانارخىزمنىڭ ئەھمىيىتىنى يۇقاتماي داۋام قىلىشى بەلكىم ئۇنىڭ بارغانسىرى كۆپ خىللاشقان خاراكتېرىگە يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك. بۇلاردىن سىرت، بەزى جەھەتلەردىن مەۋجۇت سىياسىي ۋە سىنىپى كۆرەشلەر ئىچىدە، ئانارخىستلار ئېكولوگىيە، ترانسپورت ۋە شەھەر تەرەققىياتىدىن تارتىپ جىنسىي مۇناسىۋەتلەرگىچە بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئېنىقچىل ھالدا يېڭى لىبېرال (neoliberal) ياكى «كارخانىۋى» (corporate) يەرشارىلىشىش (globalization)قا قارشى ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ كەلدى. ئانارخىزمنى ئاممىۋىي بىر ھەرىكەتكە ئايلىنىش يوشۇرۇن كۈچىنىڭ يوقلۇقىغا قاراپلا ئەھمىيەتسىز دەپ ئويلىغاندا بۇ نوقتىنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويۇش مۇمكىن. دۇنيانىڭ كۆنسېرى

مۇرەككەپلىشىشى ۋە پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بەلكىم ئاممىۋي سىياسەت (mass politics)نىڭ ئۆزى ئۆلگەن بولسا كېرەك.

## ئانارخىيە ياكى ھۆكۈمەتسىزلىك (Anarchy)

ئانارخىيە ھۆكۈمەتسىزلىك دېگەن مەنىدە بولۇپ، يۈكسەك ياكى ھۆكۈمران بىر كۈچ (power)نىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. دۆلەت ئىچى سىياسىتىدە، ئانارخىيە شەخستىن (ياكى گۇرۇپپىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن) يۇقىرى بىر ھوقۇق (authority)نىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خەلقئارا سىياسەتتە بولسا ئانارخىيە ئۇلۇس (مىللىي) دۆلەت (nation-state)تىن يۇقىرى بىر ھوقۇقنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە بۇ ئاتالغۇ ئۇمۇمەن قالايمىقانچىلىق، تەرتىپسىزلىك، ئاندا-ساندا زوراۋانلىقتىن دېرەك بېرىدىغان سەلبىي مەنىلەرگە ئىگە. ھالبۇكى، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئانارخىزمدا ئانارخىيە پەقەت تەرتىپكە ئۇيغۇن دەپلا قارالماستىن، بەلكى مۇقىم ۋە تىنچ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ تۈپكى ئاساسى دەپ قارىلىدۇ.

## ئەھمىيىتى

ئانارخىيە ئۇقۇمى غوللۇق سىياسەت نەزەرىيەلىرى (political theory) ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت (international relations) نەزەرىيەلىرى نىڭ ھەر ئىككىسىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. ئالدىنقىسىدا، ئانارخىيە دۆلەتنىڭ قانۇنىيلىقى (legitimacy)نى قوروپ چىقىش ۋە سىياسىي مەجبۇرىيەت (obligation)كە ئاساس سېلىش ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. توماس خوببىس (Thomas Hobbes) (1588–1679) ۋە جون لوك (John Locke) (1632–1704)تىن باشلاپ بارلىق ئىجتىمائىي كېلىشىم (social contract) نەزەرىيەچىلىرى يۇقىرالارنىڭ دۆلەتكە خۇددى پەقەت ھۆكۈمران بىر كۈچ بەرپا قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنى «تەبىئەت ھالىتى» (state of nature) (دۆلەتسىز ياكى ئانارخىك جەمئىيەت)نىڭ خىيىم-خەتىرى، تەرتىپسىزلىكى ۋە ۋەھشىيلىكىدىن قوغدىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن شەخسلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىختىيارىي توختام ياكى ئىجتىمائىي كېلىشىم نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەندەك مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى مۇھاكىمە قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دۆلەت بولمىغاندا، شەخسلەر بىر-بىرىنى بوزەك قىلىدۇ، سۇمۇرىدۇ ۋە قۇل قىلىدۇ؛ ئەكسىچە، دۆلەت بولغاندا، تەرتىپكە ۋە مەدەنىي ياشاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ھۆرلۈك قوغدىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەتكە بويسۇنۇش ۋە ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى ئاخىرقى ھېسابتا خۇسۇسىي مەنپەئەت ۋە ئانارخىيەنىڭ بارا-بارا، خوببىسنىڭ ئىبىتقىنىدەك، «ھەركىم ھەر كىمگە قارشى ئېلىپ بارىدىغان ئىچكى ئۇرۇش»قا ئايلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتىن تۇغۇلىدۇ. تۇسىدىدىس (Thucydides) (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 460-406-يىللار)كە قەدەر ئۇزىرىغان بىر ئەنئەنىدە، ئانارخىيە بىلەن تەرتىپسىزلىك ئارىسىدا باغلىنىش بار دېگەن چۈشەنچە جەمئىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە تەتبىقلىنىپ كەلدى، بەلكى جەمئىيەتلەر ئارىسىدا توختاپ قالماستىن، رېئالىزم (realism)نىڭ تەسىرى ئاستىدا خەلقئارا مۇناسىۋەت نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ھالبۇكى، ئۇ 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن باشلاپ يېڭى رېئالىزم (neorealism) ياكى «قۇرۇلمىچىل رېئالىزم» (structural realism)نىڭ كۆچىيىشى بىلەن تېخىمۇ زور ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. يېڭى رېئالىستلار دىققەت نەزىرىنى دۆلەتتىن خەلقئارا سىستېمىغا يۆتكەپ، ئاساسلىق قىلىپ ئانارخىيەنىڭ تەسىرلىرىنى تەكتىلەشكە ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، خەلقئارا ھاياتنىڭ خارەكتېرى دۆلەتلەر (ياكى باشقا رولچىلار ياكى ئاكتىيورلار)نىڭ رەسمىي مەركىزى ھوقۇقتىن خالىي بىر سەھنىدە مەشغۇلات قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئەمەلىيەتتىن شەكىللەنگەن دەپ قارالدى. يېڭى رېئالىستلار ئىككى ئاساسلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن خەلقئارالىق ئانارخىيەنىڭ مۇقەررەر ھالدا جىددىيچىلىك، تۇقۇنۇش ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۇرۇش ئېھتىماللىقىغا قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئىلگىرى

سۈرىدۇ. ئالدى بىلەن، دۆلەتلەر مۇستەقىل، ئۆزئەرك ۋە رەسمىي ھالدا باراۋار سىياسىي بىرلىكلەر بولغاچقا، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئۆزلىرىنىڭ بايلىقلىرىغا تايىنىدۇ. شۇڭلاشقا، خەلقئارالىق ئانارخىيە «ئۆز-ئۆزىگە ياردەم بېرىش» سىستېمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى دۆلەتلەر «ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئېلىش» ئۈچۈن باشقا ھەرقانداق بىر كىمگە تايانسا بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئېنىقسىزلىق ۋە گۇمانغا تولغان بولۇپ، بۇنى بىخەتەرلىك تەڭقىسلىقى (security dilemma) ئارقىلىق ئەڭ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مۇددىئالار (motives)دىكى ئېنىقسىزلىق دۆلەتلەرنى ئۆزىدىن باشقا بارلىق دۆلەتلەرگە دۈشمەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا زورلايدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك ئەنسىزلىكنىڭ ئانارخىيە شارائىتىدا ياشاشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

### ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى (Arms race)

ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى دېگىنىمىز ئىككى ياكى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتنىڭ قۇرال-ياراغقا ئېرىشىشى ياكى بەس-بەستە ھەربىي كۈچىنى زورايتىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان ماس قەدەملىك ھەربىي تەييارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ كلاسسىك ئۆرنەكلىرى بىرىنچى دۇنيا ئورۇشىدىن بۇرۇنقى ئەنگلىيە-گېرمانىيە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ۋە سوغۇق ئورۇش مەزگىلىدىكى ئامېرىكا-سوۋېت يادرو قۇراللار مۇسابىقىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى مۇداپىئە ئېھتىياجى ياكى خاتا چوت سوقۇش (بىخەتەرلىك ئارىسالدىلىقى) ۋەجىدىن كۈچىيىشى مۇمكىن ۋە ياكى دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمچىل سىياسەت قوللىنىش ئۈچۈن ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئورۇنۇشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئادەتتە تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن يېڭى ۋە تېخىمۇ زىل قۇرال-ياراغ ياكى قۇرال-ياراغ سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن ئەھۋاللاردا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىراق، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى بەزى ھاللاردا «ساپ» بولىدۇ ياكى خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە «ساپ» ھالىتىدە قالىدۇ. ئۇلار نىگىزلىك بىر ھەربىي ياكى تېخنولوگىيەلىك دىنامىك تەرىپىدىن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئوخشاشلا ئۇلار مۇقەررەر ھالدا تەشكىلىي، سىياسىي، ئىدىيەۋىي ۋە باشقا ئامىللار بىلەن كېسىشىدۇ.

### ئەھمىيىتى

ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى تۈپ تالاش-تارتىش بۇنىڭ ئورۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى بىر ياندىن ئەندىشە ۋە قورقۇنچنى ئاشۇرۇش، مىللىتارىزم ۋە قوپال مىللەتچىلىكنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇرۇش ئېھتىماللىقىنى كۈچەيتسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇمۇمىيۈزلۈك كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە شۇ ئارقىلىق «ئۆركۈتۈش»كە كاپالەتلىك قىلىشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. سوغۇق ئورۇش مەزگىلىدە، مەيلى تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ياكى باشقا رولچىلارنىڭ ئېرىشىشى (گورىزونتال كېڭىيىش) بىلەن بولسۇن ياكى يادرو دۆلەتلىرىنىڭ قولىغا توپلىنىش (ۋېرتىكال كېڭىيىش) بىلەن بولسۇن، يادرو قۇراللارنىڭ كېڭىيىشى ئادەتتە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ تېنىچلىق ۋە مۇقىملىقنى قانداق ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. يادرو قۇراللارنىڭ ۋېرتىكال كېڭىيىشى، «قورقۇنچ تەڭپۇڭلۇقى» بىلەن بولسىمۇ، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا مايىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇنداق ۋەيران قىلغۇچى قۇراللارنى ياساش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان تېخنىكىلىق يېڭىلىقلارنىڭ ئۆزىمۇ ئاقىۋەتتە بۇ خىل قۇراللارنى «ئىشلەتكىلى بولمايدىغان» ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. نېمىلا دېگەن بىلەن، يادرو كېڭىيىشنىڭ سوغۇق ئورۇش مەزگىلىدە كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كاپالىتى يوق

ئىدى؛ ھەمدە ۋاقىتلىق يادرو تەڭپۇڭسىزلىقىنىڭ ئۇرۇشقاق بىر دۆلەت تەرىپىدىن سۇيئىستېمال قىلىنىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەتتە ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىغا ئالاقىدار دىنامىكىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ۋەيران قىلغۇچى قوراللار (WMD) ئۆرنىكگە ماس كەلمەسلىك ئېھتىماللىقىمۇ مەۋجۇت.

### مۇستەبىتلىك (Authoritarianism)

مۇستەبىتلىك جەمئىيەتنى ئەل رايىغا باقماستىن «يۇقۇرى»دىن ئىدارە قىلىدىغان بىر خىل ھۆكۈمرانلىق ئېتىقادى ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇستەبىتلىك بۇ جەھەتتە ھوقۇق (authority) دىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ھوقۇق قانۇنىيلىق (legitimacy) قا تايىنىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە «تۆۋەن»دىن چىقىدۇ. مۇستەبىتلىك ناھايىتى كۆپ ھۆكۈمەت تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، پادىشاھلىق مۇتلەقچىلىك، ئەنئەنىۋى دىكتاتورلۇق، خىلمۇ-خىل مىللىتارىست ھۆكۈمرانلىق بولۇشى مۇمكىن؛ ئوخشاشلا مۇستەبىتلىكنىڭ ئوڭ ۋە سول قانات نۇسخىلىرى سۈپىتىدە نىسبىي ھالدا كوممۇنىزم بىلەن كاپىتالىزمنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بىراق، مۇستەبىتلىك ئادەتتە ھاكىممۇتلەقلىق (totalitarianism) كە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى مۇستەبىتلىك ھاكىممۇتلەقلىقكە ئوخشاش دۆلەت بىلەن پۇقراۋى جەمئىيەت (civil society) ئارىسىدىكى پەرقنى رادىكال بىر شەكىلدە يوقۇتۇشقا قارىغاندا ئۆكتىچىلەرنى ۋە سىياسىي ھۆرلۈكنى باستۇرۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر خېلى كۆپ ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە باشقا تۈردىكى ئەركىنلىكلەرگە يول قويۇشى مۇمكىن.

### ئەھمىيىتى

مۇستەبىتلىك ئاساسىي قانۇن ۋە دېموكراتىيەدىن ئىلگىرىكى جەمئىيەتلەردىكى ئاساسلىق ھاكىمىيەت تۈرى بولۇپ، كۆپىنچە پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىق ياكى ئارىستوكراتىك ئىمتىياز شەكلىدە نامايەن بولاتتى. مۇستەبىتلىك نەزەرىيەلىرىنىڭ بىر ئۈچى جوسېف دې مايىستېر (Joseph de Maistre) (1753–1821) غا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلارغا تۇتىشىدۇ. مايىستېر شەخسىي ئەركىنلىككە قارشى ھوقۇققا ئىشىنىش تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچىلىك چارىسى دېگەننى تەرغىپ قىلاتتى. بىراق، زامانىۋى (modern) سىياسەتتە، مۇستەبىتلىك كۆپ ھاللاردا دېموكراتىيە بىلەن ھاكىممۇتلىقتىن پەرقلىق بىر خىل ھاكىمىيەت شەكلى دەپ قارىلىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئاتالغۇنىڭ قىممىتى چەكلىك، چۈنكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر بۇيرۇق ۋە بويسۇنۇشقا تايانغانلىقى ئۈچۈن، بىر قاتار سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى خۇسۇسىيەتلەرنى نامايەن قىلىدۇ. مەسىلەن: گېنېرال فرانكوس ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسپانىيەگە ئوخشىغان ئاتالمىش «كونا» مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئەنئەنىۋى سەرخىللارنى قوغداش ۋە ئاممىنى سىياسىيسىزلاشتۇرۇش (de-politicize) جەھەتلەردە ئىزچىل كونسېرۋاتىپ بولغان بولسا؛ كۆپىنچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە كۆرۈلىدىغان «يېڭى» مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە مەلۇم دەرىجىدە سىياسىي قوزغىتىشقا تايىنىدۇ. بۇنداق ھاكىمىيەتلەر مۇستەبىت-ئامماپەرەسلىك ئوبرازىنى يارىتىشى مۇمكىن. ئالايلۇق، فرانسىيەدە لويىس ناپالېيون (Louis Napoleon) (1848–70) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بوناپارتىزم (Bonapartism) شەخسىي ئەركىنلىك بىلەن كونسېرۋاتىپ مىللەتچىلىكنى بىرلەشتۈرگەن بىر خىل ھاكىمىيەت ئۇسلۇبى ئىدى؛ بۇنىڭدىن سىرت، ئارگېنتىنادا جۇئان پېرون (Juan Peron) (1946–55) دىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان پرونىزم (Peronism) مۇ نامرات ئاممىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەدىسىگە تايانغان بىر دىكتاتورلۇق ئىدى.

ھالبۇكى، مۇستەبىتلىك بىلەن دېموكراتىيە

ئارىسىنى كەسكىن ئايرىش ھەمىشە خاتا يىتەكلەشكە ئېلىپ بېرىدۇ. چۈنكى مۇستەبىتلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى دېموكراتىك ھاكىمىيەتلەردىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى سۈپىتىدە، ئامېرىكىدا 1960- يىللاردا ئوتتۇرىغا چىققان ماككارسىيچە «جادۇگەر ئوۋلىرى» (‘McCarthyite ‘witch hunts) ۋە ئەنگلىيەدىكى ساچىرىزم (Thatcherism) نى كۆرسىتىش مۇمكىن. كېيىنكىسى «مۇستەبىت ئاممىپەرەستلىك» ((Hall and Jacques, 1983 دەپ شەرھىيلىنىپ كەلگەن يېڭى لىبېرال ئىقتىساد بىلەن يېڭى كونسېرۋاتىپ ئىجتىمائىي سىياسەتلەرنىڭ بىرىكمىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇستەبىتلىك ئاخىرىدا يەنە كىشىلەردىكى بۇيرۇقلارغا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بويسۇنۇش ياكى قول ئاستىدىكىلەرنى قەتئىي باش ئەگدۈرۈش خوي-مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پسىخولوگىيەلىك ياكى سوتسىئولوگىيەلىك ھادىسە دەپ قارىلىپ كەلدى. بۇ خىل قاراش ئادورنو (Adorno) (1950) قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مۇستەبىت شەخسىيەت» (authoritarian personality) پىكرىگە ئاساسلانغان. مۇستەبىت شەخسىيەت پىكرى سۈئال-سوراقسىز بويسۇنۇش بىلەن «ئىككىلىنىشكە ئەسلا چىداپ تۇرالمايدىغان» كەسكىن خارەكتېرنى چۈشەندۈرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئېنىقسىزلىق ۋە تاللاشتىن كېلىپ چىققان چوڭقۇر ئەنسىزلىكلەرگە قايتۇرۇلغان بىر جاۋابتۇر.

### ئاپتونومىيە (ئۆزئەركىلىك) (Autonomy)

ئاپتونومىيەنىڭ مەنىسى ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش (self-rule) ياكى ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش (self-government) دېگەنلىك بولىدۇ. دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ياكى گۇرۇپپىلار ناۋادا ماھىيەتلىك دەرىجىدە مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنى ئاپتونومىيەگە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ، گەرچە ئاپتونومىيە بەزىدە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق مۇستەقىللىقتىن بەكرەك يۇكسەك دەرىجىدە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى كۆرسەتسىمۇ، شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاپتونومىيە ئەركىنلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىراق، ئۇ نۇقۇل ھالدا «يالغۇز قېلىش»نى ئەمەس، بەلكى ئەقلىي جەھەتتىن ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشنى كۆرسىتىدىغان بولغاچقا ئاپتونومىيەنى ئىجابىي ئەركىنلىكنىڭ بىر تۈرى دېگەن ياخشى. شۇ ۋەجىدىن، ئاپتونوم شەخسلەر ئىچكى ياكى «ھەقىقىي» ئىستەكلىرىگە ئاۋاز قوشقان ھالدا، چىنلىق ۋە شەخسىي قانائەتكە ئېرىشىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

### ئەھمىيىتى

ئاپتونومىيە خەلقئارا سىياسەتتە ئىگىدارلىق (sovereignty) نىڭ كۆرسەتكۈچى سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ، ئاپتونومىيەگە ئىگە دۆلەتلەر مۇستەقىللىق ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىراق، نۆۋەتتە ناھايىتى ئاز ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ بۇ مەنىدە ئاپتونومىيەگە ئىگە ئىكەنلىكى كەڭ قوبۇل قىلىنغان. كۆپخىلچىل (pluralist) نەزەرىيەچىلەر ھازىر ئاپتونومىيەنى، مۇتلەق مەنىدە ئەمەس، نىسبىي مەنىدە قوللىنىدۇ. ئاساسىي قانۇنلۇق پرىنسىپ سۈپىتىدە، ئورگانلار ياكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنى كۆرسىتىدىغان ئاپتونومىيە غەيرىي مەركەزىيلەشتۈرۈش (decentralization) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ جەھەتتىن ئاپتونومىيە كۈچلەرنى ئايرىۋېتىشكە ئىشىنىدىغان نېگىزلىك لىبېرال ئېتىقاد تەرىپىدىن ياقلىنىدۇ، گەرچە مەۋجۇت تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇۋازىنەتلەر ئۆزئارا تايىنىش بىلەن مۇستەقىللىققا تەڭ ئىشارەت قىلسىمۇ، بۇ ئاتالغۇ يەنە دۆلەتنى تەھلىل قىلىشتا قوللىنىلىدۇ، يەنى دۆلەتنىڭ ئاپتونومىيەسىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىدىغانلىقى، نۇقۇل ھالدا جەمئىيەتتىكى كۈچلۈك گورۇھلار پايدىلىنىدىغان قورال ياكى ۋاستە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لىبېراللار بۇرۇندىن تارتىپ، دۆلەت ئاپتونومىيەسىنىڭ بۇ ئوبرازىنى ماركسىست (Marxist) سىنىپى دۆلەت (class state) نەزەرىيەسىگە قارشى ھىمايە قىلىپ كەلدى، گەرچە زامانىۋى ماركسىستلار دۆلەتنىڭ

«نىسبىي ئاپتونومىيەسى»نى قوبۇل قىلىشقا تەييارلانغان بولىسىمۇ. ئاخىردا، شەخسىي ئاپتونومىيە غايىسىنىڭ ئازاتلىقچىل (libertarian) ۋە ئانارخىست چۈشەنچىلەرنىڭ ئاساسلىق قىممەت قاراشلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ غايە بويىچە، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان شەخسلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇق شەكلىدىكى ھېچقانداق يېتەكلەشكە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ ياكى ناھايىتى ئاز چۈشىدۇ. ئاپتونومىيە بۇ مەنىدە ھەمىشە دېموكراتىيە بىلەن باغلىنىدۇ، بىراق، دېموكراتىيەنىڭ نۇپۇز دائىرىسىنى چەكلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئاپتونومىيە كوللېكتىپ ياكى كۆپ سانلىق باشقۇرۇشىدىن بەكرەك ئۆزلۈكچىلىكنى تەكىتلەيدۇ.

## كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى (Balance of power)

«كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى» ئاتالغۇسى خىلمۇخىل سىياسىي كونتېكىستلەردە قوللىنىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئاتالغۇ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە كۆپلىگەن مەنالارغا ئىگە. سىياسەت (policy) سۈپىتىدە، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دىپلوماتىيە، بەلكى ئورۇش يولى ئارقىلىق كۈچ مۇۋازىنىتى (power equilibrium) ئورنىتىش تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىستېما (system) سۈپىتىدە، ئۇ، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتتىن ئۈستۈن تۇرمايدىغان، ئومۇمىي مۇۋازىنەت ئورنىتىش ۋە دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىك (hegemonic) ئىستەكلىرىنى بېسىشقا مايىل بىر ئاتموسفېرانى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بىر كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى قارىماققا تاسادىپىيدەك كۆرۈنسىمۇ، يېڭى رېئالىستلار خەلقئارا سىستېمىنىڭ تەبىئىتىدىن مۇۋازىنەتكە مايىل ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى دۆلەتلەر بولغۇسى زومىگەر ياكى ئۈستۈن بىر كۈچتىن ئالاھىدە ئەنسىرەيدۇ. بۇ ئاتالغۇ بەزى ھاللاردا مۇۋازىنەت ئىدىيىسىدىن باشقا، يەنە كۈچلەر ئارىسىدىكى ئومۇمىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇ بىزنى «ئۆزگىرىۋاتقان كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى» ھەققىدە توختىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

### ئەھمىيىتى

كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئىدىيىسى رېئالىزم (realism)دا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى، ھەتتا كېننېس ۋولتېز (Kenneth Waltz) (1979) تەرىپىدىن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەزەرىيەسى دەپ قارالدى. رېئالىستلارغا نىسبەتەن، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى خەلقئارا سىياسەتتە توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش خاھىشلىرىنى چەكلىيەلەيدىغان پرىنسىپال ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. بىراق، كلاسسىك رېئالىستلار كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىغا دۆلەتنى ئېھتىيات بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلسا؛ يېڭى رېئالىستلار ئۇنى خەلقئارا سىستېمىدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان قۇرۇلمىچىل تەسىرلىشىشلەر (structural interactions) نىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. يېڭى رېئالىستلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل قۇرۇلمىچىل تەسىرلىشىشلەر دۆلەتلەر ئارىسىدا كۈچ ياكى ئىقتىدار تارقىلىشى تەرىپىدىن شەكىللىنىدۇ. يېڭى رېئالىست نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئېھتىماللىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغان ئۇرۇش ۋە تىنچلىقنىڭ ئېستىقبالى زور دەرىجىدە خەلقئارا سىستېمىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان «بۈيۈك كۈچلەر» (great powers) ياكى قۇتۇپ (polarity) (بىر ياكى بىردىن كۆپرەك رولچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر سىستېما ئىچىدە مەۋجۇت بولۇش) دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ سانىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەر (superpower) نىڭ رىقابىتى سۈپىتىدە تېپىكلەشتۈرۈلگىنىدەك، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئۈچۈن ئادەتتە ئىككى قۇتۇپ كۆپ قۇتۇپتىن بەكرەك پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى كۆپ قۇتۇپلۇق سىستېما تۇراقسىزلىققا مايىل بولۇپ، بۈيۈك كۈچلەرنىڭ توقۇنۇش دائىرىسىنى چوڭايتىۋېتىدۇ.

ھالبۇكى، لىبېراللار ئومۇمەن كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ئىدىيىسىنى تەنقىدلەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ كۈچ سىياسىيسى بىلەن خەلقئارالىق رىقابەتنى قانۇنىيلاشتۇرىدۇ ۋە كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى نىگىزىدىن قارىغاندا، باشقا دۆلەتلەر ياكى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىككە تەھدىت سېلىشىنى ۋە بۇ تەھدىتكە پەقەت كۈچ ھاسىل قىلىش ياكى رىقابەت ئىتتىپاقى قۇرۇش ئارقىلىقلا تاقابىل تۇرغىلى بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى زېھنىيىتى (mindset) ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن بەكرەك ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئىنشاچىلار (Constructivists)غا كەلسەك، ئۇلار قىسمەن ھالدا كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى ھەققىدىكى ھەر قانداق بىر باھانىڭ تونۇش، ئىدىيە ۋە ئېتىقادلارغا تايىنىش دەرىجىسىنى تەكىتلەپ كەلدى. قىسقىسى، ۋېندىت (Wendt) (1992) نىڭ ئانارخىيە ھەققىدە تولا نەقىل قىلىنغان سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، دۆلەت كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىدىن مەيدانغا كەلگەن.

## كابىنېت (Cabinet)

كابىنېت بولسا تۈرلۈك ھۆكۈمەت تارماقلىرى ياكى مىنىستىرلىكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقۇرى دەرىجىلىك مىنىستىرلار كومىتېتىدۇر (بۇنى فرانسىيە ۋە ياۋرۇپا ئىتتىپاقىدىكى خۇسۇسىي مىنىستىرلارغا خىزمەت قىلىدىغان سىياسەت مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان كابىنېت بىلەن ئارلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك). پرېزىدېنتلىق تۈزۈملەردە كابىنېت ئادەتتە سىياسەت چىقارغۇچى بولۇشتىن بەكرەك سىياسەت مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە رول ئويناش ئارقىلىق پېرېزىدېنتقا خىزمەت قىلىدۇ. بۇنداق كابىنېتلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا مەمۇرىي قۇرال ياكى «ئاۋاز ياڭراتقۇ» (sounding board) سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان بولسىمۇ، بىراق، ئاساسىي قانۇن جەھەتتىن رەسمىي سىياسەت بەلگىلەش مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئۈستىگە ئالغان پېرېزىدېنتقا بويسۇنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، كابىنېت ھۆكۈمىتى پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىدىغان دۆلەتلەردە كابىنېت ھېچبولمىغاندا نەزەرىيەدە بولسىمۇ ئىجرائىيەت (executive) نىڭ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ. كابىنېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى بار. بىرىنچىدىن، كابىنېت قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرائىيە ئاپپاراتلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، كابىنېت ئەزالىرى پارلامېنتتىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ، تۈرلۈك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ سىياسىي باشلىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، كابىنېت ئالىي دەرىجىلىك ئىجرائىيە ئورگىنى بولۇپ، باش مىنىستىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىياسەت بەلگىلەش مەسئۇلىيىتىنى تەڭ ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ تۈزۈم ئادەتتە كوللېكتىپ مەسئۇلىيەت تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈلىدۇ، يەنى پۈتۈن كابىنېت ئەزالىرى (بەزىدە كابىنېتتا يەر ئالمىغان مىنىستىرلار) نىڭ «بىر مۇقامغا يورغىلاپ»، رەسمىي ھۆكۈمەت سىياسىتىنى قوللىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

### ئەھمىيىتى

كابىنېتلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى سىياسىي ئىجرائىيەتتىكى كوللېكتىپ تەرتىپلەرگە بولغان سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئېھتىياجنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئالدى بىلەن، كابىنېتلار ھۆكۈمەتنى پارلامېنتلار ۋە ئاممىنىڭ ئالدىغا كوللېكتىپ يۈز بىلەن چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. كابىنېت بولمىغاندا، ھۆكۈمەت يەككە شەخسلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىدىغان شەخسىي قورال بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئىككىنچى قىلىپ، كابىنېتلار ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ئۇنۇملۈك ماسلاشتۇرۇلۇشىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن مەمۇرىي ئاپپاراتتۇر. قىسقىسى، كابىنېت بولمىغاندا، ھۆكۈمەت ھەر بىرى ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان رەقىپ بيۇروكراتىك ئىمپېرىيەلەردىن تەركىب تاپقان بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن، كابىنېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى كابىنېت يىغىنى دېموكراتىيەسى

ئىچىدە تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئەتراپلىق ۋە ئۈنۈملۈك كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق تولۇق ۋە ئۈچۈق سىياسىي مۇنازىرىگە رىغبەتلەندۈرۈش؛ ھۆكۈمەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى كابىنېت كوللېكتىپ قارار ئالىدۇ ۋە كوللېكتىپ مەسئۇل بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، كابىنېت ھۆكۈمەتنى ئۆكتىچى مىنىستىرلارنى ئامما ئالدىدا ھۆكۈمەت سىياسىتىنى قوللاشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق باش مىنىستىرغا چاپانچىلىق قىلىدىغانلىقى؛ قارارلارنىڭ رىقابەتلىشىۋاتقان مىنىستىرلار ۋە ئورگانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئارىسىدا مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىش مايىللىقى سەۋەبىدىن ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ماس ۋە بىردەك بولمايدىغانلىقى نوقتىسىدىن تەنقىدكە ئۇچراپ كەلدى.

رەسمىي سىياسەت بەلگىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، كابىنېتلار ئىزچىل ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي رولى ۋە ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. بۇ باش ئىجراچىنىڭ (پرېزىدېنت بولسۇن ياكى باش مىنىستىر بولسۇن) نۇپۇزىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، تاراتقۇلارنىڭ، خۇسۇسەن تېلېۋىزورنىڭ شەخسىيەت ۋە ئوبرازغا مەركەزلىشىش خاھىشى، مۇرەككەپ بىر دەۋردە ئۈچۈق سىياسىي يېتەكچىلىك ۋە كەڭ دائىرىلىك ھۆكۈمەت مۇداخىلىسىگە بولغان ئېھتىياج، شۇنداقلا يەر شارى خارەكتېرلىك ئۆزئارا تايىنىشتىن كېلىپ چىققان. كابىنېتلار يەنە ھەجمى ۋە ئەھمىيىتى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ سىياسەت تەكلىپ لايىھەلىرىنىڭ ئالدى بىلەن باشقا يەرلەردە مۇنازىرە قىلىنىپ، كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ، ئاندىن ئوراپ قاچىلانغاندىن كېيىن كابىنېتقا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، كابىنېتلار سىياسەت ماسلاشتۇرۇش قورالى سۈپىتىدە داۋاملىق مۇھىم رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ مۇھىم پارتىيە ۋەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئاممىۋىي قوللاشقا ئېرىشكەن ئەھۋاللاردا ياكى باش ئىجراچىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغان چاغلاردا كەسكىن سىياسىي تەسىرنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

## كاپىتالىزم (Capitalism)

كاپىتالىزم بىر ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە مۈلۈك ئىگىدارلىق شەكلىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى شۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، كاپىتالىزم ئومۇملاشتۇرۇلغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا مەركەزلىشىدۇ، بۇ يەردىكى «مەھسۇلات» (commodity) ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋار (good) بولۇشىمۇ ياكى مۇلازىمەت (service) بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل مەھسۇلاتلاردا ئىستېمال قىممىتىدىن بەكرەك بازار قىممىتى ئاساس قىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئىشلەپچىقارغۇچى بايلىق ئاساسەن شەخسنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي ھايات غەيرىي شەخسىي بازار كۈچلىرى، خۇسۇسەن تەلەپ (ئىستېمالچىلار ئىستېمال قىلىشنى خالايدىغان ۋە چىقىنالايدىغان نەرسىلەر) بىلەن تەمىنلەش (ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىشلەپچىقىرىشنى خالايدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرالايدىغان نەرسىلەر) كۈچلىرىگە ئاساسەن تەشكىللىنىدۇ. تۆتىنچىدىن، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە كاپىتال ۋە پايدىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقىرىش كارخانا ۋە تىرىشچانلىقنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلى ھېسابلىنىدۇ.

بىراق، سوتسىيالىستىك ياكى باشقا تەركىبلەر قېتىلمىغان، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ياكى كوللېكتىپ مەشغۇلاتلاردىن تامامەن خالىي «ساپ» بىر كاپىتالىستىك تۈزۈم مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بارلىق ئىقتىسادىي تۈزۈملەر ئۆزلىرى پائالىيەت قىلىدىغان تارىخىي، مەدەنىي ۋە ئىدىيىۋى شارائىت تەرىپىدىن شەكىللىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى دۇنيادا ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ خىل كاپىتالىستىك تۈزۈمدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. بىرىنچىسى، كارخانا كاپىتالىزمى ياكى ئەركىن بازار كاپىتالىزمى (دەسلەپ ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن،

1980-يىللاردىن كېيىن ئەنگلىيەدە كۆرۈلگەن) بولۇپ، تۇسالغۇسىز بازار رىقابىتى، ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك، بىخەتەر پاراۋانلىق كاپالىتى ۋە ئاجىز سودا ئۇيۇشمىلىرى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىككىنچىسى، سوتسىيال كاپىتالىزم ياكى Rhine-Alpine كاپىتالىزمى (ياۋروپا قۇرۇقلۇقى، بولۇپمۇ گېرمانىيەدە بارلىققا كەلگەن) بولۇپ، سوتسىيال بازار پىكرىنى ياقىلايدۇ. سوتسىيال كاپىتالىزم ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇداخىلە ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە ھەمكارلىققا بولغان ئېھتىياجغا قارشى بازار رىقابەت قائىدىلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا كۆچەيدۇ. ئۈچىنچىسى، كوللېكتىپ كاپىتالىزم ياكى «يولۋاس» كاپىتالىزمى (ئۇمۇمەن شەرقىي ئاسىيادا بارلىققا كېلىپ، خىتايدا ئەۋج ئېلىۋاتقان) بولۇپ، «ئەقلىي بازار»: يەنى سانائەت بىلەن پۇل-مۇئامىلە، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەمدە بەزىدە «خەلقچىلىق» (peoplism) دەپ ئاتىلىدىغان كوللېكتىپ تېرىشچانلىقنى تەكىتلەيدۇ.

**ئەھمىيىتى**

كاپىتالىستىك ئىقتىساد شەكىللىرى تۇنجى بولۇپ، 17- ۋە 18- ئەسىرلەردە ياۋروپادا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن فېئودال جەمئىيەتلەردىن تەرەققىي قىلىپ چىققان. كاپىتالىستىك پائالىيەتلەر ئالدى بىلەن بازارغا يۈزلەنگەن تىجارەت يېزا ئىگىلىك شەكىللىرىگە يىلتىز تارتقان بولۇپ، بارا-بارا يانچى دېھقانلاردىن بەكرەك ھەقلىق ئەمگەكچىلەرگە تايانغان. تەرەققىي قىلغان ياكى سانائەت كاپىتالىزمى ماشىنىلاشقان فابرىكا ئىشلەپچىقىرىشى، نوپۇسنىڭ يېزىدىن تەدرىجىي كۆچىۋاتقان بازار ۋە شەھەرلەرگە يۆتكىلىشىكە ئەگىشىپ، 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، باشتا ئەنگلىيەدە، ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېرىكا ۋە پۈتۈن ياۋروپادا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. كاپىتالىزم مۇقەررەر يۇقۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى سوتسىيالىستىك پەرەزلەرنى يېڭىپ ۋە 20- ئەسىرنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ئىدېئولوگىيەلىك ئورۇشىغا بەرداشلىق بېرىپ، 1989- ۋە 1991- يىللاردىكى شەرقىي ياۋروپا ئىنقىلابلىرىدىن كېيىن، تەڭداشسىز دۇنياۋى تۈزۈم سۈپىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئىككى مەخپىيىتى بار. بىرىنچىدىن، كاپىتالىزم ئەۋرىشىملىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنى غەيرى كاپىتالىستىك تەركىپلەرنى سۈمۈرۈش، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرگە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ توختاۋسىز تېخنىكىلىق تەرەققىيات يارىتىش ئىقتىدارى گەرچە تەكشى بولمىسىمۇ، كەڭ كۆلەملىك گۈللىنىشنى مەيدانغا كەلتۈرەلىگەن.

بەزى مەسىلىلەر سىياسىي دە-تالاشلارنى ئۇنۇملۇك ھالدا كاپىتالىزم نوقتىسىدىن قۇتۇپلارغا ئايرىدى. دېمىسىمۇ، ئوڭ-سول ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى بۆلۈنۈش ئادەتتە كاپىتالىزمغا قارشى قاراشلار بىلەن ئۇنى ياقىلايدىغان قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇش دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. كاپىتالىزمغا قارىتا ئۈچ چوڭ مەۋقە شەكىللەنگەن. بىرىنچىسى، ئاشقۇن (fundamentalist) سوتسىيالىستلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مەۋقە بولۇپ، ئۇلار كاپىتالىزمنى كەڭ كۆلەملىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە باراۋەر دەپ قاراپ تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. كارل ماركس ھېچ شۈبھىسىز بۇ قاراشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياقىلىغۇچىسىدۇر، ئۇنىڭ قارىشىچە، كاپىتالىزم باشقا بارلىق سىنىپى جەمئىيەتلەرگە ئوخشاش يوقۇلۇشقا مەھكۇم، چۈنكى ئۇ ئەزگۈچىلەر (بۇرژۇئازىيە) بىلەن ئېزىلگۈچىلەر (پرولېتارىيات) ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ زىددىيەتكە ئاساسلانغان. ئىككىنچى مەۋقە ئوخشىمىغان شەكىللەردە پارلامېنتچىل سوتسىيالىستلار، زامانىۋى لىبېراللار ۋە ئاتىكاچى (paternalist) كونسېرۋاتىپلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ قارشىنى قىسقىچە كاپىتالىزم ياخشى خىزمەتچى، بىراق يامان خوجايىن، دېگەن ھۆكۈمگە

يېغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر كاپىتالىزمنىڭ بايلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك، بەلكى بىردىنبىر ئىشەنچلىك مېخانىزم ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىراق كاپىتالىزمنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەۋرىنىپ قالىدىغانلىقى ۋە كەڭ كۆلەملىك خام ئەشيا تەكشىسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ج. م. كېينېس (J. M. Keynes) (1883–1946) نىڭ ئىدىيىسىگە باغلانغان بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا، مەسىلە كاپىتالىزمنىڭ كۆپ بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن «ئىنسانىيلاشتۇرۇلۇشى» كېرەكلىكىدە. ئۈچىنچى مەۋقە كلاسسىك لىبېراللار، يەنى يېڭى ئوڭ بىلەن ئەڭ رادىكال شەكىلدە ئانارخىك-كاپىتالىستلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ قارىشىچە، كاپىتالىزم ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان بىر مېخانىزم، شۇڭا سىرتقى كۈچلەرنىڭ دەخلىسىگە ئىمكان بار ئاز ئۇچرىشى كېرەك. بۇ ئىدىيەنى «قىلغىلى قوي» دېگەن مەنىدىكى laissez-faire پرىنسىپىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ قاراشنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ نوپۇزلۇق ياقىلىغۇچىسى ئادام سىمىس (Adam Smith) (1723–90) تۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، بازار بىر «كۆرۈنمەس قول» تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، شۇڭا ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇۋازىنەتكە مايىل كېلىدۇ.

## نازارەت قىلىش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش (Checks and balances)

نازارەت قىلىش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش دېگىنىمىز ئادەتتە بىر ھۆكۈمەت سىستېمىسى ئىچىدىكى جىددىيەتلەر تورى بولۇپ، كۈچنىڭ پارچىلىنىشىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنداق بىر سىستېمىنىڭ نىگىزلىك ئالاھىدىلىكى بولسا ئۆزئارا تايىنىش ئارقىلىق سىستېمىدىكى ھەر بىر ئېلېمېنتنىڭ باشقا ئېلېمېنتلارنى چەكلىيەلىشىگە كېپىللىك قىلىشتۇر. نازارەت ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تورىنى بارلىق لىبېرال سىياسىي تۈزۈملەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇئەييەن تەشكىلىي بۆلۈنۈشنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ پرىنسىپ ئامېرىكا ھۆكۈمەت سىستېمىسىغا ئەڭ كۈچلۈك شەكىلدە تەتبىقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزكۇر سىستېمىدىكى ئورنى ئاساسىي قانۇن لايىھىسىگە تەڭ كېلىدۇ. نازارەت ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نوقۇل قانۇن چىقىرىش، ئىجرا قىلىش ۋە سوتلاش تارماقلىرى (كۈچلەرنىڭ بۆلۈنۈشى) ئارىسىدا ئىشلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنىڭ ئىككى پالاتاسى ئارىسىدا، شۇنداقلا مەملىكەتلىك/فېدېرال ھۆكۈمەت بىلەن ئەللىك شىتاتلار (فېدېرالىزم) ئارىسىدىمۇ ئىشلەيدۇ.

### ئەھمىيىتى

نازارەت قىلىش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پرىنسىپى لىبېرال دەستۇرچىلىق (constitutionalism) نىڭ ئۆلتېشى بولۇپ، ئىنسانلار تەبىئىيتىدىن ئاچكۆز، بارلىق ھۆكۈمرانلىق تۈزۈملىرى مۇستەبىتلىك ۋە زوراۋانلىققا ئايلىنىشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزگە ئاساسلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، نازارەت ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن مەقسەت ھۆكۈمەت سىستېمىسى ئىچىدە ئىچكى تارتىشىش پەيدا قىلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىقتىدارىنى كېمەيتىش ئارقىلىق ھۆرلۈكنى قوغداشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق بولغاندا، خۇسۇسىي ئەركىنلىك ھۆكۈمەت بۆلۈنگەن يەرگە قەدەر كېڭىيىدۇ. نازارەت قىلىش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پرىنسىپى ئاساسلىقى ئىككى تەرەپتىن تەنقىدكە ئۇچراپ كەلگەن. بىرىنچىدىن، تەشكىلىي چەكلەش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ھۆكۈمەتنى ھەتتا مۇداخىلە قىلىش يوللۇق ۋە زۆرۈر دەپ قارالغان ساھەلەردە بولسىمۇ ھەرىكەت قىلىشتىن توسۇش ئارقىلىق قاتمال ۋەزىيەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇنى ئامېرىكا سىستېمىسىنىڭ تەكرار-

تەكرار «ھۆكۈمەت تاقىلىپ قېلىش»قا مايىللىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، نازارەت قىلىش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە يۈگەنسىز كاپىتالىزمنىڭ مەنپەئەتلىرىگە خىزمەت قىلىشقا مايىللىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ خىل پرىنسىپنى كەڭ دائىرىدە قوللىنىشقا قارىتا ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### گراژدانلىق (Citizenship)

گراژدانلىق شەخس بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ ئىككىسى ھەق ۋە مەجبۇرىيەتلەر ئارقىلىق بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ. گراژدانلار ئۆزلىرى تەۋە سىياسىي توپ ياكى دۆلەتنىڭ تولۇق ئەزاسى سۈپىتىدە ئاساسىي ھەقلەرگە ئىگە بولۇش جەھەتتە پۇقرالار (subjects) دىن ۋە ياتلار (aliens) دىن پەرقلىنىدۇ. گراژدانلىق شەخسچىلىك ياكى جامائەتچىلىك (communitarianism) تەرىپىدىن شەكىللەنگەنلىكىگە قاراپ ئوخشىمىغان تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسى لىبېرالىزمغا باغلانغان بولۇپ، «ھەقلەر گراژدانلىقى» پرىنسىپىنى ياقلايدۇ، شەخسىي ئىمتىيازغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇنداقلا شەخسكە ئۆزئەرك (ئاپتونوم) رولچى سۈپىتىدە قارايدۇ. جامائەتچىلىكنىڭ سوتسىيالىستىك ۋە كونسېرۋاتىپ نۇسخىلىرى بار بولۇپ، ھەر ئىككىسى «مەجبۇرىيەت گراژدانلىقى» پرىنسىپىنى ياقلاپ، پۇقراۋى مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل نەزەرىيەلەر دۆلەتنى ئەخلاق ئورگىنى سۈپىتىدە تەسۋىرلەشكە، شۇنداقلا جەمئىيەت بىلەن ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ رولىغا بولغان ئېھتىياجنى تەكىتلەشكە مايىل كېلىدۇ.

### ئەھمىيىتى

گراژدانلىق ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىپ نىشانى دېگەن ئىدىيە قەدىمكى گرېك سىياسىي چۈشەنچىسىگە، شۇنداقلا ئۇمۇمەننىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىش شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ توپ خۇسۇسىيىتى دېگەن ئېتىقادقا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، گراژدانلىققا بولغان ئىزچىل قىزىقىش ئىنسان ھاياتىنىڭ «ئاممىۋى» يۈزىگە بولغان دائىمىي كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ساداقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. گراژدانلىق ھەققىدىكى دە-تالاشلار ئۇنىڭدىن مەيدانغا كېلىدىغان ھەقلەر بىلەن ئۇنىڭ سىياسىي پرىنسىپ سۈپىتىدىكى قىممىتىگە مەركەزلىشىدۇ. سىياسىي ئوڭ نۇقۇل پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھەقلەرنى، يەنى پۇقراۋى جەمئىيەتتە ئىشلەيدىغان ھەقلەر بىلەن قاتنىشىش ھەقلىرىنى تەكىتلەيدىغان يۈزەكى گراژدانلىق قارىشىنى قوبۇل قىلىش مايىل. سىياسىي سول بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە «ئىجتىمائىي گراژدانلىق»، يەنى گراژدانلار ئىجتىمائىي ۋە پاراۋانلىق ھەقلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدىغان ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ھەقلەرگە ئىگە دېگەن ئىدىيەنى قوبۇل قىلىشقا مايىل. گراژدانلىق ئىدىيىسىگە قارشى تۇرغۇچىلار شەخسلەر تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي كىملىك ۋە مەسئۇلىيەتلەرگە ئىگە دېگەن قاراشنى رەت قىلىدىغان ھۆررىيەتچىلەر (libertarians) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاشلا ماركسىزمچىلار تەڭسىز سىنىپى كۈچ رېئاللىقىنى يوشۇرغانلىقىنى ئاساس قىلىپ گراژدانلىقنى تەنقىد قىلسا، فېمىنىستلار ئاتائەركچىل (patriarchal) زۇلۇمنى قاتارغا ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەنقىد قىلىشى مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن، كوممۇناچىلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن «يېڭى» ئىجتىمائىي دېموكراتىيەنىڭ مەيدانغا كېلىشى «ھەقلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەر» تېزىملىكىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىش، شۇنداقلا يېڭى ئوڭنىڭ بازار شەخسچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش تېرىشچانلىقى سۈپىتىدە، يېڭىۋاشتىن گراژدانلىققا قىزىقىشقا ئېلىپ باردى. بۇ ئادەتتە «ئاكتىپ گراژدانلىق»، يەنى گراژدانلارنىڭ ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدىغان بىر قاراشقا باغلىنىدۇ.

كىتاب تونۇشتۇرۇش (Book Review)

# 20 - ئەسىرنىڭ خەلقئارا تارىخى

**مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا**

(مۇستەقىل تەتقىقاتچى)

E-mail: memet.atawulla@gmail.com




Antony Best, Jussi M. Hanhimäki, Joseph A. Maiolo and Kirsten E. Schulze, International History of the Twentieth Century and Beyond, 2nd Edition. (London and New York, Routledge: 2008), ISBN: 0-203-88986-X. 62.98$

20-ئەسىرنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ يېڭىلىقلار ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن بىر ئەسىر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بىر ئەسىردە ئىككى قېتىم دۇنياۋى ئۇرۇش يۈز بەردى. ئاتوم بومبىسى كەشىپ قىلىندى ۋە ئىنسانلار ئۇستىدە سىناق قىلىندى. ئىنسانىيەت تۇنجى بولۇپ تاشقى پلانېتلارغا قەدەم قويدى. پەن - تېخنىكىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى بىلەن يىراق مۇساپىلەر قىسقىراپ، دۇنيا ئاللىقاچان بىر كىچىك «كەنت»كە ئايلاندى. ھالبۇكى، ئىنسانلار ۋە ئىنسانلارنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇساپىلەرنىڭ يېقىنلىشىشى، بىر تەرەپتىن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆزئارا ئۆتۈشۈشىگە يول ئېچىپ، يەر شارىلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چەكلىك بايلىق مەنبەلىرىگە بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە ئىدېئولوگىيەلىك ئۇستۇنلۇك تالىشىش خاھىشى دۇنيانى قۇتۇپلارغا ئايرىۋەتتى.

بىز بۈگۈن ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان ۋە زىددىيەت ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتقان بىر خەلقئارا سىستېما ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. يەر يۈزىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر بۇ سىستېمىدا تارىخىي ئۇستۇنلۇكىگە ئاساسەن يەر ئالغان. يەنى دۆلەتلەرنىڭ بۈگۈنكى ئورنىنى ئۇلارنىڭ تارىخىي نوپۇزى بەلگىلىگەن. شۇ ۋەجىدىن يېڭىدىن كۈچلەنگەن دۆلەتلەر بىلەن مەۋجۇت نوپۇز ساھىبلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز توقۇنۇش يۈز بېرىۋاتىدۇ. تارىختىكى زەئىپ تەرەپلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى مەۋجۇت سىستېمىنى

بەرپا قىلغان تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە جىددىي خىرىس شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا سەھنىنىڭ دىنامىكلىرىنى توختىماي يېڭىلىماقتا. نەتىجىدە، مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىمۇ ماس قەدەمدە ئۆزگەرمەكتە.

بىز كۆرۈۋاتقان دۇنيا تەرتىپى مۇنداقلا ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس. مەۋجۇت خەلقئارا سىستېما ۋە ھەر قايسى ئەل - خەلقلەرنىڭ ئۇنىڭدىكى ئورنىمۇ ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىر - بىرلەپ شەكىللەنگەن. دېمەك، بىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ بىر ئۆتمۈشى بار. بۈگۈننى روياپقا چىقارغان نەرسە ئۇنىڭ تۈنۈگۈنى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقارغان تارىخىي جەريانىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. دەل بۇ ۋەجىدىن ئۇنىۋېرسىتېتلاردا سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت كەسىپلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتىدە «سىياسىي تارىخ» دەرسى ئۆتۈلمەكتە.

بىز بۈگۈن 21 - ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. ۋاھالەنكى، بۇ ئەسىرنى شەكىللەندۈرگەن مۇتلەق كۆپ ئامىللار ئۆتكەن ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. شۇڭلاشقا، مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپى، خەلقئارا سىستېما ۋە دۆلەتلەرنىڭ بۇ سىستېمىدىكى رولىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ياخشى ئىگەللىشىمىز زۆرۈردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن 20 - ئەسىرنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخى كەم بولسا بولمايدۇ. «20 - ئەسىرنىڭ خەلقئارا تارىخى» (International History of the Twentieth Century and Beyond) ناملىق بۇ كىتاب دەل بۇ خىل ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ، ئانتونى بەست (Best Antony)، جۇسسى م. ھانھىماكى (Hanhimäki .M Jussi)، جوسېف ئا. مايولو (Joseph A. Maiolo) ۋە كىرستېن ئې. شۇلزە (Kirsten E. Schulze) قاتارلىق بۇ ساھەدىكى داڭلىق مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان.

مەزكۇر كىتاب كىرىش، ئىزاھ، مەنبە ۋە ئېندېكس قىسىملىرىدىن سىرت جەمئىي 22 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بۆلۈم 20 - ئەسىردە بولۇپ ئۆتكەن مۇئەييەن تارىخىي ۋەقەلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھىم بىر تېمىغا بېغىشلانغان. يەنى مۇھىم بىر تارىخىي ھادىسە ئۇنى پەيدا قىلغان كەڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

ئۇسلۇب جەھەتتىن بۆلۈملەر قىسقا كىرىش بىلەن باشلىنىپ، تارماق ماۋزۇلار بىلەن داۋام قىلىدۇ ۋە قىسقا بىر خۇلاسە بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ھەر بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىش ئۈچۈن مەزكۇر تېمىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مۇھىم مەنبەلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، كىتابنىڭ ھەر بۆلۈمىنى ئۆتكەن ئەسىردە خەلقئارا سەھنىدە مەيدانغا كەلگەن چوڭ بىر ھادىسىنى يورۇتۇپ بېرىشنى نىشانلىغان بىردىن ئىلمىي ماقالە دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

كىتابنى بۇ ساھەدىكى باشقا تەتقىقات ئەسەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرگىنى ئۇنىڭ يېزىلىش مېتودى بولۇپ، ئاپتورلار تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا، نوقۇل ھالدا ئۇلارنى يۈز بېرىش رەت تەرتىپى بويىچە تىزىپ قويۇشقا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يورۇتۇش ئارقىلىق نەتىجىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە كۈچىگەن. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەر كىتابنى ئوقۇۋاتقاندا، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى بىر ھادىسىنىڭ بۇ چېتىدىكى بىر نەتىجىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا بىر ھادىسە يۈز بېرىۋاتقاندا، باشقا قىسىملىرىدا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئۆگىنەلەيدۇ. مىسالەن ئېيتساق، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن خەلقلەر 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاساسەن غەربتىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە تەرىپىدىن «ئازات»

قىلىنىپ، «بۈيۈك شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گەۋدىسى» ھاسىل قىلىشنى خالىماي، ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى قۇرۇشنى تاللىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىل ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ خەلقلەر ئارىسىدا كۈچەيگەن مىللەتچىلىك بولۇپ، مىللەتچىلىك ئۇلارنى ياۋروپالىقلاردىن قۇتۇلۇپ، ياپونلارغا تۇتۇلۇشتىن ساقلاپ قالغان. بۇلاردىن سىرت، ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان ياپونلارنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ قايتا بېسىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىشغال قىلغان رايونلارنى يەرلىك مىللەتچىلەرگە تاشلاپ چېكىنىشىمۇ، كونا جاھانگىرلارنىڭ بۇ رايونلارغا قايتا ئاياق بېسىشىنى ئىمكانسىز ھالغا كەلتۈرۈپ، بۇ خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق مۇساپىسىنى تېزلەتكەن. قىسقىسى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەنزىرىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا نوقۇل ھالدا بۈيۈك كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىشتىن سىرت، رايوننىڭ ئۆزىنىڭ دىنامىكىلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، كىتابتا مەزكۇر ئامىللارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان (250-بەت). بۇ خىل باغلاپ چۈشەندۈرۈش مېتودى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي ھادىسىلەرنى توغرا ۋە ئەتراپلىق ئاڭقىرىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەسىلىلەرنى ئۇ مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىققان رايوندىن ھالقىپ، دۇنياۋىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ كۆزىتىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، تارىخىي ھادىسىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا تېخىمۇ مەنتىقىلىق بىر ئاساسقا ئولتۇرىدۇ.

گەرچە كىتابتا 20 - ئەسىرنىڭ خەلقئارا تارىخىنى يېزىش نىشان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسىرنىڭ باش - ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرى ۋە تەسىرلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاپتورلار تەبىئىيلا بۇ 20 - ئەسىرنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ. يەنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن تارىخىي سەۋەبلەرنى ئالدىنقى ئەسىرلەردىن ئىزدىسە، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كەلگەن ھادىسىلەرنىڭ تەسىرلىرىنى 21 - ئەسىردىن ئىزدەيدۇ. ئالايلۇق، كىتابنىڭ «بۈيۈك كۈچلەرنىڭ رىقابىتى ۋە دۇنيا ئۇرۇشى، 1900-17» (5-بەت) ماۋزۇلۇق تۇنجى بۆلۈمدە ئەينى دەۋردىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر (برىتانىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە) ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ قانداق بولۇپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا يول ئاچقانلىقى 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تارىخىي تەرەققىياتلارغا باغلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، كىتابنىڭ «يەر شارىلاشقان بىر دۇنيادا تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇش» (522-بەت) ماۋزۇلۇق ئاخىرقى بۆلۈمدە 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى دېگەندەك دۇنياۋى چوڭ ھادىسىلەر ۋە ئۇلاردىن تۇغۇلغان بىخەتەرلىك مەسىلىلىرىنىڭ 21 - ئەسىردىكى تەسىرلىرى خەلقئارالىق تېرورلۇق ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش نۇقتىسىدىن بايان قىلىنىدۇ.

كىتابتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەيدانغا كېلىپ، كېيىنكى يېرىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بۈگۈنكى دۇنيا تەرتىپىنىڭ شەكىللىنىشىدە پەۋقۇلئاددە رول ئوينىغان ئىككى قېتىملىق دۇنياۋى ئۇرۇشقا، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن (1 - ۋە 8 - بۆلۈملەر) بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ باشلىنىش، داۋاملىشىش ۋە ئاخىرلىشىش جەريانلىرى ئىنتايىن ياخشى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئۇرۇشلاردا مەغلۇب بولغان تەرەپلەر تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن خەلقئارالىق كۈچ بوشلۇقىنىڭ غالىبلار تەرىپىدىن تولدۇرۇلغانلىقى، دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەرنىڭ دۇنياۋى زومىگەرلىك تالىشىش كۈرەشلىرىدىن مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ ئوبدان پايدىلىنىپ، ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، فاشىزمنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسىگە يول ئاچقانلىقى ۋە

ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى بىر خەلقئارا سىستېمىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرمۇ مەنتىقىلىق بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ.

كىتابتا ئەڭ كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغان بىر تېما سوغۇق ئۇرۇشتۇر. سوغۇق ئۇرۇش ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى كۈچ (ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى) ئارىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ھال تاكى 1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغانغا قەدەر داۋام قىلغان. مەزكۇر كىتابنىڭ تۆت بۆلۈمى (9 -، 10 -، 11 - ۋە 20 - بۆلۈملەر) 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى قاپلىغان بۇ جىددىيچىلىكنى ئىنچىكە چۈشەندۈرۈشكە ئايرىلغان. بۇ بۆلۈملەردە سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ياۋروپادىن باشلىنىپ ئاسىياغا كېڭىيىش مۇساپىسى، ئەزۋەيلەپ پەسىيىش جەريانى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئاخىرلىشىپ، يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەر سوغۇق ئۇرۇش ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ ئۇرۇشنىڭ دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىنى ۋە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇ.

كىتابتا يەنە ئەرەب - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىنىڭ مەنبەلىرى، تارىخىي جەريانلىرى ۋە بۈگۈنكى ھالىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىنغان (5 - ۋە 18 - بۆلۈم)، سىياسىي ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن (19 - بۆلۈم)، ۋېيتنام ئۇرۇشىغا مەخسۇس ئورۇن بېرىلگەن (12 - بۆلۈم)، خىتاي بىلەن شىمالىي كورىيە ئىدېئولوگىيە ۋە مىللەتچىلىك نۇقتىسىدىن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن (15 - بۆلۈم)، ياۋرو - ئاسىيا قىتئەسىدە بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقاندا دۇنيانىڭ ئۇنتۇلغان ئارقا ھويلىلىرى ئافرىقا بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى رايون ۋە خەلقئارا يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان (16 - ۋە 17 - بۆلۈملەر). قىسقىسى، مەزكۇر كىتاب 20 - ئەسىرنىڭ خەلقئارا تارىخىنى خۇددى چاتما فىلىمغا ئوخشاش كۆز ئالدىمىزدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزىدۇ.

كىتابنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالا- ھىدىلىكلىرىدىن سىرت، يەنە بىر نۇقتىنى تەكىتلەش تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتاب قۇرۇلمىسى، ئىچىدىكى مەزمۇنى، بايان قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇللىرى جەھەتتىن مۇئەييەن سەۋىيەدە تارىخ ۋە سىياسەت بىلىمى بولغان كىشىلەرگە خىتاب قىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى سەۋىيەنى ھازىرلىمىغان ئوقۇرمەنلەرگە تازا ماس كەلمەيدۇ. ئاپتورلارنىڭ كۆزلىگىنى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشتىن بەكرەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ كارتىنىلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىش بولغاچقا، كىتابتا تىلغا ئېلىنغان تارىخىي ۋەقە ۋە ھادىسىلەردىن پەقەتلا خەۋىرى يوق كىشىلەر كىتابتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالماسلىقى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن، دۇنيا تارىخى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتى بولمىغانلارنىڭ مەزكۇر كىتابنى چۈشىنىشى قىيىن بولۇشى مۇمكىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتاب نوقۇل تارىختىن ساۋات چىقارماقچى بولغانلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى 20 - ئەسىرنى خەلقئارا يۈكسەكلىكتە كۆرۈپ يەتمەكچى بولغان، بۈگۈنكى خەلقئارا سىستېمىنى توغرا چۈشىنىشكە قىزىققان، شۇنداقلا تارىختىن بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

كىتاب تونۇشتۇرۇش
(Book Review)

# يۈكسەك ئەخلاق

(Ahlâki Alâîî)

**مۇكەررەم مۇتەللىپ**

ئىبن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلامى ئىلىملەر ۋە مېدىيا – ئالاقە فاكۇلتېتى تولۇق كۇرس

E-mail:mukarrammutellip@gmail.com




(Kınalızade Ali Çelebi)
Kınalızade Ali Çelebi, Ahlâki Alâîî, (İz Yayınları:2019), ISBN: 9789753556033
38 Türk Lirası

كۈنسايىن تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى دۇنيانىڭ يېڭىچە قىممەت قاراشلىرى كۈنىمىز ئىنسانلىرىنىڭ ئېڭىدىكى ئەخلاق ئۇقۇمىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاممىباب ھالەتتىكى ئىجتىمائى ئەخلاق كىرزىسلىرى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. شۇنداقلا پوستمودېرنىزىم (postmodernizm) ئېقىمى بىلەن تەڭ ھاياتىمىزغا ”مۇتلەق توغرا ياكى مۇتلەق خاتا يوقتۇر“ تەرىقىسىدىكى كۆز قاراشلار كىرىپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن قارايدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىكى ئەخلاق چۈشەنچىسى ۋە يەشمىسىنىڭ كىلاسسىك دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا كۈندىن-كۈنگە ئاددىيلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كىلاسسىك دەۋردە ئەخلاق ئىلمى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ جەمئىيەتشۇناسلىق, پىسخىلوگىيە, ئىقتىساد, ھۇقۇق ۋە سىياسەت ساھەلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىلاسسىك ئەخلاقچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى بولغان ئوسمانلى ئالىمى كىنالىزادە ئەلى چەلەبىنىڭ ئەخلاق ئىلمىدە ھېلىھەم ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يۈكسەك ئەخلاق (Ahlâki Alâîî) ئەسىرىگە كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق بۇ كەڭ دائىرىلىك بىرلەشمىنىڭ روشەن نامايەندىسىنى كۆرەلەيمىز. كىنالىزادىنىڭ ئۈستۈن ئەخلاق (Ahlâki Alâîî) كىتابى ئەخلاق ئاتالغۇسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ

ئىچىدا غۇۋالىشىۋاتقان ۋە چۈشەنچە دائىرىسى تارلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك بىر ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

كىنالىزادە كىتابىنى كىشىلىك ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقى ۋە دۆلەت ئەخلاقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىغان بولۇپ، ھەر قىسىمدا ئەخلاقنىڭ نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي كۆرسەتمىلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىنى ھېكمەت كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېكمەت ئىنسان روھىدا ئىلىم بىلەن ئەمەلنىڭ (ئىش – ھەرىكەت) ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئىنساننىڭ بۇ ئىككى يول بىلەن كامالەتكە ئېرىشىشىدۇر.[1] دېمەك كىتابتا، ئەخلاق پەقەتلا توغرا يەردە توغرا مۇئامىلە قىلىش مەنىسىدىكى ئاددىي بىر ئۇقۇم ئەمەس بەلكى ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ يۇغۇرۇلىشىدىن پەيدا بولغان بىر جەۋھەر شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. خۇينىڭ ئۆزگىرىپ-ئۆزگەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان پەيلاسوپلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالغان كىنالىزادە ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيەسىنىڭ خۇينىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى شۇنىڭ ئۈچۈن خاراكتېر تەربىيەسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. كىتابىنىڭ كىشىلىك ئەخلاق بۆلىكىگە ئايرىلغان قىسمىدا ئاپتور كىلاسسىك ئەخلاق چۈشەنچىلىرىگە تايىنىپ خاراكتېر تەربىيەسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى سەۋەپ - نەتىجە ۋە خاراكتېردە پەيدا بولغان مەرەزلەرنىڭ كىلاسسىك روھى تېبابەتتىكى داۋالىنىش ئۇسۇللىرى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بۆلۈم ئىنساندا مەۋجۇت بولغان ئاساسى كۈچنى ئۈچ تۈرگە ئايرىغان بولۇپ بۇلار نەپسى مەلەكى ( nefs-i melek)، نەپسى سەبى (nefs-i seb'i) ۋە نەپسى بەھىمىدۇر (nefs-i behmî) .

نەپسى مەلەكى ئەقىل ۋە ئىدراك كۈچىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى، نەپسى سەبى ئورۇن، ئۈستۈنلۈك، ئىستىلا، ئىنتىقام ۋە غەزەپ كۈچلىرىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى، نەپسى بەھىمى بولسا جىنسى تۇرمۇش ۋە يېيىش-ئىچىشكە ئوخشاش ئىشتىھا بېرىدىغان لەززەتلەرگە مايىل بولۇشقا ۋاستە بولىدىغان ئىستەكلەرنىڭ باشلىنىش نوقتىسىدۇر. پەزىلەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بۇ ئۈچ خىل كۈچكە ئاساسەن ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئەگەر بىر ئىنسان ئۆزىدە تەبئىي بولغان غەزەپ قۇۋۋىتىنى بىرىنى بوزەك قىلىش، ئۆزىنىڭ بولمىغانغا ئېرىشىش، كۈچسىزلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن ئىشلەتسە بۇ ئاشقۇنلۇق (ifrat) دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر بۇ غەزەپ قۇۋۋىتىنى ئىستىلا قىلىنىش، ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش, ناھەق بوزەك قىلىنىشلارغا قارشى جايىدا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتمىسە بۇ يېتەرسىزلىك/كەمتۈكلۈك (tefrit) بولىدۇ. ئەگەر بىرى بۇ غەزەپ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلارنى بوزەك قىلمايدىغان كۈچلۈكلەرگە بوزەك بولمايدىغان تەرىقىدە ئۆلچەملىك ئەسلى ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ھالەتتە قوللىنالىسا بۇ توغرا يول /مۆتىدىل (itidal) ۋە ھەقىقى پەزىلەت يولىنى تۇتۇشتۇر دېيىلىدۇ . (74-بەت)

كىنالىزادىگە نىسپەتەن ئىنساننى ئەخلاقلىق قىلىدىغان ئاساسى پەزىلەت تۆت بولۇپ ئۇلار ھېكمەت، شىجائەت، ئىپپەت ۋە ئادالەتتۇر. كىتاپتا يەنە بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاستىغا ئايرىلغان باشقا تارماقلىرى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي توختالغان ۋە ھەر بىرىنىڭ ئىفرات (ifrat ) تەفرىت (tefrit) ۋە ھەقىقى ئەخلاقتا ئېلىپ بارىدىغان ئىتىدال (itidal) ئېنىقلىمىلىرى بېرىلگەن. كىنالىزادە بۇ تۆت پەزىلەتنىڭ ئىچىدە ئادالەت ئۈستىدە بەكرەك ئىنچىكە توختىلىدۇ ۋە ئادالەتنى پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى دەپ تەرىپلەش بىلەن

بىرگە ئادالەت ئىنقىلىمىسىنى ماھىيەتتە باراۋەرلىك ۋە تەڭپۇڭلۇق دەپ چۈشەندۈردۇ. قىسقىسى, كىنالىزادىنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسى ئوتتۇرا يول نەزىرىيەسىدۇر ۋە ئۇنىڭ بۇ نەزىرىيىسى ئارىستوتېلىنىڭ ”ئالتۇن نىسپەت» نەزەرىسىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ.[2]

كىتابىنىڭ ئىككىنجى بۆلۈمى ئائىلە ئەخلاقى ئۈچۈن ئايرىلغان بولۇپ كىنالىزادە ئائىلە ئەخلاقىنى پانى ۋە باقى خۇشاللىقنىڭ قولغا كەلتۈرىلىشى ئۈچۈن ئۆگىتىلىشى كېرەك بولغان بىر ئىلىم دەپ قارايدۇ. ئاپتور ئائىلىنى كىچىك دۆلەت دەپ تەرىپلەيدۇ ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ئىدارىسىنىڭ شۇنداقلا قائىدە – تۈزۈملىرىنى قۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ دادىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ھەمدە ئائىلە باشلىقىنى پادىچى ۋە دوختۇرغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۆيدىكىلەرنىڭ ھۇزۇرى, ماددى ۋە مەنىۋى ساغلاملىقى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچان بولىشى كېرەكلىكى، ئۆيدىكىلەرنى ئىچكى ۋە سىرتقى دۈشمەنلەردىن قوغداش, ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىلىم ۋە ھۈنەرلەر بىلەن يېشىپ- يېتىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە كىنالىزادە سۇفىلارنىڭ كۆز-قارىشىغا قارشى ھالدا پۇل-مالنى قىممەتلىك بايلىق دەپ قارايدۇ ۋە پۇلنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم بىر ئامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ (256 -بەت). پۇل-مال ھەققىدە ئۇنى قايسى شەكىلدە تېپىش ، قوغداش ۋە خەجلەش قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ تەپسىلي توختىلىدۇ. ئەدەب، ئائىلە ئەخلاقى بابىدا بۇنىڭدىن باشقا جۆرىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە بولغان مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ئەدەبلىرى توغرىسىدا توختالغان. لېكىن بۇ بايانلىرىدا ئەرلەر ئۈستۈن جەمئىيەتنىڭ تەسىرلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن ئايالالارنىڭ ئەقلى كەمچىل، ئۇلارغا قەتئى سىر بەرمەسلىك دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەرلەرنىڭ كۆپ نىكاھلىق بولۇشى توغرىسىدا توختالغان كىنالىزادە ھۆكۈمدالاردىن باشقىلارغا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىسلام پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن جائىز كۆرۈلمەيدىغانلىقى، ھەقىقىي زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ(275-بەت). ئۇنىڭ قارىشىچە، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا ئىشتىراك قىلغان كىشىنىڭ ئۆيىنى جىدەل-ماجىرا، خۇسۇمەت، پاراكەندىچىلىك ۋە ناچار تۇرمۇش قاپلايدۇ ۋە بۇ ھال ئائىلە نىزامىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كىلىش ئارقىلىق باللارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە سەلبى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كىنالزادە كىتابىنىڭ ئۈچۈنجى بۆلۈمىدە تەرتىپ بىلەن ئائىلە ئەخلاقىدىن دۆلەت ئەخلاقىغا ئۆتىدۇ. سىياسەت ئەخلاقى بابىدا جەمىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ پەقەتلا ئۈچ ئىش بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ بىرىنجىسىنىڭ شەرىئەت، ئىككىنجىسىنىڭ ئادىل ھۆكۈمدار ۋە ئۈچىنجىسىنىڭ پايدىلىق پۇل ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. مەدەنىي بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىدارى ئۇلىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇتلەق بويسۇنۇلىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەن كىنالىزادە جەمئىيەتتە قانۇننىڭ كۈچىدىن سىرت يەنە جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىربىرگە باغلايدىغان سۆيگۈ ئېلېمېنتىنىڭ ئورنىتىلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ھەمدە بىر دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكنىڭ دۆلەت رەئىسى ئىكەنلىكىنى، دۆلەت رەئىسىنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە مۇئامىلىسىنىڭ خەلققە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن

مەدەنىيەتلىك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بېشىغا ئەڭ مۇۋاپىق بىرباشقۇرغۇچى تاللاش ۋە ئۇنىڭ توغرا كۆرسەتمىلىرىگە ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ. كىنالىزادىغا نىسپەتەن سىياسەت پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسەت ۋە پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغان سىياسەت دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. پەزىلەتكە تايانغان سىياسەت siyaseti famme دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ مۇكەممەل ۋە ۋايىغا يەتكەن ئىدارە-تۈزۈم دېگەنلىكتۇر. پەزىلەتتىن يىراق دەپ تەرىپلەنگەن ئىككىنجى خىل سىياسەت كەمتۈك سىياسەت (eksik siyaset) دەپ ئۇقۇملاندۇرۇلغان بولۇپ بۇ خىل سىياسەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستۈنلۈك تالىشىش ئىدىيىسىگە تاياناماقتىدۇر. پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسەتتە باشقۇرغۇچىنىڭ غايىسى ئىلاھى ئەخلاق بىلەن بېزىلىپ خەلقنى بەخت ۋە ھۇزۇرغا ئېرىشتۈرۈش بولسا پەزىلەتكە تايانمىغان كەمتۈك سىياسەتتە باشقۇرغۇچىنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىش خىرسى, نەپسىنىڭ ئىنتىلىشلىرىگە بويۇن ئېگىپ ۋەزىپىلىرىنى جايىدا ئورۇندىماسلىقى ۋە كەيىپ-ساپاغا بېرىلىشى دېگەندەك سۈپەتلەر تېما قىلىنىدۇ.[3] بۇنىڭ بىلەن بىرگە كىنالىزادە دۆلەتنى يوق قىلىدىغان ئەڭ ئاساسى سەۋەپلەرنىڭ بىرىنىڭ تەپرىقچىلىق ئىكەنلىكى، دۆلەت ئەخلاقىدىكى ئەڭ چوڭ پەزىلەتنىڭ بولسا بىر تەن بىر جان بولۇپ بىرلىشىش ئىكەنلىكى شۇنداق بولغاندا دۈشمەن ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ (دۈشمەنلەرنىڭ) ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ قىيىن بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداقلا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ نىشانىغا ئالغان دۆلەتنى ۋەيران قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ تاكتىكىسىنىڭ بۇ جەمئىيەتنى ئەسلى مەقسەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىھۇدە مۇنازىرىلەر ۋە دەتالاشلارغا سۆرەپ كىرىش ۋە ئىچكى زىددىيەتلەرنى تۇغدۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا دۆلەت ئەخلاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىنىڭ سىر ساقلىيالايدىغان بولۇش، ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە تەپرىقچىلىقنىڭ قانچىلىك كۆپ بولىشىدىن قەتئىينەزەر سىرتقى كۈچلەرگە قارشى تىنچ ۋە ئىتتىپاق كۆرۈنۈشنىڭ دۆلەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ(394-بەت).

كىنالىزادە ئادالەتنىڭ شەرتلىرى ۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ سۈپەتلىرى تېمىسى ئاستىدا يەنە مەسىلەكلەر ھەققىدە توختالغان بولۇپ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ يىمىرىلمەسلىكى ئۈچۈن ئوخشاش بىر ئىش ئۈستىگە ھەددىدىن زىيادە كۆپ كىشىنىڭ مەركەزلىشىۋالماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ توغرىسىدا كىنالىزادە مىسال بېرىپ مۇنداق دەيدۇ. «جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى ئېلېمېنتلىرىمۇ ئادەم بەدىنىنىڭ ئاساسى ئېلېمېنتلىرىغا ئوخشاش تۆتتۇر. بىرىنجىسى ئالىملار ۋە قانۇنچىلار, ئىككىنجىسى يازغۇچىلار ۋە ئىقتىسادچىلار, ئۈچىنچىسى دوختۇرلار ۋە شائىرلار ۋە تۆتىنجىسى ئاسترونوملار ۋە ئېنژېنېرلاردۇر. بۇلار جەمئىيەت ئۈچۈن سۇ مىسالىدۇر. بەشىنجىسى ھەربى سىنىپ, ئالتىنجىسى تىجارەتچىلەر سىنىپى ۋە يەتتىنجىسى بولسا دېھقان-چارۋىچىلار قاتلىمىدۇ. بۇ ئۈچى جەمئىيەتنىڭ تۇپرىقىغا ئوخشاشتۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مەسىلەن, ھەممە ئادەم دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولسا دۆلەتنىڭ ھەربى كۈچى ئازلايدۇ, مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەسكەرلەر تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ ئوخشاشلا يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى بۇزۇلىدۇ“ (395-بەت). يەنى جەمئىيەتنىڭ تەرتىپلىك ۋە ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچنىڭ مەلۇم بىرساھەگە كېرەكلىك ئېھتىياجدىن كۆپ مەركەزلىشىپ قېلىشى خەتەرلىك ئەھۋالدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىنالىزادە ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئۇقۇملىرىنى ئىنسانلارنىڭ قابىلىيەتلىرىگە قاراپ بېكىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى دۆلەت ئىنسانلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى قابىلىيەتلىرىگە قاراپ ئۆلچىشى ۋە ئايرىشى كېرەك دەيدۇ ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن كىشىلەرنى بەش تۈرگە ئايرىيدۇ. بىرىنجى تۈردىكى كىشىلەر سېپى ئۆزىدىن ياخشى ھەمدە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلغۇچىلار بولۇپ، بۇلار ھەقىقى دىنى ئالىملار ۋە ئاللاھ يولىدا تەر تۆككۈچىلەردۇر. ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇ تۈردىكى كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلىشى ۋە بۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىگە قۇلاق سېلىشى لازىم. ئىككىنجىسى ئۆزلىرىگىلا خاس بولغان ياخشىلىق خىسلىتى توشۇغۇچىلاردۇر ۋە دۆلەتنىڭ بۇلارنى قوغدىشى زۆرۈردۇر. ئۈچۈنجى تۈردىكى كىشلەر نە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان نە يامانلىققا سەۋەب بولىدىغان پايدىسىز كىشىلەردۇر. ھۆكۈمدارنىڭ بۇ كىشىلەرنى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ تەربىيەلىشى ۋە ياخشىلىققا يىتەكلىشى زۆرۈردۇر. شۇنداق بولغاندا بۇ تىپتىكى كىشىلەرنى كونتورول ئاستىغا ئالغىلى ۋە دۆلەتنىڭ بېشىغا بالا تېپىپ بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تۆتىنجى خىلدىكى كىشلەر تەبىئىتىدىن ناچار ۋە زىيانلىق كىشلەردۇر. بىراق بۇلار پەقەت ئۆزلىرىگىلا زىيانلىق يەتكۈزىدۇ. بۇلارنىڭ زىيانلىق كىشلەر ئىكەنلىكى ھەممە تەرىپىدىن بىلىنگەچكە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ تىپتىكى ئىنسانلارغا بەزىدە قورقۇتۇش بەزىدە خۇش پېئىل مۇئامىلە قىلىش بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلىش ھەمدە بۇلارنى مائارىپ ئارقىلىق تەربىيلەپ چىقىش كېرەك. بەشىنجى تۈرگە كەلسەك بۇ تۈردىكى كىشلەر يارىتىلىشىدىنلا ناچار ۋە زىيانلىق ئىنسانلاردۇر. ھەممىگە زىيىنى تېگىدىغان بۇ كىشلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدۇر. بۇ كىشلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۆزگىرەلىشى ئېھتىمال بولسىمۇ بىر قىسمىنىڭ ناچار تەبئىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇڭا, ئەگەر بۇ تۈردىكى كىشلەرنىڭ يامانلىق دائىرسى بەك كەڭ بولمىسا بۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش كېرەك. ئەگەرزىيىنى كەڭ تارقالغان بولسا بۇلارنى چەكلەش لازىم (397-بەت). ئىنسانلارنى تەبئىي ئىقتىدارىغا قاراپ بەش تۈرگە ئايرىغان ۋە باراۋەرلىك ئۇقۇمىنى مۇشۇنىڭغا قاراپ تەقسىملىگەن كىنالىزدە ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى باراۋەر مۇئامىلە قىلىش ۋە باراۋەرلىكنى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ تەقسىم قىلىش دەپ قارايدۇ. قىسقىسى, بۇ نۇقتىدا ئۆزنۇر سەلەن كامال ئوغلى (Öznur Selen Kemal Oğlu) نىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك "ئەخلاق مىكرو سىياسەتتۇر, سىياسەت بولسا ماكرو ئەخلاقتۇر. ئەخلاق بىلەن سىياسەت ئوتتۇرسىدا زىچ بىر مۇناسىۋەت بار ۋە كىنالىزادىنىڭ كىتابىنىڭ ئاخىرقى بۆلۈمىدە بىزگە سۇنغىنىغا ئوخشاش ئەخلاق بىلەن سىياسەتنى ئەسلا بىربىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.[4]

**Endnotes**

1 Hulusi Arslan, ‘Kınalızâde Ali Efendi’de Ahlâk-Din Ilişkisi’, İnönü Üniversitesi İlahiyat *Fakültesi Dergisi* 5, no. 2 (2014): 3.

2 Arslan, 4.

3 İŞÇİ Metin, ‘Kınalızâde Ali Efendi’nin Siyaset ve Devlet Anlayışı’, *Süleyman Demirel* Üniversitesi İktisadi *Ve* İdari *Bilimler Fakültesi Dergisi* 2, no. 2 (1997).

4 Öznur Selen KEMALOĞLU, ‘Kınalızâde’nin Ahlâk-ı Alai Adlı Eserinde Ahlâk-Siyaset İlişkisi’, *Maarif Mektepleri Uluslararası Sosyal ve Beşeri Bilimler Dergisi* 2, no. 2 (n.d.): 12.

كىتاب تونۇشتۇرۇش (Book Review)

# ئۇيغۇرلار

## (840 - يىلىدىن بۇرۇن)

**ئاھمەت تاشاغىل** (Pro.Dr Ahmet Taşağıl)

**سەنئەت**

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى دوكتورانتى.

E-mail: sanat218@hotmail.com




Prof.Dr Ahmet Taşağıl, Uyrurlar – 840'tan Önce,2.baskı (Bilge Kültür Sanat Yayınlar, Istanbul: 2021) 27 TL

ئۇيغۇرلار تارىخى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇش بىر ۋاقىتتا، دۇنيا تارىخىنىڭمۇ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. ئۇيغۇرلار تارىخى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان پۈتۈن تۈركىي ۋە تۈركىي بولمىغان قەۋملەرنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان. يېقىنقى زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلار تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەزى كۆرۈنەرلىك، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېقىنقى كۈنلەردە ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئەسەرلەردىن بىرى پروفېسسور ئاھمەت تاشاغىلنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق ئەسىرىدۇر. بۇ كىتاب بىلگە كۈلتۈر سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 2020 - يىلى 12 - ئايدا تۇنجى قېتىم نەشرگە تەييارلاندى ۋە بۇ يىل 3 - ئايدا قايتا نەشر قىلىندى.

پروفېسسور ئاھمەت تاشاغىل ھازىر تۈركىيەدىكى ئەڭ مۇھىم قەدىمكى تۈرك تارىخى تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1964 - يىلى تۈركىيەنىڭ يالوۋا شەھىرىدە تۇغۇلغان. تارىخچى ئاھمەت تاشاغىل ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تەيۋەنگە خىتاي تىلى ئۆگىنىش ۋە تۈرك تارىخى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بارغان. ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، بولۇپمۇ

تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى توغرا باھالاش ۋە تەتقىق قىلىشتا، خىتاي تىلى بىلەن يېزىلغان مەنبەلەردىن بىۋاستە پايدىلىنىش، بۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش، ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى نۇقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. چۈنكى موڭغۇلىيەنىڭ چەكسىز كەتكەن چۆللۈكلىرىدىن تارتىپ، غەربكە قاراپ يېيىلغان بۇ كەڭ زېمىندا ئۆچمەس تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان خەلقلەرنىڭ ئۆز تىل ۋە يېزىقلىرىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىدىن بۈگۈنگە قەدەر قولىمىزغا تەگكەنلىرى چەكلىكتۇر. لېكىن تارىخنىڭ بىز بىلمەيدىغان قاراڭغۇ دەۋرلىرىدىن باشلاپ، ھەر نۆۋەتتە ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىشكە مەجبۇر بولغان خىتايلار ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ياخشى تونۇشقا تىرىشقان . بۇ سەۋەبلىك خىتاي تىلى بىلەن قالدۇرۇلغان مەنبەلەردە تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلانماقتا. ئاھمەت تاشاغىلنىڭ تارىخ تەتقىقاتلىرى دەل مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈركىيەدىكى مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاھمەت تاشاغىلنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ بارلىق جەريانىنى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنى، يەنى 840 - يىلىدىن بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى ئاساسىي تېما قىلغان. كىتاب يەتتە چوڭ بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قىسقا بىر كىرىش سۆزدىن كېيىن (7 ~ 9 - بەتلەر)، كىتابنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ئۆتۈكەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى باشلىنىدۇ. بۇ قىسىمدا (11~ 24 - بەتلەر) ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قىسقىچە ئىزاھلانغاندىن كېيىن، ئورخۇن (ئۆتۈكەن) ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بېرىلىدۇ.

ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئورخۇن (ئۆتۈكەن) ئۇيغۇر خاقانلىقىنى بەرپا قىلغانلىقى بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تۈرك خەلقلىرىنىڭ تارىخىي مىراسلىرىنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقىچە ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تەكىتلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار تارىخىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھاسىل قىلغان بۆگۈ خاقان بىلەن كۆك تۈرك خاقانى تاسپارنى بىر - بىرىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق تۈرك خەلقىنىڭ ھاياتىغا ئۇيغۇن بولمىغان سىياسىي تۈزۈملىرىنى ۋە يېڭى دىن قوبۇل قىلىش مەيلىنى تەنقىدى نۇقتىدىن تىلغا ئالىدۇ. (14 - بەت)

كىتابنىڭ 2 - بۆلۈمى (24 ~ 34 - بەتلەر) ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مۇستەقىل بولۇشتىن بۇرۇنقى تارىخىي ۋەزىيىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ بۆلۈمدە «ئۇيغۇر» ئىسمىنىڭ تارىخى مەنبەلەردە قايسى شەكىللەردە ( مەسىلەن: خۇەي خو، ۋېي خۇ، خۇەي خۇ، ۋىي ۋۇ ئەرگە ئوخشاش) ۋە قانداق قوللىنىلغانلىقى ئاساسەن خىتاي تىلى بىلەن يېزىلغان يازما ماتېرىياللار نەقىل كەلتۈرۈلۈش ئارقىلىق تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى ئوخشىمايدىغان پىكىر، كۆز قاراشلارمۇ تەكىتلىنىپ ئۆتۈلىدۇ (25 - بەت). ئەمما ئاپتور تۈركچە ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەسەرنىڭ تىل جەھەتتىن بىر پۈتۈنلىكىنى ساقلاش ۋە ئەسەرنىڭ راۋانلىقىنى بۇزماسلىق نىيىتىدە بۇ سۆزلەرنىڭ خىتايچە ئەسلى شەكلىنى كۆرسەتمىگەن. بۇ بۆلۈمدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن ئۇلارنىڭ تۆلەسلەرنىڭ ئىچىدىكى كاڭلى قەبىلىسىنىڭ تەركىبىدە ياشايدىغان بىر قەۋم ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەت ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باسمىل ۋە قارلۇقلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش

ئارقىلىق كۆك تۈرك ھۆكۈمدارلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرەشلىرى بايان قىلىنىدۇ.

كىتابنىڭ 3 - بۆلۈمى (34 ~ 84 - بەتلەر) ئەسەرنىڭ ئەڭ ھەجىملىك بۆلىكى بولۇپ، بۇ بۆلۈمدە ئاساسلىق ئورخۇن (ئۆتۈكەن) ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش جەريانى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ بۆلۈمدە ئاپتور يەنە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئارقا سېپىدىكى ئەڭ مۇھىم ياردەمچى قوشۇنىنىڭ كىملىكى، ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇناسىۋىتى، بايان چور خاقانىنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدىكى ئىش - ئىزلىرى، دەل شۇ مەزگىللەردە تاڭ سۇلالىسىدە باش كۆتۈرگەن ئىسيانلار، تاڭ سۇلالىسىدە باش كۆتۈرگەن ئىسيانلارنى باستۇرۇشتا ئۇيغۇرلارنىڭ قوشقان تۆھپىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەملىرى سەۋەبلىك تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يوللىغان سان - ساناقسىز ھەدىيەلىرى ۋە تاڭ ئىمپېراتورى پۈشتىدىن بولغان ھەقىقىي مەلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئەۋەتىلىشىدەك مەزمۇنلار ئايرىم - ئايرىم ماۋزۇلار ئاستىدا ئوقۇرمەنلەرگە تەپسىلىي سۇنۇلىدۇ. يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار بىر تەرەپتىن خىتايچە ۋە ياكى باشقا تىللاردىكى ماتېرىياللاردىن مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئاغزىدىن، يەنى «تەس»، «تارىيات»، «شىنە» ۋە «ئۇسۇ» دەك مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىگە ئويۇلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇ بۆلۈم بايان چور خاقانىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بۇنىڭ ئارقىسىدىكى بۆلۈم (84 ~ 108 - بەتلەر) بۆگۈ خاقان بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلاردۇر. ئاپتور بۆگۈ خاقانىنىڭ مانىي دىنىنى قوبۇل قىلىشى ھەققىدە تەنقىدىي پوزىتسىيەدە بولسىمۇ، لېكىن بۇ قارارنىڭ ئىجابىي تەسىرىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى شىمالدىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھەر ۋاقىت تەڭرى ئىزدىنىشى ئىچىدە بولغانلىقىنى، يېڭىلىقا ئىنتىلىش ئارزۇسىنى تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇددىزىم، مانىي دىنىدەك يېڭى دىنلارغا بولغان ئىزدىنىش ۋە تەلپۈنۈش تارىخنىڭ توسۇپ بولغىلى بولمايدىغان تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئىدى. بۇ ھادىسىنى ئىلگىرى بىلگە خاقان بىلەن تۇنيوقۇقنىڭ سۆھبەتلىرىدىمۇ كۆرەلەيمىز. تۇنيوقۇق ئۆز ۋاقتىدا بىلگە خاقاننى بۇددىزىمغا كىرىشتىن ئۇنۇملۇك توسۇپ قالغان بىلەن، بۆگۈ خاقان مەزگىلىدە يەنە ئوخشاش ۋەزىيەت تەكرارلىنىشقا باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، تاڭ سۇلالىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇددىزىمنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يات مەدەنىيەتلەرنى ئاسانلا تەسىرى ئاستىغا ئېلىپ، ئەجدىرھادەك يۇتۇپ سىڭدۈرۈپ كېتىدىغان خىتايلارنىڭ قارشىسىدا، خىتاي بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان بۆگۈ خاقان ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان، باشقا بىر يېڭى دىننى تاللاش ئارقىلىق ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ سىڭىپ كېتىشنى مەلۇم جەھەتتىن چەكلەپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تارىختا خىتايلار بىلەن ئوخشاش دىن ۋە مەدەنىيەتنى تاللىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن قانداق ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مىساللارمۇ يوق ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مانىي دىنى ئاساسەن يۇقىرى تەبىقىدىكى ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپرەك راۋاج تاپقان بولۇپ، خەلق ئارىسىدا يەنىلا بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتى داۋام قىلماقتا ئىدى.

كىتابنىڭ 5 - بۆلۈمى (108 ~ 127 - بەتلەر) ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرغۇن مەزگىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ بۆلۈمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزگەن دىپلوماتىك سىياسەتلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن تىبەتلەر تارىخ سەھنىسىدە

ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىشقا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىمۇ دۆلەت كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ئورنىدا ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بەزى شەپىلىرى مەلۇم بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ پۈتۈن جەرياندا ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئۆتۈكەندە ياشىغان ئەجداتلىرىدەك تاڭ سۇلالىسىگە قارشى چوڭ ئۇرۇشلارنى قوزغىمىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى سۈپىتىدە ئاپتور بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرى تاڭ سۇلالىسىدە باش كۆتۈرگەن ئىسيانلارنى باستۇرۇشتا، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياردەملىرىنى پەش قىلىش ئارقىلىق ئىنتايىن چوڭ ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مانىي دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكلىرى، پەلسەپىسى ۋە كۆز قاراشلىرىغا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچى يايلاق مىللىتىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلارنى چىقىرىشىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان. ئەلۋەتتە بۇ جەرياندا سوغۇدلار (ئۇيغۇرچە سوغدىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىن تىجارەتنى ياخشى ئۆگەنگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە خىتاينىڭ تاۋار دۇردۇنلىرىغا ۋە شەھەر قۇرۇش، شەھەر سېپىلى ياساش، سارايلاردا ئولتۇرۇشقا ئوخشاش خىتاي مەدەنىيىتىگە بولغان ھەيرانلىق تۇيغۇلىرىنىڭ ھۆكۈمدارلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدىغان توققۇز ئوغۇزلار بىلەن سوغۇدلار بىرلىشىپ، بۆگۈ خاقاننى خىتايلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بېرىشقا ماقۇل كەلتۈرسىمۇ، لېكىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان راھەت سىستېمىنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمدارلار بۆگۈ خاقاننى خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. بۆگۈ خاقاننىڭ خىتايلارغا قارشى نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنى چۈشىنىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش ئارقىلىق بۆگۈ خاقاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ خىتايغا قارشى بۇ يۈزلىنىش سۇغا چىلىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا خىتايلارنى بېسىۋېلىپ ئۇلارغا ھۆكۈمران بولۇشنى ئويلىغانلار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇنداق بىر ھەرىكەتنىڭ زۆرۈر بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن ۋە تاڭ سۇلالىسىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىمەن دېگەنگە قارىغاندا، ۋاسىتىلىك كونترول قىلىشنى تېخىمۇ ئاقىلانىلىك دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاپتورمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا بايان چۇر خاقاننىڭ بىر ئۇيغۇر مەلىكىسىنى خىتايلارغا كېلىن سۈپىتىدە ئەۋەتىشى ئەمەلىيەتتە تۇققانچىلىق باھانىسى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنى ئۆز تەسىرىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

6 - بۆلۈم (127 ~ 137 - بەتلەر) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ھالاك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر قويۇق ھالەتتە داۋام قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرلىكسەپنىڭ بارغانسېرى بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈز تۇتقانلىقىنى، شۇنداقلا تەخت ماجىرالىرىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. لېكىن ئاپتور ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرىنى بولسا ناچار ئىقلىم شارائىتى دەپ قارايدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە ۋابا سەۋەبىدىن ھالسىرىغان ئۇيغۇر دۆلىتىگە توختىماي ياغقان قار ئاپىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن نۇرغۇن چارۋا مال ۋە ئىنسان ھالاك بولىدۇ. بۇ ۋەزىيەت

دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا ئېغىر تالاپەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، ھۆكۈمدارلىق تەختىنىمۇ تەۋرىتىپ قويىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىق تەختىگە ئولتۇرغان خاقانلارنىڭ قىسقا مەزگىل ئىچىدە پات - پات ئالمىشىپ تۇرغانلىقىمۇ دىققەت تارتىدۇ. تەخت ماجىرالىرى سەۋەبلىك سا خاقانىنىڭ (Uygur Kağanı Sa) ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا زورلىنىشى ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش بىلەن تەختكە چىققان خاقانغا بولغان ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن، كۆللۈگ باغا قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇيغۇر خاقانلىرى تەختىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ (133 - بەت). بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىقىلىشىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاشقى سەۋەبلەردۇر. ئەمما دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق ھۇزۇرسىزلىق ۋە تەخت ماجىرالىرىغا مەيدان ھازىرلاپ بەرگەن پەردە ئارقىسىدىكى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈگىمەس ئويۇنلىرىنىڭ رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىشىدا خىتاي مەلىكىسى تەيخونىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ۋە ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ رولى چوڭدۇر. خىتايلار ئارقا تەرەپتىن ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىچكى زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىسا، ئالدى تەرەپتىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە ئۇيغۇر خاقانىغا چىرايلىق ھەدىيەلەرنى سۇنۇپ تۇراتتى (134 - بەت). شۇنداق قىلىپ بىر ئەسىر دەۋر سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخى ئاخىرلاشقان بولدى.

ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بۆلۈمى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ياراتقان مەدەنىي مىراسلارغا ئايرىلغان بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇيغۇرلاردىكى دېھقانچىلىق، تىجارەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، بىناكارلىق، مىمارلىق قاتارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەردە ئىشلىتىلگەن خىتايچە تارىخىي يازما ماتېرىياللارنىڭ نۇسخىلىرىغىمۇ ئورۇن بېرىلگەن.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرنى ئاممىباب بىر تارىخ كىتابى دېيىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋىي مىراسلىرىنى، گوبى چۆلىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭقۇر تەسىرىنى بىر ئەسەرگە سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئاھمەت تاشاغىل سەلتەنەتلىك بۇ تارىخنى مۇمكىنقەدەر قىسقا، ئىخچام ۋە ئاممىباب بىر تىل بىلەن ئوقۇرمەنلىرىگە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. بەلكىم ئاپتور ئەسەرنىڭ ئاممىبابلىقى جەھەتتىن، ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق نىيىتىدە، ئەسەر تىلىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن خىتايچە يېزىلغان ئاتالغۇ ۋە ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك پەقەتلا تۈركچە ئىپادىلەش بىلەن كۇپايىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئەھۋال خىتاي تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن تەتقىقاتچىلارغا زور بىر قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسەرنىڭ بەزى قىسىملىرىدا، ئوقۇرمەنلەرگە بۇرۇنقى مەزمۇنلارنى ئەسلىتىش نىيىتىدە بولسا كېرەك، قىسمەن تەكرارلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر ئەسەردە ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە پارچە تارىخىي خەرىتىمۇ قوشۇپ بېرىلگەن بولسا، ئەسەرنىڭ قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى دەپ قارايمەن. لېكىن نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھازىر تۈركىيەدە قەدىمكى تۈرك تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخچى ئاھمەت تاشاغىل تەرىپىدىن مەخسۇس قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئەسەرنىڭ نەشىردىن چىقىشى كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر خەۋەردۇر.

# جۇغراپىيە مەھكۇملىرى

**مەۋلان تەڭرىقۇت**

ئىبىن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى دوكتورانتى.

E-mail: m.tanrkitut@gmail.com




Tim Marshall, Coğrafya Mahkumları, (epsilon yayınları: 2018, ISBN: 9786051733968, 22 Türk Lirası.

ئەسكەرتىش: كىتابنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى ئوقۇيدىغانلارغا 2018 - يىلدىن كېيىنكى نەشرىنى تەۋسىيە قىلىمىز. چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى نەشرلىرىدە (2015،2016) بەزى مۇھىم مەزمۇنلار بېرىلمىگەن.

ئەگەر خىتايلار سەددىچىن سېپىلى ياسىغانغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ جىيايۇگۇەننى چىگرا قىلىپ، جەنۇب – شىمال يۆنىلىشىدە «تۈركلەر سېپىلى» ياسىغان بولسا بۈگۈنكى تەقدىرىمىز باشقىچە بولارمىدى؟

بۇنداق بىر سوئال ھېچقاچان سورۇلۇپ باقمىغان ۋە ھېچكىم بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان. بۇ كىتابمۇ بۇ سۇئالغا جاۋاپ بەرمەيدۇ. بەلكى،جۇغراپىيە بىلەن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ياۋروپادا بۇنچە كۆپ دۆلەت بار؟ نېمە ئۈچۈن خىتاينىڭ زىمىنى بۇ قەدەر چوڭ؟ نېمە ئۈچۈن رۇسىيە پولشا ۋە ئوكرائىناغا ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ ۋە نېمە ئۈچۈن قىرىمنى ئىشغال قىلدى؟ ئوتتۇرا شەرق بىلەن ئافرىقىدا نېمە ئۈچۈن توقۇنۇش توختىمايدۇ؟ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا نېمە ئۈچۈن باي، ئافرىقا نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل؟... دېگەندەك مەسىلىلەرگە جۇغراپىيە ئامىلىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئەمما ئوقۇرمەنلەر تىم مارشال (Tim Marshal) نىڭ «جۇغراپىيە مەھكۇملىرى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، يۇقىرىقى سۇئالنىڭ جاۋابىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ئېرىشىشى ۋە ئىلھامغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

تارىخ ياكى بىر ھادىسىنىڭ ھەرگىزمۇ بىرلا سەۋەبى بولمايدۇ، لېكىن بىر نەچچە خىل سەۋەبلىرى ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم سەۋەبىدىن بىرسى بولىدۇ. جۇغراپىيە ھەقىقەتەن بىر توپلۇمنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى

مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بىر مىللەت ئۈچۈن ئۇلار ياشىغان جۇغراپىيەنىڭ بەلگىلىگۈچى ئامىللاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىملاردىن بىر قانچىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە تىم مارشالدىن باشقا يەنە ئىبنى خەلدۇن[1]، جېرىد دايمىن (Jared Dimond)[2]، روبېرت كەپلىن (Robert Kaplan)[3] قاتارلىقلارنى سۆزلەپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئەمما تىم مارشالنىڭ مەزكۇر كىتابى ئەڭ يېقىن تارىختا يېزىلغانلىقى، كۈنىمىزدىكى سىياسىي مەسىلىلەرنى جۇغراپىيە ئامىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئانالىز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت تارتىدۇ.

تىم مارشال ئەنگلىيەلىك ژۇرنالىست، Sky News خەۋەر قانىلىنىڭ مۇخبىرى. ئۇ بۇ سالاھىيىتى بىلەن كوسوۋو ئۇرۇشى، ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن جايلاردىكى توقۇنۇشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇ يەنە دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كېزىپ چىققان. ئۇ كىتابىدا تىلغا ئالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ باققان ۋە نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرگە جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن يېقىنلاشقاندا، مەسىلىنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.

دۆلەتلەر مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۆزى جايلاشقان جۇغراپىيەلىك ئورۇننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى، يەر شەكلى، ھاۋا كېلىماتى، قېزىلما بايلىقلىرى ۋە قوشنا دۆلەتلىرى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. خەلق ياكى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى مانا بۇ ئامىللارنىڭ تۇتقۇنلىرىغا ئايلىنىدۇ ۋە بۇ تۇتقۇنلۇق ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.  مانا بۇنى بۇ كىتابنىڭ مەركىزى نۇقتئىنەزىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تىم مارشال دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان ئون رايوننى مىسالغا ئېلىپ تۇرۇپ، بۇ رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ تارىختىن كۈنىمىزگە قەدەر رايون خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى، سىياسىتى ۋە دىپلوماتىيەسىدە قانداق ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى بايان قىلغان.

كىتابنىڭ بېشى مونو جۈملە بىلەن باشلىنىدۇ:

- - - ۋىلادىمىر پۇتىن ئۆزىنىڭ دىندار كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇ چېركاۋغا بېرىپ تەڭرىدىن شۇنى سورىشى مۇمكىن: «نېمە ئۈچۈن ئۇكرائىنا تۇپراقلىرىغا ئازراق بولسىمۇ تاغلارنى ياراتمىدىڭ؟» ( 1 - بەت).

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، رۇسىيە تىپىك تەبىئەتنىڭ تۇرمىسىگە مەھكۇم قىلىنغان دۆلەت. جۇغراپىيەسىدىكى تەبىئىي شارائىتلارنى يېڭىش ناھايىتى قىيىن. ئورال تېغىنىڭ شەرقىنى بويسۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس (11 - بەت). تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قاتناشقا بولىدىغان دېڭىز پورتلىرى يوق. ۋىلادىۋوستوك بولسا رۇسىيەنىڭ مەركىزىدىن تولىمۇ يىراقتا. سانكىت پېتىربۇرگتا بولسا قىشتا مۇز توڭلاش سەۋەبىدىن دېڭىز قاتنىشى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ (15 - بەت). پەقەت قىرىملا رۇسىيە ئۈچۈن بىردىنبىر كۆڭۈلدىكىدەك پورت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (18 - بەت). شۇڭا قىرىمنىڭ ئىشغالىنى مەلۇم نۇقتىدىن رۇسىيەنىڭ تۇرمىدىن قېچىشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تىم مارشال رۇسىيەنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى دەپ قارايدۇ. چۈنكى پولشا تۈزلەڭلىكىدىن يولغان چىققان دۈشمەن ھېچقانداق توسالغۇسىز موسكۋاغىچە كېلەلەيدۇ. ناپالېئون ۋە گېتلېرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن رۇسىيە ھەر دائىم غەربىي تەرىپىگە، يەنى ياۋروپاغا ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ كەلگەن. ئوخشاشلا بۇ خىل يەر شەكلى ئامىلى ياۋروپانىمۇ رۇسىيەدىن ناھايىتى خەۋپسىرەيدىغان قىلىپ قويغان.

ئۇ يەنە خىتاي ۋە ھىندىستاننىڭ نېمە ئۈچۈن

نەچچە مىڭ يىل قوشنا ياشاپ تۇرۇقلۇق، ھېچقانداق زىددىيەتلىشىپ باقمىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىككى چوڭ دۆلەتنى ھىمالايا تاغ تىزمىسىنىڭ ئايرىپ تۇرغانلىقى دەپ ئېيتىدۇ.

تىم مارشال كىتابىنىڭ خىتاي قىسمىدا سەددىچىن سېپىلى، چاڭجىياڭ ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋە سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بۈيۈك قانالنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (26 - بەت). يەنە موڭغۇلىيە،تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق رايونلارنىڭ خىتاي مەدەنىيىتى ۋە خەلقىنى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدايدىغان قالقان ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كىتابتا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، بۇ رايوننىڭ خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن 18 - ئەسىردە ئىشغال قىلىنغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قېتىم مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ (27 - بەت). شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېتنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكى ۋە بۇ سەۋەبتىن مۇستەقىللىق ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ باقمىغانلىقىنى (30 - بەت)، ئەمما دالاي لاماغا ئوخشاش بىر لىدىر چىقىرالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (31 - بەت) . بۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى توسۇش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مۇستەقىلچى كۈچلىرىنى خەلقئاراغا ئىسلامىي تېرورچىلار دەپ كۆرسىتىپ كەلگەن بولسا (31 - بەت)، يەنە بىر تەرەپتىن رايونغا كۆپلەپ خىتاي كۆچمەن يۆتكەۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش (30 - بەت) بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم زېمىن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ خىتاي ئۈچۈن قوغدىنىش قالقىنى، قېزىلما بايلىق مەنبەسى ۋە يادرو سىناق مەركىزى ئىكەنلىكىنى (30 - بەت)، شۇڭا خىتاينىڭ بۇ يەردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزنى ئۆكتەملىك بىلەن كونترول قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىنى ئامېرىكانىڭ مېكسىكا قولتۇقىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇش ئارقىلىق مېكسىكا، بىرازىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتىدىن ئۆزىنى قوغدىغانلىقىغا ئوخشىتىدۇ.

ئامېرىكانىڭ گۈللىنىشىدە جۇغراپىيەنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە چەكسىز دېڭىز - ئوكيان بار. يەنى ھېچقانداق دۆلەتتىن كېلىدىغان تەھدىت يوق. شىمالدىكى قوشنىسى ئامېرىكا بىلەن ھېچقانداق زىددىيىتى يوق كانادا بولۇپ، جەنۇبىتىكىسى بولسا ئاندا - ساندا كىچىك سۈركىلىشلەر بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكاغا ھېچقانداق تەھدىت شەكىللەندۈرەلمەيدىغان مېكسىكادىن ئىبارەت. مانا بۇلار ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان غايەت زور سۇ مەنبەسى بولغان مىسسىسىپپى دەرياسى ۋە كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك، شۈبھىسىزكى، تەڭرىنىڭ ئامېرىكاغا قىلغان سوۋغىتى. بۇ ئىككى تەبىئىي جۇغراپىيە ھەم ئامېرىكىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ، ھەم ئىقتىسادى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىنىڭ كاپالىتىگە ئايلانغان. ئاپتور ھېچقانداق تاغ ياكى شارقىراتمىلارغا دوقۇرۇپ قالمايدىغان مىسسىسىپپى دەرياسىنى ھە دېسىلا يېرىلمىلار ۋە جىلغىلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، شارقىراتمىلار سىستېمىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئافرىقادىكى دەريالارغا سېلىشتۇرىدۇ ۋە ئافرىقىدا بۇ قەدەر نامرات، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر – بىرىدىن بۇ قەدەر پەرقلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ

بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئافرىقىنىڭ يەر شەكلىنىڭ ئېگىز – پەسلىكى ۋە راۋان سۇ يولىنىڭ بولماسلىقى ئىكەنلىكىگە باغلايدۇ (62 - بەت). ئوخشاش مەنتىقە بويىچە، شىمالىي ئافرىقىنىڭ، بولۇپمۇ مىسىرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇزۇن ۋە قاتناشقا بولىدىغان نىل دەرياسى ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ يەر شەكلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە ئافرىقىنىڭ نامراتلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىنىڭ ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ سەۋەبىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا دۆلەتلىرى ئافرىقىدىن چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا، ھەر قايسى رايوننىڭ يەر شەكلى، قەبىلىلىرى، ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلار ۋە تەۋە بولغان مەدەنىيەتلەرنى نەزەرگە ئالماستىن، خەرىتىگە قاراپلا سىزغانلىقى ۋە بۇ خىل سۇنئىي ۋە ساختا چېگرالارنىڭ نۇرغۇنلىغان قانلىق توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان (64 - بەت). تىم مارشال ئوخشاش ھادىسىنىڭ ئافرىقىدىن بۆرۈن ئوتتۇرا شەرقتىمۇ يۈز بەرگەنلىكى ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ مىللەت، مەزھەپ ۋە تەبىئىي جۇغراپىيە قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئالماي، بۇ يەردىمۇ ساختا چېگرالار پەيدا قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ساختا چېگرالارنىڭ كۈنىمىزدە بۇ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان توقۇنۇشلارنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

ياۋروپانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىمۇ يەر شەكلى ۋە دەريالار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. دەريالارنىڭ كۆپ بولۇشى، نۇرغۇنلىغان پورتلارنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، قولاي دېڭىز قاتنىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان، شۇنداقلا تاغ ۋە تۈزلەڭلىك قاتارلىق مۇرەككەپ يەر شەكىللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ كىچىككىنە قىتئەدە نۇرغۇنلىغان دۆلەتنىڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان (50 - بەت). بەزى رايونلاردا يەر شەكلى ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلغان بولسا، بەزىدە قىرغىن قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولغان. پولشا ياۋروپانىڭ ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىكىگە، شۇنداقلا گېرمانىيە ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەم رۇسلار، ھەم گېرمانلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. چۈنكى پولشالىقلارنى بۇ ھۇجۇملاردىن ساقلاپ قالغۇدەك تەبىئىي يەر شەكلى يوق ئىدى.

ئاپتور كىتابىنىڭ ئاخىرىدا كېلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن دۇنيانىڭ ھازىرقى ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى، لېكىن مۇھىم بولغىنى، ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا شەكىللەنگەن، باشقىلاردىن خەۋپسىرەيدىغان ۋە ئۇلارنى دۈشمەن دەپ قارايدىغان ئىدېئولوگىيە مەنبەلىك جۇغراپىيەنىڭ مەھكۇملىقىدىن قۇتۇلمىسا، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ يەنىلا يېڭى توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## Endnotes


1 Cemalettin Şahin and Rauf Belge, 'İBN HALDUN DA COĞRAFİ DETERMİNİZM', *Akademik Bakış Uluslararası Hakemli Sosyal Bilimler Dergisi*, no. 57 (2016): 439–67.

2 James Warren, 'Jared Diamond, Guns, Germs and Steel: The Fates of Human Societies', *Journal of Military and Strategic Studies* 4, no. 1 (2001).

3 FG Hoffman and Robert Kaplan, 'The Revenge of Geography: What the Map Tells Us about Coming Conflicts and the Battle against Fate', *Naval War College Review* 66, no. 2 (2013): 17.

## ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار:

1 - قۇتادغۇ بىلىك (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)
2 - ئېتىنىك، ئۇلۇس، كىملىك ۋە ئۇلۇسچىلىق (رۇقىيە تۇردۇش)
3 - ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت (ئۈمىت شىمشەك)
4 - شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس جۇغراپىيەسى (دوكتور بىلال نىزام)
5 -شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا - ئىگىلىكى ۋە دېھقانچىلىقى (دوكتور بىلال نىزام)
6 - ئالىيا ئىززەتبېگوۋىچ (خالىت چېل)
7 - پىسخىكىلىق ئۇرۇش: كۆلرەڭ تەشۋىقات (پىروف.دوكتور نەۋزات تارھان)
8 - ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى (دوكتور نەبىجان تۇرسۇن)
9 - تارىخى ئۇنتۇپ كەتكەن ئايال - ئامىنە بۇغرا (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت)
10 - ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى (ئابدۇلجېلىل تۇران)
11 - سەيياھلار ئىزىدىن (زۇلھايات ئۆتكۈر)

ISSN 0275-7923
9 770275 792207